ئابدۇسالام ئابلىز

تارىمدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن - ھۈسەن (2)

# „بىتەلەي قىزنىڭ بەختى"



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
新疆大学出版社

ئابدۇسالام ئابلىز

تارىمدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن - ھۈسەن (2)

# «بىتەلەي قىز» نىڭ بەختى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
新疆大学出版社

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىمىت قادىر**

مەسئۇل كوررېكتورى: **قېيۇم تۇرسۇن**

## تارىمدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن ـ ھۈسەن (2)

# «بىتەلەي قىز» نىڭ بەختى —

ئاپتورى: **ئابدۇسالام ئابلىز**


شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 پوچتا نومۇرى: 830046)

ھەر قايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك لوگىيدا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

فورماتى: 1168×850م م 32 / 1 باسما تاۋىقى: 11.25

2007 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2007 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 3000 — 0001

ISBN 978 — 7 — 5631 — 2098 — 7

باھاسى: 45.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)

# مۇندەرىجە

ئەخمەت مۇھەممەت ھەققىدە ھېكايە ............ 1
تارىخىي ئۇچرىشىش، سەمىمىي جاۋاب ............ 24
گۈزەل ماكاندا نام چىقىرىش ............ 29
قايتماس ئىرادە ............ 36
تۇمشۇقتاغ ئېتىكىدە ............ 39
ئىنتىلىش ............ 57
«ئۇرۇق بالىسى» ............ 67
رىقابەتچىنىڭ كارامىتى ............ 70
ئىيۇلدىكى بەرىكەت ............ 76
قايتا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە ............ 84
پارتىيە يېتىشتۈرگەن «خوجايىن» ............ 89
قېيىرغا سەپەر ............ 95
مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ............ 101
«بىتەلەي قىز» نىڭ بەختى ............ 115
مۇزات ۋادىسىدا شادلىق ............ 124
گۈزەل قەلب، ئىرادىلىك ئىنسان ............ 131
«ياكۆۋرۈكتە يېڭىلىق كۆپ ...» ............ 137
ئاق تۇسكە كىرگەن ئايباغ ............ 141

هايات مۇساپىسىدىن قالغان ئىزلار ........................ 147
باتۇرلۇق بىلەن يېڭى يول ئېچىش .......................... 151
مۇقەددەس تۇيغۇ، شەرەپلىك هايات ........................ 159
ئۈمىد نۇرىدا پارلىغان زېمىن .............................. 164
تاغلىق يۇرتنىڭ يېڭى باهارى .............................. 171
يېڭى دەريا ۋادىسىدا ....................................... 179
مەدەتكار .................................................. 183
بىر ۋاقىتلىق ئىشچىنىڭ شىجائىتى ........................ 193
ئەجىر، شان ـ شەرەپ ...................................... 199
بانكىدىكى ماهىر رولچى .................................... 205
بازار باشلىقىنىڭ بىر كۈنى ................................. 211
ئۇچاستىكىدىكى يېڭى هايات ................................ 216
ئانا زېمىنغا مۇهەببەت ..................................... 223
ئۇمۇ گويا بىر چىدامىلىق توغراق ........................ 239
يىللار قوينىدا تاۋلانغان ئادەم ............................. 243
باغۋەن ئەجرى .............................................. 249
باهاردىكى قايناق مەنزىرە ................................. 258
تەكلىماكان باغرىدا ......................................... 263
ئۈنىڭ ئەجرىگە زېمىن گۇۋاھ ................................ 271
«ياشايدىغان دەۋر ئەمدى كەلدى» ......................... 277
ئېزىتقۇ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ............................... 281

ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنلىرى ........................ 285
كۆسەندىكى مەدەنىيەت قىزغىنلىقى ........................ 290
ھېكمەت ئۆزگەرتكەن تەقدىر ........................ 298
مىرچىغدىكى مەمۇرچىلىقلار ........................ 303
شانلىق مۇساپە، پارلاق نەتىجە ........................ 309
ئەۋلادلارغا ئاشىق قەلب ........................ 316
ياتۇردىكى مەدەنىيەت ئەلچىسى ........................ 320
دولان دىيارىدا مۇقام ناۋاسى ........................ 325
قېيىر خەلقىگە تەلپۈنگەن يۈرەك ........................ 334
سەككىز يۈلتۇزلۇق شۇجى ........................ 341
چۆللۈكتىكى مەنىلىك كۈنلەر ........................ 348
نامرات يۇرتتىن چىققان باي ........................ 351

# ئەخمەت مۇھەممەت ھەققىدە ھېكايە

## تارىمنىڭ ئۈمىدلىك ئوغلى

باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىش ئۈچۈن ياشا.

ـ سېرما

تارىم ئەزەلدىن ئۆز ئوغلانلىرىغا زور ئۈمىد باغلاپ كەلگەنىدى. بىر ئەزىمەت باشتىن ـ ئاخىر بۇ ئۈمىدنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى، بەلكى ئۇ چوڭ شەھەر، ئەۋزەل شارائىت، ئېسىل ئورۇنىدىن ۋاز كېچىپ تارىمغا كەلدى. تارىمنى سۆيدى، تارىمغا رىشتە باغلىدى، ئاخىرى بېرىپ تارىمنىڭ ئۈمىدلىك ئوغلانىغا ئايلاندى.

*　　*　　*

ئەخمەت مۇھەممەت 1989 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن يۇرتى شايارغا قايتىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش خىزمىتى باشلىنىش بىلەن تەڭ، ئۇ بىر پارچە ئىلتىماسنى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇل ناھىيىلىك كادىرلار ئىدارىسىگە كىردى. ئۇنىڭ ئىلتىماسى مۇنداق يېزىلغانىدى:

«مېنى پارتىيە ۋە خەلق ئوقۇتتى، مەن ھازىر تەقسىماتنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا، تەشكىلنىڭ مېنى ناھىيىمىزدىكى ئەڭ چەت، ئەڭ نامرات تارىم يېزىسىغا تەقسىم قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ئۆزۈمدىن بۇيانقى مۇقەددەس ئارزۇيۇم ...»

ئىلتىماسىنى كۆرۈپ چىققان مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لۇ فاجېڭ نېمە دېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە تېخى ئەخمەتنى ئۆزى بىۋاستە يول مېڭىپ، ياخشىراق ئورۇنغا تەقسىم قىلىپ قويماقچى بولۇپ تۇراتتى. چۈنكى ئەخمەتنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت باتۇر ئۇزۇن يىل يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە لۇ فاجېڭ ئۇنىڭ نۇرغۇن غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئەخمەتنىڭ تەقسىمات ئىشىدا بۇ ياخشىلىقلارغا جاۋاب قايتۇرۇش كويىدا باش قاتۇرۇپ يۈرەتتى. ئەمدى نېمە دېگۈلۈك، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى چۈەنرېن، ھاكىم ئەخمەت قاسىملار ئەخمەتنىڭ بۇ روھىغا يۈكسەك باھا بەردى ھەمدە تەقسىمات كۈتۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلدى. ئەخمەتنىڭ تۈرتكىسىدە زور بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېزىلارغا بېرىپ خىزمەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ شۇ يىللىق تەقسىماتى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى. 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئاساسەن ئاساسىي قاتلامغا تەقسىم قىلىندى.

ئەخمەتنىڭ تارىم يېزىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ، 1984 ـ يىلى «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىدى ھەمدە 1987 ـ يىل 1 ـ ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. تەشكىل بۇ ئۈمىدلىك نوتىنى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپكە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلدى. لېكىن، ئەخمەت سىنىپ ھەم فاكۇلتېت مەسئۇللىرىنىڭ مەكتەپتە ئېلىپ قېلىش توغرىسىدىكى ئارزۇ ـ تەكلىپلىرىنى رەت قىلىپ، ئۆز ئارزۇسى بويىچە شايارغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ تارىم يېزىسىغا بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان

ئاتىسى مۇھەممەت باتۇرنىڭ قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى.
ـ ياخشى ئويلاپسەن ئوغلۇم، يېزىدا ئىشلىمەي تۇرۇپ دېھقاندىنىڭ قەدرىگە يەتكىلى، جاپا تارتماي تۇرۇپ راھەتنىڭ پەيزىنى سۈرگىلى بولمايدۇ. بارغىن بالام، بارغىن، ـ دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن، لېكىن ئاپىسى، ئۇكىلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى ئەخمەتنىڭ تارىمغا بېرىشىنى قوللىمىدى. قارشى چىقتى.
ـ بىلىپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى ئوتقا ئىتتىرەمسەن، تارىم دېگەن نە ئۇ، سەن كاللاڭنى ئوبدانراق سىلكىۋەتمىسەڭ ئالجىپ قالغۇدەكسەن، ـ دېيىشتى ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنىڭغا كايىپ.
كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرغان ئەخمەت بۇنداق تەنبىھلەرگە، كايىشلارغا قىلچە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇنىڭ قەلبى تىنىمسىز خىياللار تەپتىدىن ياناتتى. شۇ تاپتا ھېچقانداق كۈچ ئۇنىڭ تارىمغا بېرىشتەك مۇقەددەس ئارزۇسىنى توسۇپ قالالمايتتى. ئاخىرى ئۇ تارىمغا كېلىپ ئىشقا چۈشتى.
تارىم ھەقىقەتەن نامرات يۇرت ئىدى. توپا ئۇچۇپ تۇرىدىغان يېزا يولى، تۇزلۇق، تۇزسىز تائاملار كىشى كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. لېكىن ئەخمەت قىلچە ۋايىسمىدى. بەلكى ئۇ يېزا رەھبەرلىرىدىن تېخىمۇ جاپالىق جايغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ، يېزىدىن ئەڭ يىراق دۆڭقوتان كەنتىگە بېرىپ نۇقتىدا تۇردى. ئۇ دېھقانلار بىلەن مۇڭداشتى، بېيىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە كېڭەشتى. چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. 1990 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۇ يېزىلىق پارتكومنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يەنە شارائىتى ناچار ياتناقباش كەنتىدە نۇقتىدا تۇرۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىدى، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. تەقدىر كىشىنى تۈگەشتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ جاپادىن قورقمايدىغان، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھى تېزلا تەشكىلنىڭ دىققىتىنى تارتتى. 1992 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۇ يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجى-

لىقىغا، 1993 ـ يىل 1 ـ ئايدا يېزا باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەنىدى. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ئۇنىڭ تېخىمۇ كۈچىنىپ ئىشلەش روھىغا غايەت زور ئىلھام بەردى. ئۇ كادىرلار ۋە ئاممىا بىلەن بىرلىكتە تارىمنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئورتاق ئىزدەندى.

ئۈمىد كىشىلىك ھاياتنىڭ سۈت ئانىسى. تارىم ئەزەلدىن چارۋىچىلىقنىلا ئاساس قىلىپ كەلگەن يېزا ئىدى. ئەخمەت تارىمدا يەرنىڭ كۆپ، سۇنىڭ مول بولۇشىدەك ئەۋزەللىككە ئاساسەن، چارۋىچىلىققا بىرلەشتۈرۈپ ئاشلىق ۋە پاختىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ بوز يەر ئېچىپ، قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدا تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئەسلىدىكى 20 مىڭ مودىن 40 مىڭ موغا كېڭەيتتى. ئۇ دېھقانلارنى سېلىنمىنى كۆپەيتىشكە، پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، نىشانىنى بىرلىك كۆلەمدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قاراتتى. تارىمدا سۇ ئىسراپچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بىر مو يەرنىڭ ئوتتۇرىچە سۇ سەرپىياتى 2500 كۇب مېتىردىن، سۇ ھەققى 28 يۈەندىن ئېشىپ كېتەتتى. پەقەت 1992 ـ يىلى بىر يىلدىلا يېزا بويىچە يىغىۋېلىنغان سۇ ھەققى 843 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى زور دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئەخمەت مۇھەممەت بۇ خىل پايدىسىز، پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، «سۇ قانۇنى» نى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنى سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشكە چاقىرىق قىلدى ھەمدە ئىشلەتكەن سۇغا قاراپ ھەق ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن سۇ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى يەڭگىللىدى. 1993 ـ يىلى سۇ ھەققى 510 مىڭ يۈەنگە، 1994 ـ يىلى 376 مىڭ يۈەنگە تۆۋەنلىدى. ئۆتكەن يىلى يازدا تارىم يېزىسىدا ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەم تۇرمۇشىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. ئەخمەت مۇھەممەت بىر تەرەپتىن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەشكىللەپ، يەنە بىر تەرەپتىن تارىمنىڭ سۇ دەرۋازىسى ـ جىگدە ئاراش توسمىسىدا ئۇدا

17 كۈن يېتىپ، كەلكۈن ئېقىننى تىزگىنلەپ، زور زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى. ئەخمەت مۇھەممەت تارىمدا ئۆتكەن قىسقىغىنە بەش يىللىق ھاياتىدا تارىم خەلقى بىلەن تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ كەتتى. بۇ يىل 1 ـ ئايدا ئۇ يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

تارىم يېزىسى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ناھىيە بويىچە «چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار يېزا»، «پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار يېزا»، «پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتىكى ئىلغار يېزا»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار يېزا»، ۋىلايەت ۋە ناھىيە بويىچە «ئىتتىپاق خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا»، ۋىلايەت ۋە ناھىيە بويىچە «ئاياللار خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا» بولدى.

تارىم خەلقى تاكى ئۆتكەن يىلىغا كەلگۈچىلىك يول ۋە توكنىڭ ئازابىنى تارتىپ كەلگەنىدى. شام ۋە كىرسىن چىرىغىغا تايىنىپ تۈننى كۈنگە ئۇلاپ كەلگەن دېھقانلار تېلېۋىزور كۆرۈشكە تولىمۇ تەشنا بولغانىدى. ئۆتكەن يىلى تارىم يېزىسى بارلىق چارە ـ ئاماللارنى قوللىنىپ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تارىمغا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىپ كەلدى. ھازىرغا قەدەر بەش كەنتنىڭ توكى تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۆيلەردە ئېلېكتىر نۇرى چاقنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە توپا ـ چاڭ توزۇپ تۇرىدىغان ئەگرى ـ بۈگرى تارىم تاشيولىغا تاش تۆكۈلۈپ، قاتناش دەسلەپكى قەدەمدە راۋانلاشتى.

* * *

غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئادەمنىڭ خىسلىتىنى تازا بىلگىلى بولىدۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىم ئۆزىنىڭ بۇ ئۈمىدلىك ئوغلانىدىن پەخىرلىنىشكە باشلىدى. تارىم خەلقى، تارىم دەرياسى، تارىم توغراقلىرى ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇدى. پارتىيە تەشكىلى ئۇنىڭ خىزمەتتىكى دادىللىقى، ئەستايىدىللىقى، يول ئېلىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ماختىدى ۋە مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئورنى، ئابرۇيى، شانۇ شەۋكىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ باردى. 1998 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۇ شايار ناھىيىسىنىڭ

مۇئاۋىن ھاكىمى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، 2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولدى.

# كەلپىندىكى كونا ـ يېڭى پاراڭلار

سۇ كېچىپ دەريادىن ئۆتۈشكە بەل باغلىغان ئىكەنسەن، دەريا سۈيىنىڭ ئېقىتىپ كېتىشىدىن قورقما.

ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ ياخشى ھاكىمى بولغان ياكى بولالمىغانلىقىنى خەلققە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەشنى مىزان قىلغان كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئەخمەت مۇھەممەتنىڭ بۇ نامرات ناھىيىگە ھاكىم بولغان قىسقىغىنە سەككىز ئاي ئىچىدىكى خەلققە پايدىلىق ئەمەلىي خىزمەتلىرى ھەققىدە ناھىيىنىڭ پۈتكۈل بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا دېگۈدەك ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان مول مەزمۇنلۇق پاراڭلارنى مۇخبىر تۆۋەندىكى دىئالوگلار بويىچە ھېچقانداق بەدىئىي توقۇلمىسىز ئەينەن ئىپادىلەيدۇ:

ـ يېڭى كەلگەن ھاكىمىمىز ھەقىقەتەن ئاقىل كىشىكەن، ئۇ ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى ئامالىنىڭ بارىچە قوبۇل قىلىپ، دەردىنى ئەستايىدىل تىڭشارمىش.

ـ بۇ ھاكىمنىڭ قېشىغا يىغلاپ كىرگەنلەر كۈلۈپ چىقارمىش، ئۈمىدسىز كىرگەنلەر ئۈمىدكە تولۇپ چىقارمىش.

ـ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر ئەھۋالنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇ ئۆزىنى «ھاكىم» دەپ كىبىر قىلماي، باغلىق كەنتىدە قولىغا كەتمەن ئېلىپ كۆزگى بۇغداي ئۇسسىغا سۇ تۇتۇپتىمىش.

ـ راست بولغان ئىش ئىكەن، مەنمۇ ئاڭلىدىم. باغلىق كەنتىنىڭ سۈيى ياخشى باشقۇرۇلمىغاچقا، بىر سوتكىدا ئاران 70 مو يەر ئۇسسا بولغانىكەن، ھاكىم سۇ تۇتقاندىن كېيىن بىر سوتكىدا 120 مو ئەترا-

پىدا ئۇسا بولۇپتىمىش.

ـ باشقا كەنتتىكىلەرمۇ كۆزگى بۇغداي ئۇسسىدا شۇنداق ئەھۋالدا ئىكەندۇق. ئۇ يەردىمۇ ھاكىم ئۆزى سۇ تۇتقاندىن كېيىن، خۇددى باغلىق كەنتىدىكىدەك ئەھۋالدا تۇپتىن ئۆزگىرىش بوپتىمىش.

ـ يۇرچى يېزىسىنىڭ قۇمئېرىق، تومئېرىق، ئارايماق كەنتلىرىدىمۇ بۇ خىل پەزىلىتى بىلەن دېھقانلارنى تەسىرلەندۇردى.

ـ ناھىيىمىزگە نىسبەتەن سۇنىڭ ياغدەك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھاكىم تولۇق چۈشىنىپتۇ ـ دە؟

ـ سۇنىڭ مۇھىملىقىدىن ناھىيىمىز تارىخىدا سۇ تالىشىپ ئادەم ئۆلگەن ئىشلار بىر نەچچە قېتىم يۈز بەرگەن ئەمەسمۇ؟

ـ تۆۋەن قاشئېرىق كەنتىدە كۆزگى بۇغدايغا ئۆلچەمسىز سىيالىكىدا ئۇرۇق سېلىنىۋاتقانلىقى ھاكىمغا ئاڭلىنىپ، دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، مەسئۇل خادىملارنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، ئۆلچەمسىز سىيالكىدا ئۇرۇق سالغۇچىغا 60 يۈەن جەرىمانە قويدۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ كۆزگى بۇغداي تېرىش ئىشىغا ساۋاق قىپتۇ.

ـ ئاڭلىسام ھاكىمىمىز يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسىمىش، يېزا ئىگىلىكىدە پەن ـ تېخنىكىنى قورال قىلىش دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى دېگەننى داۋاملىق تەكىتلەيدىكەن.

ـ يېتىم ـ يېسىر، ئاجىزلارغا غەمخورلۇق قىلىش روھى كىشىنى تېخىمۇ تەسىرلەندۇرىدۇ. يۇرچى كەنتىدىكى ئۈچ مېيىپ قىزى بار بىر تۇل خوتۇنغا ئۆتكەندە ئۆز يېنىدىن 200 يۈەن بەرگەنىكەن. يېقىندا يەنە ئۆز پۇلىغا بىر خالتا گۈرۈچ، بىر خالتا ئۇن ئېلىپ، ئايالى بىلەن بېرىپ، شۇ تۇل خوتۇندىن ھال سوراپتۇ.

ـ يەنە تېخى ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىكى خادىملارنى سەپەرۋەر قىلىپ، شۇ ئايالنىڭ ئىككى مو بۇغداي ئېكىزىغا يېتەرلىك ئۇرۇق، سۇلياۋ، ئوغۇت ياردەم قىلىپ، قوناق تېرىتىپ بېرىپتۇ. كۆرگۈچىلەر ئۇ قوناق بەك ئوخشىغان دېيىشىدۇ.

ـ ھاكىمنىڭ خانىمىمۇ شۇنداق ئېسىل ئايالمىش. ھاكىمغا ھال ئېيى-

تىپ ئۆيگە كىرگۈچىلەرنى بەك خۇشخۇي قارشى ئالىدىكەن. يېقىندا ئۇ ئايال ئىككى نەپەر يېتىم قىزغا بىر نەچچە قۇر كىيىم ئېلىپ بېرىپتۇ.

ـ ئىللا گەپنى قىلغاندا، ئۇ ھاكىم كەلپىن خەلقىنىڭ پەخرى. بۇ قېتىم ئاۋات ناھىيىسى ھەم يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە 2 ـ تۇەنگە بېرىپ پاختا تېرىپ كىرىم قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان 6194 نەپەر ئوشۇق ئەمگەك كۈچىمۇ ھاكىممىزنىڭ پىلانلىشى بىلەن بولغان ئىش ئىكەن. پاختا تەرگۈچىلەرنىڭ ئادەم بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 671 يۈەنگە يېتىپ، جەمئىي 4 مىليون 155 مىڭ يۈەن پۇل ئەمگەكچىلەرنىڭ يانچۇقىغا كىرىپتۇ. ئەخمەت ھاكىمنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى كەلپىندە سۇ ئامبىرى قۇرۇپ، كەلپىندىكى نامراتلىقنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش ئىكەن.

ـ ئاپتونوم رايون كەلپىندە سۇ ئامبىرى قۇرۇشقا قوشۇلغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەت ھاكىم كەلپىندە نامراتلىقنى تۈگىتىش نىشانىغا يېتىشتىن زور ئۈمىدۋار بوپتۇ!

ـ خۇدا مۇشۇنداق بىر خەلقپەرۋەر ھاكىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن!

saddا، بىغۇبار قەلبلەر تۆرىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ سەممىي پاراڭلار ئادەتتىكى پاراڭلار بولماستىن، بەلكى زامانىمىزغا، زامانىمىز يېتىشتۈرگەن خەلقپەرۋەر، پاك ئەمەلدارلارغا، جۇملىدىن تېخىمۇ ماھىيەتلىك قىلىپ ئېيتقاندا، پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىگە ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىسىدۇر.

2002 ـ يىل دېكابىر، كەلپىن

# «شەپقەتچى» ھاكىمنىڭ شەپقىتى

ئادەم غايە بىلەن ئەمەس، ئەمەلىي ئىش بىلەن ياشايدۇ.

ـ فرانس

2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، دۈشەنبە، چۈشتىن كېيىن سائەت 3 بولغان چاغ. كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۇرچى يېزىسىغا

بارىدىغان ئاسفالت يولدا قارا رەڭلىك پىكاپ نورمال سۈرئەتتە كېتىپ باراتتى. پىكاپتىكى كىشى بۇ ناھىيىگە ھاكىم بولۇپ كەلگەن، ئەمدىلا 35 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بويلۇق كېلىشكەن ئەخمەت مۇھەممەت ئىدى. ئۇ بۈگۈن دېھقانلارنىڭ بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى يول باشلىتىپ، يۈرچى يېزىسىنىڭ دۆڭ مەسچىت مەھەللىسىگە كېلىپ، مەھەللە دوقمۇشىدا ئۆز پاراڭلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇرغان دېھقانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئەخمەت ھاكىم باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ، دېھقانلارغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىر ــ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈ-شۈپ، ئەھۋاللىشىشقا باشلىدى. ئۇ گەپ ئارىسىدا ئۇلاردىن ئائىلە باق-مىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ــ شۇغۇللانمىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورىغىنىدا تەبىئىي گەپدانلىقى بىلەن ناھىيىدە نامى بار بۇ يۇرچىلىقلارنىڭ سۆزلىرى ھاكىمنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

ــ بازار ئېگىلىكى دېگەن سۆز، ــ دەپ گەپ باشلىدى دېھ-قانلاردىن بىرسى، ــ پۇلۇڭ بولسا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى خالىغان چېغىڭدا بازاردىن سېتىۋالالايسەن. ئېھتىياجىڭدىن ئاشقان مەھسۇلات-لىرىڭنى خالىغان چېغىڭدا بازاردا ساتالايسەن، بىڭسىڭ بولسا باي بو-لۇشقا يول كەڭرى، دېگەن سۆزكەن. بىز بۇ سىياسەتنى چۈشەنگەن بىر نەچچە يىلدىن بۇيان باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، زور نەپكە ئېرىشتۇق، ــ دېدى. بۇ دېھقاننىڭ سۆزلىرىنىڭ چىنلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى ئىدى. ھاكىم چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مەسچىتكە ئۇدۇل تۇرغان دەرۋازىنى كۆرسىتىپ:

ــ ئاشۇ ئائىلىنى كۆرۈپ باقايلى، ــ دېدى. دېھقانلار ئارىسىدىن ئابلا قاري ئىسىملىك بىرسى ھاكىم باشلىق كادىرلارنى كۆرسىتىلگەن ھويلىغا باشلاپ ماڭدى. ئەخمەت ھاكىمنىڭ كۆڭلىدە بۇ ئائىلىنىڭ قو-تانلىرىدا بېقىلىۋاتقان كالا ــ قويلارنى كۆرىمەنغۇ، دېگەن ئوي بار ئىدى، ئەپسۇس! ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس ئىدى. غېرىبلىق بىلىنىپ تۇرغان پې-شايۋانلىق ھويلىنىڭ سۇپىسىدا ئىككى قىز ئولتۇراتتى. ئۇلار مېيىپ بو-

لۇپ، ئالدىغا كەلگەن تاماقنى ئۆزى يېيەلەيتتى، باشقا ھاجەتلىرىدىن پەقەت چىقالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ چىرايى ئوماقلىقىدىن كىشىنىڭ مەستـ لىكىنى كەلتۈرەتتى. ئەھۋالنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالغان ئەخمەت ھاكىم ئۆزىنى بۇ ھويلىغا باشلاپ كىرگەن ئابلا قارىيدىن:

ـ بۇ ئائىلىنىڭ باشلىقى كىم؟ ـ دەپ سورىدى. شۇ ئەسنادا ئۆي ئىچىدىن يېشى ئەللىككە يېقىنلىشىپ قالغان بىر ئايال چىقىپ، ھاكىمغا غېپچىنغان ھالدا سالام بەردى.

ـ بۇ قىزلارنىڭ ئاپىسى سىزمۇ؟ ـ دېدى ھاكىم ھېلىقى ئايالدىن.

ـ ھەئە، ئاپىسى مەن بولىمەن.

ـ ئېرىڭىز قېنى؟

ـ 1 ـ ئايدا راك كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

ـ ئېرىڭىز بىلەن يېقىن تۇغقانلاردىنمىدىڭلار؟

ـ ياق! قېنىمىز قايناتسىمۇ قېتىلمايتتى.

ـ ئۇنداقتا بۇ باللار قانداقچە بۇنداق تۇغۇلۇپ قالدى؟

ـ مەندىن بۇرۇنقى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان، بۇ يىل 32 ياشقا كىرگەن بىر ئەما قىزىمۇ بار تېخى، مەندىن تۆت بالا تۇغۇلغان، چوڭى قىز ئىدى، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ قالدى، ئىككىنچىسى ماۋۇ قىزىم، ئىسمى مارىيەم، ـ دېدى مېيىپ قىزنىڭ بىرسىنى كۆرسىتىپ، ـ بۇ يىل 19 ياشقا كىردى (بۇ قىزنىڭ گەۋدىسى ئاران 4 ياشقا كىرگەن بالىچىلىك كېلەتتى). ئۈچىنچىسى ئوغۇل، ھازىر تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتىدۇ. تۆتىنچىسى ماۋۇ قىزىم، ـ دېدى مېيىپ قىزنىڭ ئىككىنچىسىنى كۆرسىتىپ، ـ بۇنىڭ ئىسمى ھاجىرەم، بۇ يىل ئون ئىككىگە كىردى، ئاۋۇ مارىيەم قىزىم تۇغۇلۇشىدا شۇنداق ئىدى، ماۋۇ ھاجىرەم قىزىم ساق، بېجىرىم تۇغۇلغان ھەم ساق ئايىغى چىقىپ 5 ياشقا كىرگەندە ئولتۇرۇپ قالدى.

ـ دوختۇرغا كۆرسەتمىدىڭلارمۇ؟

ـ ئۆتكەن يىل ئېرىم ھايات ۋاقتىدا مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپارغانىدۇق. يانپاشنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، قامىغاندى. دوختۇرلار: بىر يىلدىن كېيىن يەنە ئەپكېلىڭلار، ئىككىنچى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىپ قامىساق سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، دېگەندـ

دى. ھازىر دەل ئاپىرىدىغان ۋاقىت بولغانىدى. بىراق ئىمكانىيىتىم بولمىغاچقا ئاپىرالمىدىم، ــ دېدى قىزلارنىڭ ئاپىسى ئاينىساخان مەيۈسلىكىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ.

يۈقىرىقى بايانلارنى ئاڭلىغان ئەخمەت ھاكىم رەھىمسىز تەقدىرنىڭ بۇ ئائىلىگە يۈكلىگەن ئېغىر قىسمەتلىرىدىن خورسىنىپ، ئاجىزەلەرگە قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ۋە ئۇلارنى گەپكە سالدى. بۇ ئىككى قىزنىڭ ئاستىنقى بەدەن قىسمى ئاجىز بولغان بىلەن ئەقلى نورمال، سۆزلىرى قوماچتەك دانە ـ دانە، يۈز قىسمى شۇنداق ئوماق ـ چىرايلىق ئىدى. شۇ تاپتا ئەخمەت ھاكىمنىڭ ۋۇجۇدىدا چىن ئىنسانلىق تۇيغۇسى غەليان كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئۇ مۇشۇ قىزلارنى نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈشنىڭ ئامالى بولسا بارلىقىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن تەقدىم قىلىشقا تەييار ھالەتتە ئىدى. ئۇ قولىنى مەيدە يانچۇقىغا تىققانىدى. يېپيېڭى 100 يۈەنلىكتىن ئىككىسى چىقتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلىنىڭ بارىمۇ شۇ ئىدى.

ئۇ، 200 يۈەننى ئاينىساخانغا سۇنۇپ:

ــ ھازىرچە بۇ پۇلنى سەرپ قىلىپ، ئامالىڭىزنىڭ بارىچە تەييارلىق قىلىپ، كەم قىسمىغا مېنى ئىزدەڭ. ھاجىرەمنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ داۋالتايلى، ــ دېدى ـ دە، قىزلارغا كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ ھويلىدىن چىقتى.

ئاخشىمى ھاكىمنىڭ ئايالى گۈلبەھرەم ئېرىنىڭ بىر خىل مەيۈسلۈكىنى بايقاپ:

ــ بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى، چىرايىڭىزدىن كۆڭلىڭىزنىڭ بىرەر ئىشتىن غەش بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغۇ ... ؟ ــ دېدى.

ئەخمەت ھاكىم بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېتىپ، ھېلىقى ئاجىزەلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان گۈلبەھرەمنىڭمۇ چىرايىنى بىر خىل مەيۈسلۈك ئىگىلىدى.

ــ شۇ قىزلارنى مەنمۇ بىر كۆرەيچۇ، ــ دېدى ئۇ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئەخمەت ھاكىمغا تىكىپ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن بىر قوينىڭ گۆشى، بىر خالتا گۈرۈچ،

بىر خالتا ئۇن، بەش كىلوگىرام ياغ، قىزلارغا كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، يۇرچى كەنتىگە بېرىپ ئۇلارنى يوقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى ھېيت ـ ئايەم، «8 ـ مارت ئاياللار بايرىمى»، «1 ـ ئىيۇن باللار بايرىمى»، «4 ـ ماي ياشلار بايرىمى» قاتارلىق خاتىرە كۈنلىرى كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن بۇ مېھىر ـ شەپقەت ئىگىلىرى گۆش، ياغ، گۈرۈچ، ئۇن، نەق پۇل قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن ئۇلارنى يوقلاشنى ھەم ئۇلارنىڭ ھېيت ـ بايرىمنى قۇتلۇقلاشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى.

2003 ـ يىلى يازلىق يىغىمنىڭ ئېگىز تېرىلغۇ ۋاقتىدا ئاينىساخان 1 مو 6 پۇڭ بۇغداي ئېگىزىغا كەنجى قوناقنى قانداق تېرىشۋېلىشنى ئويلاپ بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى بىر توپ ئىشچى ـ خىزمەتچى يېتەرلىك ئوغۇت، ئۇرۇق، سۇلياۋ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قونىقىنى تېرىپ بەردى. شۇ يىلى ئاينىساخان بۇ يەردىن بىر تونىدىن ئارتۇق قوناق ئالدى. مېيىپ قىز ھاجىرەمەمۇ ئەخمەت ھاكىمنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئىككىنچى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىندى. شۇ چاغدا ئەخمەت ھاكىم ئۇنىڭغا ئۆز يېنىدىن 1500 يۈەن يوللۇق تۇتقاندى. ئاينىساخانغا قىلىنغان ياردەملەرنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن مۇخبىر بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرنى زىيارەت قىلدى. ئۇ بۇ ھەقتە سورالغان سوئالغا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ ئاينىساخانغا خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئەخمەت ھاكىمنىڭ دەۋىتى بىلەن 9200 يۈەن سەرپ قىلىپ، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ بەردۇق. ئېرى ھايات ۋاقتىدا يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن ئالغان 2000 يۈەن قەرزىنى بىز تۆلىدۇق. ئۇنىڭ ئۆسۈمىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىر تەرەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا گۆش، ياغ، گۈرۈچ، ئۇن، خىمىيىۋى ئوغۇت، رەخت، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەخمەت ھاكىمنىڭ ئۆزى بەرگەن، ـ ئۇ يەنە: ـ سىز مېنى ئىزدىمىگەن تەقدىردىمۇ مەن سىزنى ئىزدەپ، ئەخمەت ھاكىمنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى ھەققىدە بىر ماقالە يېزىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلماقچى ئىدىم. ئەڭ

ياخشىسى ئاينىساخاننىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگە-لىسىڭىز، يازغىنىڭىز شۇنچە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ، ــ دېدى.

مەن ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئاينىساخاننىڭ ئۆيىگە بارغىچە ھاكىم-نىڭ خانىمى گۈلبەھرەمدىنلا ئەھۋال ئىگىلىمەيمۇ، دەپ ئۇنى زىيارەت قىلدىم. گۈلبەھرەم سەمىمىيلىكى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى ئەكس ئېتىپ تۇرغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

ــ بۇ ماختاپ گېزىتكە يازغۇدەك ئىش ئەمەس، بىز قىلىشقا تې-گىشلىك ئىشقۇ؟ مېنىڭچە بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرمەڭ، ــ دەپ سۆزلەپ بېرىشنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. مەن نائىلاج ئاينىساخاندىن ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن يۇرچى يېزىسىغا باردىم. ئاينىساخاننىڭ ئېيتىشىچە، ھاكىم ئۆزى ھەم خانىمى بىلەن ئۇلارنى 2002 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 2005 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە 30 قېتىمدىن ئارتۇق يوقلاپتۇ. بۇ جەريانىدا 3000 يۈەن نەق پۇل، ئالتە خالتا (150 كىلوگرام) گۈرۈچ، ئۇن خالتا (250 كىلوگرام) ئۇن، 20 كىلوگرامدىن ئارتۇق ياغ، 75 كىلوگرامدىن ئارتۇق قوي گۆشى، 300 يۈەن قىممىتىدە رەخت، كىيىم ـ كېچەك، 180 يۈەن قىممىتىدە خىمىيۋى ئوغۇت قاتارلىق نەرسىلەر بولۇپ 5810 يۈەن قىممىتىدىكى بۇيۇملارنى ياردەم قىلىپتۇ. ئاينىساخان يۇقىرىقىلارنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

ــ ئەل ـ جامائەتنىڭ مېنى «شەپقەتچى» گە يولۇققان ئايال، دەپ تەرىپلىشى بىكار ئېيتىلغان ئەمەس، مەن ھەقىقەتەن «شەپقەت-چى» گە يولۇقتۇم، ــ دېدى ئۇ مەڭزىدىن سىرقىغان يېشىنى بارماق-لىرى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، ــ ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى ئېرىمنى داۋالىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋەتكەن ئىكەنمىز. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن قانداق تىرىكچىلىك قىلىش ھەققىدە تولا باش قا-تۇرۇپ ساراڭ بولاي، دەپ قالغانىدىم. كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئۇخلىسام ئاجايىپ ـ غارايىپ چۈش كۆرەتتىم. ئۈمىد-سىزلىك ئىچىدە تولىمۇ روھسىز ئىدىم. خىزىر سۈپەت ئەخمەت ھا-كىمغا يولۇققاندىن كېيىن مەندە ئۈمىد پەيدا بولدى. بەخت ـ ئامەت ماڭا كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بېشىمدىكى غەم ـ

قايغۇ كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلۈم يورۇپ، باشقىلار كۈلگەندە كۈلىدىغان بولدۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەت ھاكىمدەك خەلقپەرۋەر كادىرنى يېتىشتۈرگەن پارتىينى مەدھىيىلەپ، قوشاق توقۇغۇم بار. سىزگە بىر تەلپىم بار ئىدى، ئېيتسام توغرا كۆرەرسىزمۇ؟ ــ دېدى ئۇ ماڭا ئىنتىجالىق نەزىرى بىلەن قاراپ.

ــ ئېيتىۋېرىڭ، قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا بەجا كەلتۈرۈپ بېرىمەن، ــ دېدىم قەتئىيلىك بىلەن.

ــ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، خۇ جىنتاۋ شۇجىغا مېنىڭ نامىمدىن مىننەتدارلىق خېتى يېزىپ بېرەرسىزمۇ؟ مەزمۇنى: پارتىيىمىزنىڭ ئەخمەت ھاكىمدەك خەلقپەرۋەر، ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە كادىرنى يېتىشتۈرگەنلىكىگە رەھمىتىمنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولسۇن، ــ دېدى ئۇ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مەن يېزىپ بېرىشكە ۋەدە بەردىم.

2005 ـ يىل ئاۋغۇست، كەلپىن

## لەۋھەگە پۈتۈلگەن قەلب

سالام سىزگە ھاكىم ئەخمەتجان،
نەچچە تۈمەن، پاك دىل يۈرەكتىن.
سالام سىزگە ئاق كۆڭۈل دېھقان
بوۋاي، موماي، غۇنچە پورەكتىن.

سالام سىزگە گەزلىك، يۇرچىدىن،
پايانى كەڭ ئاچال، چىلاندىن.
سالام سىزگە تاغۇ يايلاقلار،
تېرەك ئاۋات، سايرام، ساغاندىن.

كەلپىنلىكنىڭ قەلبىدىن سىزگە،
ئۇرغۇپ تۇرار ياخشى تىلەكلەر.
ئۈنۈپ چىقسۇن باسقان ھەر قەدەم،
ئىزىڭىزدىن رەيھان چېچەكلەر.

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، توقسۇ ناھىيە بازىرىدىكى «ئاق ئالتۇنباغ» رېستورانى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان، شادلىق مۇزىكىسى كۆككە يەتكەنىدى. ئەزەلدىن بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر بۈگۈن بىر شىرە ئەتراپىغا يىغىلىپ، خۇددى كونا قەدىناسلاردەك بىر ـ بىرىگە ئىجىل بولۇشۇپ، قىزغىن مۇڭدىشىپ كېتىكەنىدى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى، سۆزى بىرلا كىشىگە مۇجەسسەملەنگەنىدى. بۈگۈن بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقىنى ئادەتتىكى توي ئەمەس، دوستلار يىغىلىشى ئەمەس ياكى زىياپەتمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ 360 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كەلپىن ناھىيىسىدىن كەلگەن دېھقانلارنىڭ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئەخمەت مۇھەممەتكە تەييارلىغان ئاددىي داستىخىنى ئىدى. بۇ قېتىم ئابلەت ئەيسا باشچىلىقىدىكى ئالتە نەپەر دېھقان بىر تۇياق قوي، 60 چىپتە (كەلپىننىڭ يەرلىك نېپىز نېنى) ۋە بىر دانە ئوتقاشتەك لەۋھەنى ئېلىپ، ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ھاكىم بولغان، ھازىر توقسۇ ناھىيىسىدە ئىشلەۋاتقان ئەخمەت مۇھەممەتتىن ئالاھىدە ھال سوراپ كەلكەلگەنىدى. رېستوران باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. بۈگۈن كەلپىنلىك دېھقانلار تەييارلىغان بۇ چايغا توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى، بىر قىسىم ئىدارە ـ ئورۇن، يېزا ـ بازارنىڭ مەسئۇللىرى، پېنسىيىگە چىققان قىسمەن پېشقەدەم كادىرلار قاتناشقانىدى. ھەممەيلەن ئەخمەت ھاكىمنىڭ تەرىپىنى قىلىشاتتى، ئۇنىڭغا قارايتتى. بىر پەستىن كېيىن كەلپىنلىك دېھقانلار «دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنىڭ تەدبىرلىك يېتەكچىسى، ئاجىز، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ غەمگۈزارى، خەلقپەرۋەر ھاكىم ئەخمەتجانغا تەقدىم» دېگەن خەت ھەم كەلپىن خەلقىنىڭ كۆڭلى ئىزھار قىلىنغان يۇقىرىقى

ئۈچ كۇپلېت شېئىر يېزىلغان لەۋھەنى تەقدىم قىلدى. سورۇن ئەھلى ھەيران قالدى، قەلبىلەر لەرزىگە كەلدى. كىشىلەر ئەخمەت مۇھەممەتنىڭ كەلپىن ناھىيىسىگە ئۈچ يېرىم يىلچە ھاكىم بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى، بۇ مەزگىلدە بۇ نامرات ناھىيىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانلىقىنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالدى ھەم ئۇنىڭ زېھنىنى سەرپ قىلىپ، جاپالىق ئىشلەپ، زور نەتىجە قازانغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. سورۇندا ئەخمەت مۇھەممەتنىڭ كەلپىنگە قىلىپ بەرگەن خىزمەتلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەخمەت رەخمەت قىزغىن كەيپىياتتا سۆز قىلىپ، ئەخمەت مۇھەممەتنىڭ كەلپىن خەلقىگە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ھەم توقسۇ ناھىيىسىگە كەلگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىدىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى ھەر جەھەتتىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سورۇندا ناخشا ــ مۇزىكا ساداسى ياڭرىدى، لەرزان ئۇسسۇل سورۇن ئەھلىنى رام قىلدى.

*                  *                  *

خەلق بولمىسا ھاكىممۇ بولمايدۇ، شۇڭا ھاكىم خەلقنى ئويلايدۇ ۋە ئويلىشى كېرەك. ھازىر ھوقۇق تۇتقۇچىلاردىن ئۆزىنى «خەلقپەرۋەر» دەپ ئاتىمايدىغانلار يوق بولسا كېرەك. كىمنىڭ خەلقپەرۋەر ئىكەنلىكىنى ئاخىرىدا خەلق باھالايدۇ. ھەقىقىي خەلقپەرۋەر رەھبەر خەلققە يەتكۈزگەن پايدىسى بىلەن قەدىرلىنىدۇ. لېكىن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان، خەلققە قىلچىلىك پايدىسى تەگمەيدىغان ھوقۇق تۇتقۇچىلار ھامان غۇلاپ چۈشىدۇ. ھارام نەپكە خۇمارى كۈچلۈك ئاز ساندىكى خۇشامەتچى، تەخسكەشلەر خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. ھەر قانداق ئەمەلدارنىڭ خەلقنىڭ

قەلبىدە مەخپىي ئارخىپى بولىدۇ. بۇ ئارخىپنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى شۇ ئەمەلدار ھوقۇقىدىن ئايرىلغاندا ياكى باشقا جايغا يۆتكەلگەندە روشەن ئاشكارىلىنىدۇ. ھەقىقىي خەلقپەرۋەر ئەمەلدار ھوقۇقىدىن ئايرىلغان ياكى باشقا جايغا يۆتكەلگەن، ھەتتا ۋاپات بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى نۇرلۇق ئوبرازى قىلچىمۇ تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ قەدىرلىك، تېخىمۇ ھۆرمەتلىك بولىدۇ. كەلپىن ناھىيىسىدىن ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن دېھقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ ئەخمەت مۇھەممەتكە لەۋھە تەقدىم قىلىشى يۇقىرىدىكى قاراشنى ھەقىقىي ئىسپاتلىدى. خەلققە نەپ بەرمەيدىغان، ساختا خەلقپەرۋەر ئەمەلدار ھوقۇقىدىن ئايرىلغاندىچۇ؟ ئېنىقكى خەلق بۇ ھالەتتىن خۇشال بولىدۇ. ئۇنداقلار يولدا ئۇچراپ قالسا، ھاجەتخانىدىن تارقىغان بەتبۇيدىن سەسكەنگەندەك سەسكىنىدۇ. شۇڭا ئەمەلدارنىڭ دوستىنى ئۇ مەنسەپتىن ئايرىلغاندا ئاندىن بىلگىلى بولىدۇ. ئەخمەت مۇھەممەت كەلپىن ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ ئىشلەپ تۇرغان مەزگىلدە، مۇنداق بىر ئىش بولغان. تۆۋەندە بايان قىلىنغان بۇ ئىش ئۇنىڭ راستتىنلا بىر خەلقپەرۋەر ھاكىم ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولالايدۇ.

*          *          *

2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۇرچى يېزا تومئېرىق كەنت 8 ـ مەھەللىسىدىكى 78 ياشلىق مەخسۇت مامۇت بوۋاي ھويلىسىدىن كوچىغا چىقىپ، ئۆيىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى نامراتلار ئۈچۈن سېلىنغان يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيلەرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ بۇ يەردە 4 ـ 5 پىكاپ ۋە 8 ـ 10 ئادەم تۇرغانلىقىنى كۆردى. مەخسۇت بوۋاي قىزىقىش ئىچىدە سۈرۈشتۈردى. بۈگۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى ئۆمەرجان مىرزائەخمەت كەلپىن ناھىيىسىگە نامراتلار ئۈچۈن

سىڭلىنىغان يەر تەۋرەشكە چىدامللىق ئۆيلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈ-
چۈن كەلگەنىدى. ناھىيە مەسئۇللىرى ئۆمەرجان ۋالىينى مۇشۇ يەرگە
باشلاپ كەلگەنىدى. مەخسۇت بوۋاينىڭ ئۈزۈندىن بۇيان يۇقىرىدىن
رەھبەر كەلسە ئېيتىشنى ئويلاپ يۈرگەن بىر پىكرى بار ئىدى. دەل
شۇ پىكرنى بىرىشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان
مەخسۇت بوۋاي تەخىرسىز ھالدا پىكاپلار تۇرغان جايغا بېرىپ، ئۇنىڭ
ئەتراپىدا تۇرغان ئەمەلدارلار توپىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۇيغۇر مويسى-
پىتلىرىغا خاس ئەدەپ، ھېچكىمدىن تارتىنماي، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى
ئاشكارا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كەلپىن دېھقانلىرىغا خاس
خاراكتېرى بىلەن:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ۋالىي جانابلىرى كىم بولىدۇ؟ — دېدى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە تاغا، ۋالىي مەن بولىمەن، —
دېدى توپ ئىچىدىكى ئوتتۇرا ياش، كېلىشكەن، تەمكىن كىشى مەخ-
سۇت بوۋايغا قول سۇنۇپ. بۇ ۋالىي ئۆمەرجان مىرزائەخمەت ئىدى.
مەخسۇت بوۋاي ۋالىينىڭ قولىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا:
— ۋالىي جانابلىرى، ئۆزلىرىگە بىر پىكرىم بار ئىدى، — دېدى.
— قېنى سۆزلىسىلە، قۇلىقىم سىلىدە، — دېدى ئۆمەرجان ۋالىي
كەمتەرلىك بىلەن.
— مۇشۇ ناھىيىمىز كەلپىنگە بىر ھاكىم يىگىت ئەۋەتكەن ئى-
كەنسىلەر، — دەپ سۆز باشلىدى مەخسۇت بوۋاي، — ئۇنىڭ قىلغان
ئىشلىرىدىن ھېس قىلىشىمچە، ئۇ دېھقانىنىڭ ئوغلى ئوخشايدۇ، راست
گەپنى قىلسام، ئۇ يىگىت راستتىنلا دېھقانىنىڭ غېمىنى يەيدىكەن، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە، دېھقانچىلىقنىڭ ئېپىنى بىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ كەل-
گەندىن بۇيان قورسىقىمىز ئاشقا تويدى، يېرىمىزنىڭ باغرى سۇغا
قاندى، يانچۇقىمىز پۇل كۆردى. ئاڭلىسام ئۇ بىزگە ياخشى ئىشلەپ
بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆستۈرۈپ ئەكەتكۈدەكمىشسىلەر، ئۇنداق قىلماي
ئەمدى قازىنىقىمىز ئاشلىققا توشقىچە شۇ ھاكىم يىگىتنى بىزدە قو-
يۇڭلارچۇ؟ — دېدى. مەخسۇت بوۋاينىڭ سەممىي گەپلىرىدىن تە-

سىرلەنگەن ئۆمەرجان مىرزائەخمەت :
— سىلى شۇ ھاكىم يىگىتنى تونۇملا ؟ — دېدى.
— مەن ئۇ يىگىتنىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىدىم، لېكىن ئۆزى بىلەن كۆرۈشكۈچى بولمىدىم تېخى، — دېدى مەخسۇت بوۋاي.
— مانا مۇشۇ، سىلى تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان ھاكىم يىگىت بولىدۇ، — دېدى ئۆمەرجان مىرزائەخمەت يېنىدا تۇرغان ئاقىا مايلىراق، ۋىجىكرەك كەلگەن، 35 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان يىگىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. بۇ تاسادىپىيلىقتىن مەخسۇت بوۋاي ھەيران قالدى. ئۇ ۋالىينىڭ قولىدىن قولىنى بوشىتىپ، ئەخمەت ھاكىمنىڭ قولىنى تۇتتى.
— بالام، سېنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئاناڭغا رەھمەت، پارتىيىمىز بىزدەك نامرات دېھقانلار ئۈچۈن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ھاكىم ئىكەنسەن. سېنى تەربىيىلىگەن پارتىيىمىزگىمۇ مىڭ رەھمەت. بىز نامراتلىقتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلغىچە بىزگە ھاكىم بولۇپ بەرگىنىچۇ ؟ كەتمىگىن بولامدۇ ؟ — دەپ ئىلتىجا قىلدى. ئەخمەت ھاكىم بىر قولى بىلەن مەخسۇت بوۋاينىڭ قولىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن بوۋاينىڭ مۈرىسىگە يېنىككىنە ئۇرۇپ تۇرۇپ :
— خاتىرجەم بولسىلا تاغا، كەلپىن ناھىيىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈچە كەلپىن خەلقىگە ئىشلەپ بېرىش مەقسىتىم بار. بىز چوقۇم بىرلىكتە ئىشلەپ، يېقىن كەلگۈسىدە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن يېڭى كەلپىن قۇرۇپ چىقىمىز، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەخسۇت بوۋاينىڭ يول ـ يول قورۇق باسقان چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى. مەخسۇت بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنىڭلا گېپى بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن كەلپىن دېھقانلىرىنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى.

*　*　*

كەلپىن نامرات يۇرت. تارىختىن بۇيان بۇ ناھىيە ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەي كەلگەن. نامرات ناھىيە، دەپ ئاتىلىشقا سۈيىنىڭ

ئازلىقى ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ ئاجىز ھالقىنى ئەخ-مەت مۇھەممەت بىۋاستە ھېس قىلدى. ئۆزى ئېچىق بېشىدا تۇرۇپ، 1 مو يەرنى ئوسا قىلىشقا قانچىلىك سۇ، قانچىلىك ۋاقىت، 1 مو زىرا-ئەتكە قانچىلىك سۇ، قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى. ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە سۇدىن پايدىلىنىدىغان، مەسئۇل-يەتسىزلىك بىلەن سۇنى ئىسراپ قىلىدىغان ناتوغرا ئادەتلەرنى چەك-لەيدىغان مۇنتىزىم تۈزۈم ئورناتتى. بۇنىڭ بىلەن تېرىلغۇ كۆلىمى ئىل-گىرىكىدىن خېلىلا كۆپەيتىلگەن ھالەتتىمۇ سۇدىكى جىددىيچىلىك پەسىيىپ، زىرائەتنىڭ سۇغىرىلىش قېتىم سانى ئىلگىرىكىدىن خېلى ئاشتى. شۇ سەۋەبتىن بۇغداي باشاقلىرىنىڭ چاناقلىرى دانىغا لىق تولدى، مول ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس سېلىندى. ئۇ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى چىڭ تۇتتى. سورتلۇق ئۇرۇق كىرگۈزۈشتىن تارتىپ، ئۇنى قانداق دورىلاش، سىيالكىنىڭ تەڭشىكى، يەرنى قانچى-لىك چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇش، مايسا پەرۋىشى، زىرائەتنى قايسى ۋاقىت-تا قانداق ئوغۇتلاش، زىيانلىق ھاشاراتلاردىن قانداق مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق تېخنىكىلىق ئىشلارغىچە ئۆزى قول تىقتى، ئۈلگە كۆرسەتتى. ئىلگىرى قانچە يۈز جىڭ ئاشلىق ئالغىنىنى بىر ـ بىرىدىن سورىشى-دىغان كەلپىن دېھقانلىرى ئەخمەت مۇھەممەت ھاكىم بولغان مەزگىل-دە، قانچە تونىنا ئاشلىق ئالغانلىقىنى ئۆز ئارا سورىشىدىغان بولدى. خېلى كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ بىر نەچچە يىللىق زاپاس ئاشلىقى ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ ئىسكىلاتلىرىنى ئىگىلىدى. كۆپ ساندىكى كەلپىن دېھقانلىرى قورساق غېمىدىن خالاس بولدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كەل-پىن ناھىيىسىنىڭ ئاشلىقتا دۆلەتكە تايىنىش، يۇقىرىغا قول سوزۇش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. ئاشلىق ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەخمەت مۇھەممەت دانلىق زىرائەت كۆلىمىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، پاخ-تا كۆلىمىنى كۆپەيتىش، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈ-رۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كىرىم مەنبەسى-نى كۆپەيتتى، ئىلمىي تەدبىر ئۈنۈم بەردى، دېھقانلارنىڭ قولى پۇل

كۆردى.

كەلپىن خەلقى ئەزەلدىنلا مائارىپنى قىزغىن سۆيەتتى، مائارىپ-نى قەدىرلەيتتى. ئۇنى روناق تېپىشتىكى چىقىش يولى، دەپ قارايتتى ھەم مائارىپنىڭ مۇھىم ئورنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ كەلگەنىدى. بۇ تاللاش ئاخىرى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلدى. كەلپىن خەلقىنىڭ مائارىپ قارىشىدا ئارىسالدىلىق، تەۋرىنىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مەجبۇرىيەت مائارىپىدا بىر ئىزىدا توختاپ قېلىش ھالىتى شەكىللەنگەندە، ئەخمەت مۇھەممەت بۇ ھالەتنى سە-گەكلىك بىلەن بايقىدى. ئۇ ياخشى دېھقان بولۇش ئۈچۈنمۇ ئوقۇش، پەن ـ بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دائىم تەكىتلىدى، ئۆزى ئو-قۇغۇچىلار قاتارىدا ئولتۇرۇپ دەرس تىڭشىدى، مۇنبەرگە چىقىپ دەرس سۆزلىدى. ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن دېھقانلارنىڭ مائارىپ قا-رىشىدىكى چېكىنىشنى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بى-لەن مائارىپىمۇ بىر خىل جانلىنىش بارلىققا كەلدى.

ئۇ ئاجىز، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ غەمگۇزارى، پاسبانى، دىلكە-شى، تۇغقىنى بولدى، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئۇنداقلارغا غەمخور-لۇق قىلىش ئۈچۈن ئۈچ يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۆز يېنىدىن ئاجراتقان نەق پۇل، ئۇن، ياغ، گۈرۈچ، گۆش، رەخت، كىيىم ـ كې-چەك قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ قىممىتى 7000 يۈەندىن ئاشىدۇ. ئۇ توق-سۇ ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئائىلىسىنى كۆچۈ-رۈش ئۈچۈن كەلپىنگە كەلدى. ئۇ يۇرتىدىكى ئۆزىنىڭ دائىم-لىق يۆلەش ئوبيېكتى مەريەم بىلەن ھاجىرەم ئاچا ـ سىڭىل مېيىپ قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارغا ئۆز يېنىدىن 500 يۈەن بەردى ھەم ئۇلار بىلەن قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى.

ئۇ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى دائىملىق ھەرىكىتىگە قىبلىنەما قىلىپ، خەلقپەرۋەرلىك خىسلىتى بىلەن خەلقنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئوبراز تىكلىدى. كەلپىن خەلقى بۇ ھاكىمدىن تولىمۇ پەخىرلىنەتتى، ئۇنىڭ كەلپىندە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىشىنى ھەم تەش-

كىلىنىڭ ئۇنى يۆتكەپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتى. 2004 ـ يىلى 5 ـ ئاي مەزگىلىدە، خەلق ئارىسىدا ئەخمەت ھاكىمنى يۆتكەپ كەتكۈدەك، دېگەن مىش ـ مىش پاراڭ تارقالغاندا، گەزلىك يېزىسىنىڭ گەزلىك كەنتىدىكى جامائەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان يۇرت ئاقساقىلى ئابلىكىم توختى ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، ئەخمەت ھاكىمنى يۆتكەيدىكەن دېگەن گەپنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى مۇناسىۋەتلىك خادىملاردىن سۈرۈشتۈردى. ئۇ ئەخمەت ھاكىمنى تەشكىلنىڭ يۆتكەيدىغانلىقى راست بولسا، بىر نەچچە ئاپتوبۇسلۇق دېھقانىنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكومغا ئۇنى يۆتكىمەسلىك ھەققىدە تەلەپ قويۇشقا بېرىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئەخمەت ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ھازىرچە تەشكىلنىڭ ئۇنى يۆتكەيدىغان پىلانىنىڭ يوقلۇقىنى ھەم ئۇنىڭمۇ يۆتكىلىش ئويىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، بۇ ئەھۋالنى ئابلىكىمگە يەتكۈزۈپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. ئابلىكىممۇ ئەخمەت ھاكىم بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ، بۇ ھەقتە سۆزلەشتى. ئەپسۇس دېھقانلار ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. 2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەخمەت مۇھەممەتنى توقسۇ ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ يۆتكەپتۇ، دېگەن خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە بۇ يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى. سەزگۈر دېھقانلار بۇ خەۋەردىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى، بەزىلەر جىمىپ كەتتى، يەنە بەزىلەر ۋىلايەتكە بېرىپ ھاكىمىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلايلى، دېيىشتى. مەسىلىگە ئىلمىي قارايدىغان يەنە بەزىلەر دېھقانلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە تەسەللى بەردى. ئۇلارنىڭ تەشكىلنىڭ كادىر يۆتكەش ئىشىغا ئىجابىي مۇئامىلە قىلىشىنى، تەلەپ قويۇشقا ۋىلايەتكە بارماسلىقنى ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزدى.

ھەر نېمە دېگەنبىلەن كادىر دېگەن دۆلەتنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئۇنى ئېھتىياجلىق جايغا يۆتكەش ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟... دەرۋەقە سۈپەتسىز، ساختا مەھسۇلاتلار ئىستېمالچىلارنى بىزار قىلىدۇ، سۈپەتلىك، ئۆلچەملىك مەھسۇلاتلار ھامان ئەتىۋار بولىدۇ. ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، دائىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان،

خەلقنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان چىرىك ئەمەلدارلار خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ، ئەمما ئەخمەت مۇھەممەتتەك خەلقپەرۋەر ئەمەلدار ھەممە يەرگە ئېھتىياجلىقتە!...

گەرچە ئەخمەت مۇھەممەت خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كەلپىن ناھىيىسىدىن توقسۇ ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كەلپىن خەلقىنىڭ قەلبىدە تىكلىگەن ئوبرازى ئۆزىنىڭ يارقىنلىقىنى يوقاتمىدى. كەلپىن دېھقانلىرى ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى، بېرىلىپ خىزمەت قىلىش ئۇستىلىنى سېغىندى. شۇڭا ئابلەت ئەيسا باشچىلىقىدىكى دېھقانلار ئوتقاشتەك لەۋھەنى كۆتۈرۈپ، ئالايىتەن توقسۇغا كەلدى. بۇ لەۋھەگە كەلپىن دېھقانلىرىنىڭ سەمىمىي ھېسسىياتى، ئوتلۇق قەلبى، قايناق مۇھەببىتى مۇجەسسەملەنگەنىدى.

كەلپىنلىكنىڭ قەلبىدىن سىزگە،
ئۇرغۇپ تۇرار ياخشى تىلەكلەر.
ئۇنۇپ چىقسۇن باسقان ھەر قەدەم،
ئىزىڭىزدىن رەيھان چېچەكلەر.

2006 ـ يىل ئىيۇن، ئاقسۇ

# تارىخىي ئۇچرىشىش، سەممىي جاۋاب

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ، خەلق ئۈچۈن سۆزلەيدۇ، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى، تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى ئىپادىلەيدۇ. يېقىندا ئاقسۇدىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يەتتە نەپەر ۋەكىلى ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى ئابلا ئاپپاقنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇلارغا ئاقسۇنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشى، ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك سەككىز تۈرلۈك مۇھىم مەسىلىنى ئىنكاس قىلدى. رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى، مۇئاۋىن رەئىس كۆرەش مەخسۇت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالاقىدار نازارەت ـ ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ـ پىكىرلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى ۋە نەق مەيداندا جاۋاب قايتۇردى. ئۈچ سائەتكە يېقىن داۋام قىلغان ئۇچرىشىشتا ئاقسۇدىن بارغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ـ پىكىرلەر ياخشى جاۋابقا ئېرىشتى ۋە بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتى. «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورۇنلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمىتىدىكى بۇ يېڭىلىقنى بەس ـ بەستە خەۋەر قىلدى. كىشىلەر بۇ ھەقىقەتەن بىر قېتىملىق تارىخىي ئۇچرىشىش بوپتۇ. ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشى

ۋە شۇنچە كۆپ مەسىلىنى ھەل قىلالىشى كىچىك ئىش ئەمەس، دې-
يىشتى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىمىزدە ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدىن 52 سى بار. بۇلار بۇ يىل 3 ـ قېتىملىق يىغىنغا 180 تەكلىپ ـ پىكىر سۇنغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆ-كۈمىتى بۇ تەكلىپ ـ پىكىرلەرگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 120 تۈرلۈك تەكلىپ ـ پىكىرگە جاۋاب قايتۇر-غان. بىراق، يەنە بەزى مۇھىم تەكلىپ ـ پىكىرلەرنىڭ بىجىرىلىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان. بۇ قېتىم ئابلا ئاپپاق باشچىلىقىدىكى يەتتە نەپەر ۋەكىل چوڭتاش سۇ ئامبىرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇ-شىنى مۇمكىنقەدەر تېز ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش، شورلۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش، ئۇچتۇرپاندىكى سېرىقئارال كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، خام نېفىت، تەبىئىي گازدىن ئېلىنىدىغان باج نىسبىتىنى تەڭشەپ بېرىش، تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىدىكى مىليون مولۇق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ بېرىش، ئاقسۇ ئاي-روپورتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئاقسۇ پويىز ئىستانسىسىنىڭ يۈك تو-شۇش جەھەتتىكى جىددىيلىكىنى پەسەيتىش ۋە پويىز ئىستانسىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قاتارلىق سەككىز مەسىلە توغرىسىدا تەكلىپ ـ پىكىر ئېلىپ باردى.

ئىسمائىل تىلىۋالدى ئالدى بىلەن سۇ ئىشلىرى نازارىتى، مالىيە نازارىتى، تۆمۈر يول ئىدارىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىگە جاۋاب بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى، ئارقىدىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ، سۇ خەلق ئىگىلى-كىنىڭ جان تومۇرى. شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشمۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشمۇ سۇغا باغلىق، ھۆكۈمەت چوقۇم ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلكۈن-دىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇچىلىق مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىدۇ. ۋەكىللەر خاتىرجەم بولۇڭلار، دېدى.

ئابلا ئاپپاق ئوتتۇرىغا قويغان چوڭتاش سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى

توغرىسىدىكى تەكلىپ ـ پىكىرگە قارىتا سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نا-زىرى ۋاڭ شىجياڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: بىز چوڭ-تاش سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى «تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك پىلانى» غا كىرگۈزدۇق. بىز بۇنى ئامال بار تېز ھەل قىلىمىز. نازىر ۋاڭ شىجياڭ يەنە ئۈچتۇرپاندىكى سېرىقئارال كەل-كۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى تەك-لىپكە قارىتا ھەل قىلىش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى. مالىيە نازارىتى ۋە يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى خام نېفىت، تەبىئىي گازدىن ئېلىنىدىغان باج نورمىسىنى ئاشۇرۇشقا دۆلەتنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى، ھازىر بۇنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھىسى ۋە چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقانلىقى، بۇ مەسىلىنى چوقۇم ھەل قىلىدىغانلى-قى توغرىسىدا ئېنىق ئىپادە بىلدۈردى.

«ئاقسۇ ئايروپورتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، تۆمۈريول يۈك ترانسپورتىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش مەسىلىسىگە ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار جىددىي مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلە چوقۇم ھەل قىلىنىدۇ.» تۆمۈريول ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردىن كەلگەن مەسئۇل كىشىلەر جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى.

قانائەتلىنەرلىك جاۋابلار ۋەكىللەرنى خۇش قىلدى. ۋەكىللەر ئەستايىدىل خاتىرە يازدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەلق ۋەكىلى بولالىغان-لىقىدىن چەكسىز ئىپتىخارلاندى. بۇ جاۋابلارنى ئۇلار تېزراق ئاقسۇ خەلقىگە يەتكۈزۈشكە، كەڭ ئاممىغا سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىراپ كېتىش-تى.

رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋەكىللەرنىڭ سۆزلىرى، مەسئۇل كىشىلەرنىڭ جاۋابلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 12 ـ قەۋەتتىكى يىغىن زالى قىزغىن كەيپىياتقا تولدى. ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن بۇ ۋەكىللەر-نىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى ئۇچرىشىشتىن مەن ۋەكىللەرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قوللايدىغانلىقىنى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن سى-

لەرگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن. سىلەر يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئەمەلىيەتتە ساقلىنىۋاتقان ھەم قىممىتى بار مەسىلىلەر توغرىسىدا تەكلىپ ـ پىكىر بەردىڭلار. بۇ پەقەت ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. سىلەرنىڭ پىكىرىڭلار ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى ۋە ھەل قىلىشىغا ئېرىشتى. تەكلىپ ـ پىكىرلەر خەلقنىڭ ئارزۇسى ھەم ئەقىل ـ پاراستىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشىنىڭ مۇھىم ئاساسى. بۇنىڭدىن كېيىن تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېجىرگەندە، ھەر قايسى نازارەت ـ ئىدارىلەر يەنىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ۋەكىللەرنى خاتىرجەم، خەلقنى رازى قىلىشى لازىم.

ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇنداق دېدى: سىلەر ئاساسىي قاتلامدىن كەلدىڭلار، سىلەر خەلقنىڭ ۋەكىللىرى، خەلققە ۋەكىللىك قىلىسىلەر. بىز سىلەر ئارقىلىق جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلقنىڭ رايىنى چۈشىنەلەيمىز. خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرالايمىز. مەن سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قارىتا يەنىمۇ كۆپ قىممەتلىك پىكىر بېرىشىڭلارنى، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەلچەم ئىسلام ئۇچرىشىشقا قاتناشتى. ئۇ بۈگۈنكى ئۇچرىشىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: بىز بۇنىڭدىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنى رەھبەرلەر بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىمىز.

مۇدىر ئابلا ئاپپاق باشلاپ بارغان ۋەكىللەردىن شايار ناھىيىلىك

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى توختى بەكرى، ئۇچ-تۇرپان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇرسۇن ئىسلام، توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتې-تىنىڭ مۇدىرى ئەخمەت رەخمەت، ئونسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلا تاۋار، باي ناھىيىلىك خەلق قۇ-رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەمەت يۈسۈپ، ئۇچتۇرپان نا-ھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بۇرھانلار بار. ئاپ-تونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلار، ۋەكىللەر خىزمەت كومىتې-تىنىڭ مۇدىرى لىيۇيانىڭ، كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات، سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ شىجياڭ ۋە مالىيە نازارىتى، ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى، ئىسلاھات ـ تەرەققىيات كومىتېتى، ئاۋئىئاتسىيە، تۆ-مۈر يول ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، شتات كو-مىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۇچرىشىشقا قاتناشتى.

ئابلا ئاپپاق بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: بىز ھەر يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇ-رۇلتىيىغا 100 گە يېقىن تەكلىپ ـ پىكىر ئېلىپ بارىمىز. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى مۇھىم تەكلىپ ـ پىكىرلەرنىڭ بېجىرى-لىشى ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى. بىز «ۋەكىللەر نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە خەلق ۋەكىللىرىنى تۈرلۈك ئۇچرىشىشلارغا يەنىمۇ ياخشى تەشكىللەپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىمىز. ھۆكۈ-مەت خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈش رولىمىزنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىمىز.

2005 ـ يىل ئىيۇل، ئاقسۇ

# گۈرۈچ ماكاندا نام چىقىرىش

يېڭى ئەسىرنىڭ تىنۋىشى يېقىنلاشقاندا، «گۈرۈچ ماكانى» دەپ نام ئالغان ئۇنسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان توخۇلا يېزىسىدا تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ھاياتلىق، ئىجاتلىق نۇرىنى چېچىۋاتقان، كۆزنى چاقنىتىدىغان گۈزەل مەنزىرىسى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىللىق قۇچىقى بىلەن تەرىپلەشكە، مەدھىيىلەشكە، قەدىرلەشكە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئورۇن بار. ئۇ بولسىمۇ توخۇلا يېزىلىق شىپاخانا.

توخۇلا يېزىسىدىكى نەچچە يۈزلىگەن ئادەم بۇ شىپاخانىدا يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بۇ يېزىنىڭ خىلۋەت كەنتىدىكى دېھقان تۇرسۇن يول قۇرۇلۇشىغا ئىشلەۋاتقاندا تراكتور ئۆرۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمى تراكتوردىكى قايناق سۇدا كۆيۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ دوختۇرلار ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇراتتى. تۇرسۇننىڭ يارىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرگەن رەيھانگۈل قاتارلىق دوختۇر ـ سېسترالار خالتىنى قايتىدىن كىيىپ، تۇرسۇننى تېزدىن بالىنىستقا ئېلىپ جىددىي داۋالاش ئېلىپ باردى. زۆرۈر تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللاندى. تۇرسۇننىڭ قولى قىسقا بولغاچقا، ئۇ دەرھال پۇل تاپشۇرالمىغانىدى. دوختۇرلار بۇ ئىش بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، بىمارنىڭ ھاياتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. دوختۇرلارنىڭ ئەتراپلىق، سىجىل داۋالىشى نەتىجىسىدە بىر يېرىم ئايدىن كېيىن 2 ـ دەرىجىلىك كۆيۈك يارىسى بولغان تۇرسۇننىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە

كەلدى. بىراق ئۇ داۋالىنىش پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلىيەلمەيدۇ، شىپا-
خانا باشلىقى مەخمۇت مۇسا بۇ ئىشنى ئۇقۇپ 3000 يۈەندىن ئارتۇق
داۋالىنىش ھەققىنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ.
1997 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى 7 ـ كەنتتىكى ئون نەچچە
دېھقان تراكتورغا ئولتۇرۇپ يېزىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. توساتتىن ۋەقە
يۈز بېرىپ ئېغىر يارىلانغان بەش دېھقان شىپاخانىغا ئېلىپ كېلىندى.
بۇلارمۇ بىر ـ بىرىدىن نامرات بولغاچقا، ساقايغاندىن كېيىن پۇلىنىڭ
ھەممىسىنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەيدۇ. شىپاخانا بۇلارنىڭمۇ 1000 يۈەن
داۋالىنىش خىراجىتىنى كۆتۈرۈۋەتتى...
ئاغرىققا گىرىپتار بولغان ئادەم ئەلۋەتتە تېزراق ساقىيىشنى ئارزۇ
قىلىدۇ. خەلق ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلالايدىغان، دەردىگە
شىپا بولالايدىغان دوختۇرخانىغا دائىم موھتاج بولىدۇ. توخۇلا يېزى-
سىدا 10 كەنت، 9000 دىن ئارتۇق نوپۇس بار. 1990 ـ يىلىدىن ئىل-
گىرى بۇ يېزىدىكى دېھقانلار ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، داۋالىنىش شارائىتى
ياخشى بىر دوختۇرخانىغا، تېخنىكىسى يۇقىرى، مۇئامىلىسى قىزغىن،
كۆيۈمچان دوختۇر ـ سېستىرالارغا بەكمۇ تەشنا بولۇپ كەلگەندى.
يېزىلىق شىپاخانا 1961 ـ يىلى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۈسكۈنىلىرى ئاد-
دىي، داۋالاش تېخنىكىسى تۆۋەن، شارائىتى ناچار بولغاچقا، ئادەتتىكى
كېسەللەرنىمۇ داۋالاپ ساقايتالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىپاخانىنىڭ قا-
ئىدە ـ تۈزۈملىرى بوش، چېچىلاڭغۇ ئىدى. شىپاخانىدا نامراتلىق،
غېرىبلىق كۆلەڭگىسى لەيلەپ يۈرەتتى.
1990 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ شىپاخانا بىردىنلا جانلىنىپ، كىشى-
لەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى 1991 ـ يىلى
شىپاخانا بىر قاۋۇل، تەجرىبىلىك، پاراسەتلىك بىر باشلامچىنى كۈ-
تۈۋالدى. ئۇ بولسىمۇ قىرغىز مىللىتىدىن بولغان مەخمۇت مۇسا ئىدى.
بىزدە «تەدبىردىن تەقدىر چىقىدۇ» دېگەن گەپ بار. بىر ئورۇنىنىڭ
خىزمىتىنىڭ قانداق بولۇشى رەھبەرلىككە باغلىق. مەخمۇت مۇسا شى-
پاخانا باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇ-

يان، شىپاخانىنىڭ قىياپىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ياسىدى. تۆۋەندە بىز مەخمۇت مۇسا شىپاخانا باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىنكى يۈز بەرگەن يېڭىلىقلارغا نەزەر سالايلى:

1. مەخمۇت مۇسا ئالدى بىلەن يۇقىرى ـ تۆۋەننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى رەھبەرلىرىگە شىپاخانىنىڭ خىزمەتلىرىنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىپاخانىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. ناھىيە، يېزىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىشى، شىپاخانىنىڭمۇ بىر ئاز چىقىرىشى نەتىجىسىدە جەمئىي 235 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1995 ـ يىلى ئارقا ـ ئارقىدىن 498 كۋادرات مېترلىق كۆلەمگە ئىگە بالنىست، ئامبۇلاتورىيە ئۆيى سالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن تۆت ئېغىزلىق ياتاق، 10 كارىۋاتلىق بالنىست بارلىققا كەلدى. مەخمۇت مۇسا يەنە ھەر تەرەپتىن ئىزدىنىپ، جىددىي، خەتەرلىك كېسەللەرنى قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا، سايمانلارنى تولۇقلىدى. رېنتگېن ئاپپاراتى، B تىپلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، توك بىلەن داۋالاش ئەسۋابى، لابوراتورىيىلىك داۋالاش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلغار، زامانىۋى سايمانلارنى كىرگۈزۈپ، داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

2. قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تەرتىپكە سېلىپ، باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ياخشىلىدى. تېببىي خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ نەپ ئالىدىغان، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز نەپ ئالىدىغان، شىپاخانىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان 42 تۈرلۈك تەدبىرنى تۈزۈپ يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن تېببىي خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، خىزمەت قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئۇرغۇپ، ھەر كىم ئۆز ئىشىنى ئوبدان قىلىدىغان، ئۆز كەسپىنى، ئىش ئورنىنى قەدىرلەيدىغان، ئىستىلدا دۇرۇس بولغان جانلىق، ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئىستىلدا بۇرۇلۇش بولدى. ئۇ يەنە شىپاخانىدا مەمۇرىيەت باشقۇرۇش ھەيئىتى، ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئاياللار تەشكىلاتى، ئامانلىق قوغداش

ھەيئىتى، دورا باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، كەسپلەردىكى ناتوغرا ئىس-تىللارنى تۈزەش گۇرۇپپىسى، داۋالاش ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش گۇرۇپپىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، شىپاخانا خىز-مىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۆچەيتىپ، يېڭى خىزمەت مۇھىتى بەرپا قىلدى. خىزمەتلەرنى باشقۇرۇش، يېتەكچىلىك، ھەيدەكچىلىك، نازارەت قى-لىشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. نەتىجىدە ھەر تەرەپنىڭ ئاكتىپچانلىقى تولۇق قوزغىتىلىپ، شىپاخانىنىڭ جەمئىيەتتىكى، خەلق ئاممىسى ئارى-سىدىكى ئورنى، ئىناۋىتى، ئوبرازى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

3. شىپاخانىنىڭ داۋالاش سەۋىيىسى، داۋالاش تېخنىكىسى ئۆستى. مەخمۇت مۇسا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەشكە بىرلەشتۈ-رۈپ، ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىسى، ئىقتىدارى ئارقىلىق، كېسەل كۆ-رۈش، داۋالاش خىزمىتىگە قاتناشتى. قىيىن، مۇرەككەپ، خەتەرلىك كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىشقا ئۆزى بىۋاستە قول تىقتى. ئۇ 1966 ـ يى-لى قەشقەر تېببىي مەكتەپنىڭ داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كې-يىن، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ بوز-دۆڭ، تاغلاق، تۇمشۇق، ئىشلەمچى يېزىلىرىدا دوختۇرلۇق قىلغان. تەشكىل نەگە ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ كېسەل داۋالاپ، ئۆزىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقى ۋە قىرانلىق دەۋرىنى بىمارلارغا يې-ڭى ھايات ئاتا قىلىش ئىشىغا بېغىشلاپ، تەشكىل ۋە خەلقنىڭ ئىشەن-چىسى، ھۆرمىتى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ھەمدە 1995 ـ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەنىدى. بىر قېتىم توخۇلا يېزىسىنىڭ چارۋىچىلىق كادىرى ×× ھاراقتىن زەھەر-لىنىپ، ماگالماس، قوپالماس، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى تۇتالماس بو-لۇپ قالغانىدى. ئۇ شىپاخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن بەزى دوخ-تۇرلار بۇنى يۇقىرىغا يۆتكەش كېرەك، دېيىشتى. لېكىن مەخمۇت مۇ-سا ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىز داۋالايمىز، دېدى ـ دە، بۇ كېسەلنى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ داۋالىدى. بىر يېرىم ئايدىن كېيىن بىمار ساقايدى. ئۇ مەخمۇت مۇساغا بولغان تەشەككۇرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بىرقوي

ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ كەلدى. مەخمۇت مۇسا تېرىككەن ھالدا:

ـ بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ، سىزنى ساقايتىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، بۇ قوينى سىز ماڭا ۋاكالىتەن ئۆزىڭىز يەۋېتىڭ. چۈنكى سىز ھازىر ياخشى ئوزۇقلىنىشقا موھتاج، ـ دېدى. نەتىجىدە بۇ كىشى خىجىللىقتىن قوينى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

شىپاخانىدا ئىختىساسلىق خادىملار ئاز ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بىر قىسىم خادىملارنى شىپاخانىغا ئېلىپ كەلدى. ئەخمەتجان ئاۋۇت شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتىنىڭ مالىيە بوغالتىرلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، ئىشلەمچى يېزىسىدا ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1997 ـ يىل 7 ـ ئايدا بۇ شىپاخانىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، شىپاخانا باشلىقىنىڭ قابىل ياردەمچىسى، مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالدى. مالىيە مەمۇرىيىتىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ھازىر شىپاخانىدا تۆت مىللەتتىن بولغان جەمئىي 21 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى (تۆتى ۋاقىتلىق) بار بولۇپ، كەسپىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار بىر تۈركۈم تايانچ كۈچلەر بارلىققا كەلدى. نۆۋەتتە يەنە بىر قىسىملار كەسپىي مەكتەپلەردە داۋاملىق تەربىيىلەنمەكتە.

4. شىپاخانىنىڭ مۇھىتى يېڭى تۈسكە كىردى. مەخمۇت مۇسا داۋالاش شارائىتى، داۋالاش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندىن كېيىن، شىپاخانىدىكى خادىملارنى سەپەرۋەر قىلىپ كۆچەت تىكىپ، گۈل ـ گىياھ ئۆستۈردى، مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېتىشتۈردى. بۇ يىل شىپاخانىنىڭ ئالدى تەرىپىگە رېشاتكا بېكىتتى، تىجارەت ئۆيلىرىنى سالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن چوڭ تاشيول بويىدىكى بۇ ئورۇن كىشىلەر ھەۋەس بىلەن كۆزىتىدىغان گۈزەل، چىرايلىق، جىلۋىدار ماكانغا ئايلاندى.

بىز شىپاخانىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا مۇنۇلاردىن خەۋەر

تاپتۇق: ھازىر شىپاخانىدا ئامبۇلاتورىيە، بالنىست، ئارقا سەپ تەمىنات گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئۈچ گۇرۇپپا بار ئىكەن. شىپاخانا باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شىپاخانىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپتۇ. 1995 ـ يىلى ئامبۇلاتورىيىدە كۆرۈنگەن كېسەللەر سانى 7879 ئادەم (قېتىم) بولغان بولسا، 1998 ـ يىلى 11 مىڭ 865 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپتۇ. ئىلگىرى بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىدىغان بىرمۇ كېسەل يوق ئىكەن. چۈنكى كېسەللەر ناھىيىگە بېرىپ ياتىدىكەن. 1998 ـ يىلى بالنىستتا ياتقان كېسەللەرنىڭ سانى 119 كىشىگە يېتىپتۇ. شىپاخانا بويىچە دىئاگنوزنىڭ توغرىلىق نىسبىتى 95% كە يېتىپ، يۇقىرىغا كېسەل يۆتكەش نىسبىتى 20% ئەتراپىدا تىزگىنلىنىپتۇ. رېتسېپلارنى خەنزۇچە يېزىش ئىشقا ئېشىپ، لاياقەتلىك نىسبىتى 100% كە، بالنىستتا ياتقان كېسەللەرنىڭ ساقىيىش نىسبىتى 68.1% كە، كارىۋاتنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 36% كە يېتىپتۇ. ئومۇمىي كىرىم يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30% لىك سۈرئەتتە ئېشىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپتۇ.

توخۇلا يېزىسىدا 1995 ـ يىلىدىن بۇيان، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ شىپاخانا خىراجەت باشقۇرۇشتا ئاشكارا بولۇپ، ھەمكارلىشىپ داۋالاش خىراجىتىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئېلان چىقىرىپ خەلققە ئاشكارىلىدى. 1998 ـ يىلى يېزا بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانلار 7700 كىشىدىن ئاشتى. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش خىراجىتى 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەرسىمۇ خىراجەتنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن نارازى بولۇپ باقمىدى. ھازىر 8 كەنتتە تېببىي پونكىت قۇرۇلدى. كەنت دوختۇرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 19 غا يەتتى. ھەر بىر كەنتتە كەسپىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىردىن ئىككىگىچە تېببىي خادىم، زۆرۈر دورا ـ سايمانلار بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شىپاخانا قارمىقىدا يەنە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتى قاتارلىقلار بار. مەخمۇت مۇسا زېھنىي

كۈچىنى توخۇلا يېزىسىنىڭ سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش، داۋالاش، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا كۈچلۈك ھەيدەكچىلىك قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. شۇڭا شىپاخانا 1994 ـ يىلىدىن بۇيان، يېزا تەرىپىدىن ئىزچىل تۈردە «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. 1998 ـ يىلى ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىدە ناھىيە بويىچە «ئىلغار ئورۇن»، «ھەمكارلىشىپ داۋالاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەندى. ئاياللار خىزمىتى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى، جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتىدە يېزا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

بۇ يىل 53 ياشقا كىرگەن مەخمۇت مۇسا كۆپ قېتىم يېزا تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى، ئۇنىڭ نامى كىشىلەر ئارىسىغا تارالدى، ئەل ئۇنى ئۆز تۇغقىنىدەك كۆرىدىغان بولۇشتى. ۋىلايەت، ناھىيىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر كۆپ قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ شىپاخانىنىڭ نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. شىپاخانا گۈرۈچ ماكانىدا ئاخىرى نام چىقاردى.

1999 ـ يىل ئىيۇل، ئۈنسۇ

# قايتماس ئىرادە

ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەھكىمە مالىيە باشقارمىسىنىڭ يىللىق ئاتچوت خىزمىتى جىددىي ئىشلىنىۋاتاتتى. قويۇق سان - سىپىرلار بىلەن تولۇپ كەتكەن دۆۋە - دۆۋە ماتېرىياللار، ئۈزۈلمەي بېرىلىۋاتقان تېلېفونلار ھەممە ئادەمنى جىددىيچىلىك كەيپىياتىغا سېلىۋەتكەنىدى. مالىيە باشقارمىسىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاتچوت خىزمىتى بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇ چاغدا يېشى 60 قا يېقىنلاشقان بىر يولداش قاتتىق سوغۇققا قارىماي ئاجىزلاپ كەتكەن تېنىنى تەستە سۆرەپ مالىيە باشقارمىسىنىڭ كارخانا كەسپىي مالىيە بۆلۈمىگە كىرىپ كېلىدۇ. جىددىي خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان يولداشلار ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىدۇ ھەم ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. باشقارما رەھبەرلىكىمۇ بۇ يولداشنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال ئىشخانىغا كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا: «يولداش لاۋ جېن، قاراڭ سىزنى، تېخى ئەمدىلا بالنىستتىن چىققان تۇرسىڭىز، ئوبدان ئارام ئالماي ئىشخانىغا كەلگىنىڭىز نېمىسى؟» دېگەندە، ئۇ «يىللىق ئاتچوت خىزمىتى باشلىنىپ كەتكەن تۇرسا، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم دەم ئالالايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ جۈملە سۆز ناھايىتى بوش، تىترەك ئاۋاز بىلەن دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشخانا ئىچىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. يولداشلار مالىيە - ئىقتىساد سېپىدە 38 يىل تەر تۆكۈپ، نۇرغۇن ئەمەلىي نەتىجە ياراتقان بۇ پېشقەدەم يولداشنىڭ بىر نەچچە ئېغىز سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ.

بۇ كىشى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى كارخانا كەسپىي

مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش جېن يىڭشى ئىدى.

1984 ـ يىلىدىن ئىلگىرى كارخانا كەسپىي مالىيە بۆلۈمىدە ئاران بەش نەپەر ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۈچ نەپىرى يېڭىدىن خىزمەتكە قاتناشقان بولغاچقا، ۋىلايەت بويىچە 200 دىن ئارتۇق كارخانىنىڭ كۆرسەتكۈچلىرىنى ھېسابلاش خىزمىتى ئاساسەن جېن يىڭشىغا يۈكلىنىپ قالىدۇ. ئۇ پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر بىر كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ھالىتى، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ چىقىشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرىدۇ. سان ـ سىپىرلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ قېتىملىق پايدىنى باجغا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىدە زور نەتىجە يارىتىدۇ. ئۆتكەن يىلى ئۇ باشقارما رەھبەرلىكىگە كارخانىلاردا «نىشانلىق پايدا باشقۇرۇش ۋە نىشانلىق تەننەرخ باشقۇرۇش چارىسى» نى يولغا قويۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ. بۇ تەكلىپ رەھبەرلىك تەرىپىدىن مۇۋاپىق دەپ قارىلىپ، يولغا قويۇلۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يەرلىك مالىيىگە 300 مىڭ يۈەن ساپ پايدا كىرىم بولىدۇ.

لاۋ جېن ھېسابنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، پۇختا يادلىۋالىدۇ. سورالغان مەسىلىلەرگە تېز، ئېنىق ھەم توغرا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى، كەسپىي مالىيە ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سانلارنىمۇ يادقا دەپ بېرەلەيدۇ. بۇ يىلنىڭ بېشىدا ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ كەسپىي مالىيىسىنى چۈشۈرۈپ بېرىش مەسلىسى مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقاندا، مەزكۇر كارخانىنىڭ ئۆتكەن يىللىق زىيان سوممىسى ھەققىدە سۆز ئېچىلىدۇ. شىركەتنىڭ مەسئۇلى شىركەتنىڭ يىللىق زىيان سوممىسى «724 مىڭ يۈەن» دەپ مەلۇم قىلىدۇ. لاۋ جېن بۇ سانىنى ئاڭلاپلا: «بۇ خاتا، سىلەرنىڭ تارتقان زىيىنىڭلار 817 مىڭ يۈەن» دەيدۇ. شىركەتتىكى يولداشلار بۇ سانلارنى قايتا ھېسابلاپ تەكشۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق،

راستتىنلا 817 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يولداشلار لاۋ جېنىنى «تىرىك ھېساب»، «ھېسابلاش ئىلاھى» دەپ ئاتىشىدۇ.

يولداش لاۋ جېن مالىيە باشقارمىسىدىكى ياش يولداشلارنى كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلەپ، بىر قانچىسىنى ھازىر تايانچلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. كارخانا كەسپىي بوغالتىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇ كۆپ قېتىم ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئۇلارغا ئۆزى دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنى كارخانىلارنىڭ كەسپىي مالىيىسىنى باشقۇرۇشتىكى ئاساسىي كۈچكە ئايلاندۇرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتتە ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ـ ئىچىدىغان، سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خىيانەت قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆپىيىپ كەتتى. بەزىلەر جېنىغا: «سىز مالىيە خىزمىتىنى ئىشلىگىلى ئۇزۇن يىل بولدى، ئەمدى سىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش يەپ ـ ئىچىڭ، نېمىدىن غەم قىلاتتىڭىز!» دېگەندە، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن: «پارتىيە، ھۆكۈمەت مېنى مۇشۇ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، مەن ھەر قانداق ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىمگە چوغ تارتماسلىقىم لازىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا بولۇپ، تۆۋەنگە چۈشكەندە ئادەتتىكى ياتاقلاردا ياتىدۇ، تاماقتا ئۆلچەم بويىچە پۇل تۆلەيدۇ.

يولداش لاۋ جېن 38 يىللىق خىزمەت ھاياتىنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ئۆز خىزمىتىدە ئاجايىپ زور نەتىجىلەرنى ياراتتى. باشقارما ۋە ۋىلايەت بويىچە كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ سايلاندى. بۇ يىل ئۇ «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ سايلىنىپ، شەرەپ بىلەن مەملىكەتلىك مالىيە ـ باج سىستېمىسى بويىچە چاقىرىلغان «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى» يىغىنىغا قاتناشتى.

1987 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئاقسۇ

# تومشۇقتاغ ئېتىكىدە

## 1

ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ تومشۇقتاغ ئېتىكىگە جايلاشقان ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىدە بۇ يىل ئەتىياز كىرىشى بىلەن تەڭ، يېڭى، جانلىق بىر ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ھاۋا ئىسسىغان بىر كۈنى مەن ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ باشلىقى ئەسقەر ھۈسەين بىلەن بىرلىكتە بۇ يېزىنىڭ بىر قىسىم كەنتلىرىنى زىيارەت قىلدىم. يول بويىدىكى يېڭى مەنزىرىدىن كىشىنىڭ قەلبى سۆيۈنەتتى.

— بۇ يىلقى ئىشلىرىمىز باشقىچە كېتىۋاتىدۇ. ھازىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە پەرۋىش خىزمىتى تازا ئەۋجىگە چىقتى. باقمىچىلىق، بورداقچىلىق، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىگە يۈرۈش قىلىش دېھقانلىرىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولۇپ قالدى. مانا ماۋۇ سوۋۇتقۇ كەنتىنىڭ بۇ يىل بەرپا قىلىۋاتقان ياڭاقچىلىق بازىسى، — دېدى ئەسقەر ھۈسەين ماشىنىدىن چۈشكەچ، بىر پارچە يوغان ئېتىزلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ يەرنىڭ كۆلىمى 170 مو كېلىدۇ. بۇنىڭغا بۇغداي، قوناق كىرىشتۈرۈپ تېرىلغاندىن سىرت، قىر ئۈستىگە ياڭاق كۆچىتى تىكتۇق. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن يەنە 80 مو يەرگە ياڭاق، 200 مو يەرگە ئۆرۈك كۆچىتى تىكمەكچىمىز.

— كەنتىمىزگە 200 مو پىلان بېرىلگەنىدى، ئەمەلىيەتتە 470 مو ئورۇنداپ بولدۇق، — دېدى كەنت باشلىقى تۇرسۇن سىدىق بىزگە ئەھۋال

تونۇشتۇرۇپ. ئەسقەر ھۈسىيىن كەنت باشلىقىنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:
ــ بۇ بىر يېڭى تېخنىكا، تونىنىلىق ئېتىزنىڭ بۇ خىل ئەۋزەل-لىكى دېھقانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ يىل يېزا بويىچە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن 1600 مو بۇغداي، قوناق ئېتىزىغا باغ بەرپا قىلماقچىمىز، ــ دېدى.
ــ بۇ بولىدىغان ئىشكەن، ئەسلى بۇ يەرنى ياۋا ئورمانلار قاپلاپ كەتكەنىدى. يېزا رەھبەرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھازىر بۇ يەرلەر ئۈنۈملۈك ئېتىزغا ئايلاندى. ھازىر كەنتىمىزدە بورداقچىلىق ئائىلىسىدىن 10 ى، باقمىچىلىق ئائىلىسىدىن 11 ى يېتىشىپ چىقتى. كەنت بويىچە ئومۇمىي چارۋا 5600 تۇياقتىن ئاشتى، ــ دېدى كەنت باشلىقى.
ــ ماۋۇ يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئۈزۈم باراڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 520 مېتىر كېلىدۇ. نۆۋەتتە كەنتىمىزدىكى دېھقانلار باغۋەنچىلىككە يۈزلىنىش قىلىۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلى كۆز ۋە بۇ يىل ئەتىيازدا بىز جەمئىي 3060 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 4 تاناپ ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلدۇق. ئېتىز-ئېرىق قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇغداي، قوناق، مايلىق دان، نوقۇت، كانىماش قاتارلىق زىرائەتلەر ئوبدان ئۈنۈشىدى، ــ كەنت باشلىقى بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئېغىز ئاچتى،
ــ بىز قوناقنى يوپۇق يېپىپ تېرىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئۆتكەن يىلى 110 مو قاقاس يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، شۇ يىلىلا قىزىلچا تېرىغانىدۇق، مو بېشى مەھسۇلاتى 2200 كىلوگىرامغا يەتتى. بىز ھەر بىر مەھەللىدە بىر خىل كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش كۆرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ھەر خىل ئامىللار بىلەن بۇلتۇر كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمنى 1112 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يېزا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئوتتۇق. بۇ يىل 1225 يۈەنگە يەتكۈزمەكچىمىز. بۇلتۇر كەنت كوللېكتىپى يەردىن 35 مىڭ يۈەن، باغ، ئورماندىن 16 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدۇق. دېھقانلارنى مەبلەغ جەھەتتىن يۆلىدۇق. 31 نامرات ئائىلىدىن 10 ى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

كەنتنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تەكشى ئېلىنغان پايانسىز ئېتىزنىڭ يەنە بىر چېتىگە كۆز

يەتمەيتتى. ئېرىقتىكى زۇمرەتتەك سۇ شىلدىرلاپ ئاقاتتى، يول ياقىسى-دىكى كۆكىرىشكە باشلىغان دەرەخ شاخلىرى باھار شامىلىدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇراتتى.

ئەسقەر ھۈسيىن بىر تەرەپتىن خىزمەت ئورۇنلاشتۇرغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن دوكلات ئاڭلىدى. كەنت باشلىقى پات ـ پات باش لىڭ-شىتىپ تۇردى. ئۇ:

ــ ھازىر مۇشۇ خىل سۇ بۆلگۈچ قۇرۇلمىدىن 17 نى ياساپ بولدۇق، ــ دېدى بىر كىچىك زاكوننىڭ يېنىغا كېلىپ.

ئىگىلىنىشچە، بۇ كەنتتە 3487 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ھەر بىر نوپۇسقا 1 مو 8 پۇڭدىن توغرا كېلىدىكەن. بۇلتۇر كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 590 كىلوگىرامغا يەتكەن. ئائىلىلەردە باغ، كۆكتات يېرى، ئۈزۈم بارىڭى، چارۋا، توخۇ ـ كەپتەر بولۇش ئاساسىي جەھەت-تىن ئىشقا ئېشىپتۇ.

بىز ئېتىز ياقىلاپ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن ئاقتوقاي كەنتىنىڭ چېگرىسىغا كىردۇق، يول ياقىسىدىكى شادا پەنجىرىلىك ئۈزۈن ئورمان بەلۋېغى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى.

ــ ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ ھەممىسى تېرەك، سۆگەت قاتارلىق ئور-مان بىلەن قاپلانغانىدى. بىز بۇنى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلىدۇق. بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2500 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەرگە ئەلا سورتلۇق ياڭاق كۆچە-تى تىكىمىز، ــ كەنت باشلىقى تۇرسۇن قۇربان بىزگە يول باشلىغاچ سۆزلىمەكتە ئىدى، 1999 ـ يىلىدىن بۇيان بىز 126 مو باغنى ئۆزگەرت-تۇق، 63 مو يېڭى باغ بىنا قىلدۇق، 2 تاناپ ئورمان بەلۋېغى ياسىدۇق، بۇ يىل ئەتىيازدا 1146 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈزۈم كارىدورى بەرپا قىلدۇق، كەن-تىمىزدە ھازىرغىچە 56 ئائىلە ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى يولغا قويدى. يې-قىندا يەنە 1210 تۈپ ئۆرۈك كۆچىتى تىكمەكچىمىز.

ــ ماۋۇ قوتاننى كۆرۈپ باقايلى، ــ دېدى ئەسقەر ھۈسيىن كۆپچىلىكنى يول بويىدىكى بىر خىش قۇرۇلمىلىق قوتانغا باشلاپ مې-ڭىپ.

ــ بۇ بىر زامانىۋى قوتان، ھازىر يېزا بويىچە مۇشۇ خىل قوتان-

دىن 60 ى بار، بۇ كەنتتىلا 22 سى سېلىندى. ھەر بىر قوتاننىڭ كۆ-
لىمى 120 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەم ـ خەشەك ئۆيى،
سىلوس كارىزى بار. قوتاندا 100 تۇياق قوي ياكى 25 تۇياق كالا باق-
قىلى بولىدۇ. ھەر بىر قوتان ئۈچۈن 9000 يۈەن سەرپ قىلىندى. بۇ-
نىڭدىن 5000 يۈەننى يېزا ئۆسۈمسىز مەبلەغدىن ھەل قىلىپ بەردى.
4000 يۈەننى شەخسلەر ئۆزى چىقاردى.

تۇرسۇن قۇربان مۇنداق دېدى: كەنتىمىزدە ھازىر بورداقچىلىق ئائى-
لىسىدىن 39 ى، باقمىچىلىق ئائىلىسىدىن 63 ى بار. كەنت بويىچە ئومۇمىي
چارۋا 7849 تۇياققا يەتتى. كەنتىمىز چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، مەدەنىيەت
خىزمىتىدە يېزا بويىچە ئۈلگىلىك كەنت بولۇپ قالدى. ھازىر 80 پىرسەنت
ئائىلىدە تېلېۋىزور بار. بۇلتۇر 156 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، كەنتكە بىر
مەدەنىيەت ئۆيى سالدۇردۇق. كەنتىمىزنىڭ يەرلىرى مۇنبەت، سۈيى مول
بولغاچقا، مەھسۇلات ئېشىۋاتىدۇ. بۇ يىل بۇغداي، قوناق كىرىشتۈرۈپ تې-
رىلىدىغان 500 مو يەرگە باغ بىنا قىلىمىز.

بۇ كەنتتىكى روزى ھاپىز تۆت يىلدىن بۇيان قوشۇمچە بورداق-
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. ئۇ ھازىر چارۋىسىنى 60 تۇياققا يەت-
كۈزۈپتۇ.

ــ بۇ ئائىلىنىڭ بېقىۋاتقان كەپتىرى 300 گە يېتىدۇ، ــ دېدى
ئەسقەر ھۈسيىن بىزنى بىر تاغ باغرىدىكى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، بىز
ھويلىغا كىرىپ ھەيران قالدۇق. كەپتەرخانا ئىككى قەۋەتلىك ئىدى.

ــ بىز ئەسلى بەك نامرات ئىدۇق. مەن 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ
توخۇ بېقىپ، تۇخۇم ساتتىم، كېيىن كالا، قوي بورداپ بېقىۋاتىمەن. ئۆتكەن يىلدىن
باشلاپ كەپتەر بېقىۋاتىمەن. جەمئىي سېتىۋالغان كەپتىرىم 90 دانە ئىدى،
ئۇ كۆپىيىپ ھازىر 270 كە يەتتى، ھويلامدىكى بوش يەرگە كۆكتات، تا-
ۋۇز تېرىيمەن، ئېرىم موزدۇزلۇق قىلىدۇ. بىز يەنە يەر تېرىيمىز. شۇڭا ھا-
زىر خېلىلا ھاللىنىپ قالدۇق. سەككىز تۇياق قويىمىز بار. قەرزىمىز
يوق، ــ دېدى پاكارغىنە كەلگەن پاتىگۈل جاراڭلىق ئاۋازدا. بىردەم-
دىن كېيىن ئۇنىڭ ئېرى مۇھەممەت ئابلا يېتىپ كەلدى.

كەنت باشلىقىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، كەنتتە ھازىر 30 ئائىلە تو-

خۇچىلىق، كەپتەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ.

بىز كەنت، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، قازانبۇلاقتىن ئۆتۈپ، تاغ قاپ-تىلىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئاقبوز ئۆستىڭىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئۆس-تەڭ ئىلگىرى تىنىپ، ئەتراپنى ياۋا ئورمانلار قاپلاپ كەتكەنىكەن. ئۆتكەن يىلى كۈزدە بۇ ئۆستەڭ قايتا چېپىلىپتۇ. ئۇزۇنلۇقى 8374 مې-تىر كېلىدىكەن. ئەسقەر ئۆستەڭنىڭ چېتىدە تۇرۇپ:

ــ بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئارقىلىق يېزا بويىچە 20 مىڭ مو يەر-نى سۇغارغىلى، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ناھىيىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بىز بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردۇق، يىل ئاخىرىغىچە بۇنى پۈتۈنلەي سۇ سىڭمەس قى-لىپ چىقىمىز، ــ دېدى.

كەچكى شەپەق زېمىننى قىزىللىققا پۈركىگەن بولسىمۇ، ئې-تىزلاردا ئەمگەك قىزىپ كەتكەنىدى. ھەممە ئادەم تولىمۇ ئالدىراش كۆرۈنەتتى. ئۈزۈمزارلىق، باغ ـ ئورمان بەرپا قىلىش بۇ يەردە ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغانىدى.

ئەسقەر ھۈسىين يولدا كېتىۋاتقاچ ئېغىز ئاچتى:

ــ يېزىمىزدا 14 كەنت، 1 مەيدان بار، بۇ يىل ئەتىيازدا يېزا بو-يىچە 5000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈزۈم بارىڭى ياسالدى. بۇ يىل ئاشلىق كۆلىمى 39 مىڭ مو قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تونىنلىق ئېتىز كۆلىمى 20 مىڭ مو بولۇپ، قوناق كىرىشتۈرۈلگىنى 15 مىڭ مو. يې-زىمىز ناھىيە بازىرىغا يېقىن، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، كۆكتات ۋە قو-غۇن ـ تاۋۇز تېرىشقا باب كېلىدۇ. بۇ يىل بىز قوغۇن ـ تاۋۇز كۆلى-مىنى 2000 موغا، كۆكتات كۆلىمىنى 2000 موغا يەتكۈزىمىز. 1200 ئائىلىنىڭ ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە پۈ-تۈن يېزىدىكى 3800 ئائىلىنىڭ ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتىش-نى تاماملاپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ھويلا ـ ئارامدىن قىلىدىغان كىرىمىنى 1000 يۈەندىن ئاشۇرۇشقا تىرىشىمىز. ئىسسىق قوتان سانىنى 150 كە يەتكۈزىمىز، يىل ئاخىرىدا چارۋىنىڭ قوتان قالدۇقىنى 50 مىڭ تۇياق-

قا، گۆش مەھسۇلاتىنى 719 توننىغا يەتكۈزۈپ، بۇلتۇرقىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 8 پىرسەنت ۋە 10 پىرسەنت ئاشۇرىمىز. ھەر بىر ئائىلىدە 10 دىن يۇقىرى توخۇ بېقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا، مەخسۇس كەپتەرچىلىك ئائىلىسى بەرپا قىلىپ، يېزا بويىچە كەپتەر سانىنى 20 مىڭ دانىگە يەتكۈزىمىز. 2000 مو ئەلا سورتلۇق ياڭاق، ئۆرۈك، ئۈزۈم بازىسىنى قۇرىمىز. 2 ـ، 3 ـ كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىمىز. مۇشۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلايمىز.

ماشىنا توپا توزىتىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئەتراپتىكى يېڭى مەنزىرە مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى.

2000 ـ يىل ئاپرېل، ئۇچتۇرپان

## 2

ئۆرۈك دەرىخى نوقۇتتەك غورا تۇتقان، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل دەرەخلىرى بەس ـ بەستە چېچەك ئاچقان ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى ئاقتوقاي يېزىسىنى زىيارەت قىلدۇق. قاراتېكە تېغى بىلەن توشقان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مەنزىرىسى ئۆزگىچە بۇ گۈزەل زېمىن سەھەردە توختىغان تۈنجى باھار يامغۇرىدىن كېيىن تېخىمۇ رەڭدار تۈسكە كىرگەنىدى.

يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى فۇ جىڭيى، يېزا باشلىقى ئەسقەر ھۈسىين بىزنى نەق مەيدانىنى كۆرگەچ سۆھبەتلىشىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئالدى بىلەن يېزا قورۇسىنىڭ ئارقىسىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان دېھقانلار مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەت مەركىزىگە باشلاپ باردى.

ــ نېمىدېگەن كۆركەم قۇرۇلۇش بۇ؟ ــ دەۋەتتۇق بىز ئىختىيارسىز ھالدا يېزا ئورگىنىنىڭ 70 ـ يىللاردا سېلىنغان كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق كونا ئىشخانىلىرى بىلەن ياۋروپاچە ئۇسلۇبقا ئىگە خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق داچا شەكلىدىكى بۇ قۇرۇلۇشنى ئۆزئارا

سىلىشتۇرۇپ.

ــ شۇنداق، بۇ مەدەنىيەت مەركىزى ناھىيە بويىچە مۇشۇ خىلـ دىكى قۇرۇلۇشلار ئىچىدە ھەقىقەتەن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، ــ دەپ چۈشەنچە بەردى ئۇلار پەخىرلەنگەن ھالدا، ــ چۈنكى بۇ قۇرۇلۇشقا مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كومىتېتى بەرگەن 125 مىڭ يۈەن، ناھىيە بەرگەن 130 مىڭ يۈەن ياردەمگە ئۆزىمىز چىقارغان پۇل، ماددىي بۇيۇم، ئەمگەك كۈچىنىڭ قىممىتىنى قوشقاندا جەمئىي 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سىلىندى.

پائالىيەت مەركىزىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 20 موـ دىن ئاشىدىكەن، ئەمەلىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر بوـ لۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قىرائەتخانا، كۇتۇپخانا، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، تىكتاك توپ، بىليارت، دامكا ـ شاھمات ئويناش ئۆيى، ئېـ لېكترلەشكەن ئوقۇتۇش سىنىپى، يىغىن زالى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەلەر خېلى تولۇق ئىكەن. پائالىيەت مەركىزى ئالدىدىكى بوشـ لۇققا سېمونتتىن ۋاسكېتبول، ۋالىبول مەيدانى ياسىلىپ، چۆرىسىدىكى يوللارغا خىش ياتقۇزۇلۇپ، ئەتراپىغا قارىغاي، ئارچا ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرى تىكىلىپتۇ. بىز بۇ پائالىيەت مەركىزىدىن دۆلەت دەرىـ جىلىك نامرات ناھىيىدىكى بۇ نامرات يېزا رەھبەرلىرىنىڭ «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنا ئالدى بىلەن نادانلىقتىن قۇتۇلۇش كېرەك» دېگەن تەۋرەنمەس ئىرادىسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىنى ئېنىق كۆرۈۋالدۇق. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئىرادە بىلەن بۇلتۇر كۈزدىن باشلاپ يېزىلىق رادىئو پونكىتىنىڭ ئۈسكۈنىـ لىرىنى يېڭىلاپ، كەنت، مەھەللىلەرنىڭ سىملىق رادىئو بىلەن تورلىشىش نىسبىتىنى 95% كە، ئائىلىلەرنىڭكىنى 80% كە يەتكۈزۈپتۇ. چىقتوقاي كەنتىنىڭ دېھقانلار مەدەنىيەت مەركىزىنى يېڭىلىغاندىن تاشقىرى، ئۈرۈمچى ئاۋئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يېزا شىپاخانىسىنىڭ قۇرۇـ لۇشىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ سېلىۋاپتۇ.

دېھقانلار مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە مەركىزىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن يېزا باشلىقى ئەسقەر ھۈسىيىن بىزنى جىپ بىلەن بۇ يېزىنىڭ قاتار ئۈجمە، ئاقتوقاي، مەكىت، ئاتپاغزا، جىگدىلىك كەنتلىرىگە

باشلاپ باردى.

ـ يېزىمىزنىڭ غەربى، ـ دەپ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى ئەسقەر ھۈسيىن، ـ تۇمشۇقتاغ ئارقىلىق ناھىيە بازىرىغا، جەنۇبى قاراتېكە تاغ تىزمىلىرىغا، شەرقى ياكۆۋرۈك يېزىسىغا، شىمالى توشقان دەرياسىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 49 مىڭ مو، نوپۇسى 19 مىڭ بولۇپ، 14 كەنت، 3 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغ ـ ئورمانچىلىق مەيدانى، 55 مەھەللە بار.

يېزا باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاقتوقاي يېزىسى تېپىك تاغلىق رايون جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، دېھقانچىلىقتا ئاشلىق، ماش، پۇرچاق، سەي ـ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز تېپىدىكى زىرائەتلەرنى، باغۋەنچىلىكتە ئۆرۈك، ئۈزۈم، ياڭاق قاتارلىق دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىكەن. شۇڭا ئۇلار بۇ يىل ئۆز ئورنىنىڭ ناھىيە بازىرىغا، چېگرا مۇداپىئە تاشيولىغا يېقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى ۋە بازار يۈزلىنىشىگە ئاساسەن، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەپ، ئاشلىق كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تۇپراق شارائىتىغا دېگەندەك ماسلىشىپ كېتەلمەيدىغان كېۋەز بىلەن سېتىپ چىقىرىش يولى راۋان بولماي كەلگەن قىزىلچا كۆلىمىنى قىسقارتىپ، سەي ـ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، نوقۇت، كانىماش، زىغىر قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپتۇ. يېزا بويىچە بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا تېرىلغان 29 مىڭ مو كۈزگى بۇغدايدىن 20 مىڭ موسىنى «تونىنلىق ئېتىز» ئۆلچىمى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇغدايغا نوقۇل ھالدا قوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنىڭغا زىغىر، سەي ـ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، كانىماش، نوقۇت قاتارلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى زىرائەتلەرنىمۇ كىرىشتۈرۈپ تېرىپتۇ. ئايرىم «تونىنلىق ئېتىز» لارغا ۋە ئۇنىڭ قىر ـ تىرگەنلىرىگە يەنە ئۆرۈك، ياڭاق كۆچىتى تىكىپتۇ. يېزا بويىچە 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە «تونىنلىق ئېتىز» ياكى ئاق يەرگە تېرىلغان نوقۇت 1260 موغا، كانىماش 1000 موغا، سەي ـ كۆكتات 2078 موغا، قوغۇن ـ تاۋۇز 1958 موغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن زور كۆلەمدە كېڭىيىپتۇ. 4000 مو

يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بالدۇر قوناق تېرىپتۇ.

— «تونىنلىق ئېتىز» ياكى بۇغدايغا باشقا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىسا ھوسۇلنى، كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، لېكىن مېۋىلىك دەرەخ كۆچىتىنى كىرىشتۈرۈپ تىككەندە ئاشلىق ھوسۇلغا تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟

— ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، — دېدى يېزا باشلىقى ئەسقەر يۇقىرىقى سوئاللىرىمىزغا جاۋابەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يېقىندا مەركەز، ئاپتونوم رايون ناھىيىمىزنى بۇ يىلدىن باشلاپ تېرىلغۇ يەرنى ئورمانلىققا قايتۇرۇشنى سىناق قىلىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى. ناھىيە بىزگە ئۈچ يىل ئىچىدە 15 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى باغ ـ ئورمانلىققا ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى چۈشۈردى. بۇ پىلان خېلى كېچىكىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپى بولغاچقا، بۇ يىل دەسلەپكى قەدەمدە 3000 مو تېرىلغۇ يەرنى ئورمانلىققا ـ باغقا ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسنى ۋاقتىدا ئورۇنداپ، ئۇنىڭ 2300 موسىنى «تونىنلىق ئېتىز» غا ئەمەلىيلەشتۈردۇق. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ رەت ـ قۇر ئارىلىقى كەڭ، زىچلىقى شالاڭ بولغانلىقتىن، تىكىلگەن كۆچەت مېۋىگە كىرگىچە بولغان ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە بۇ يەردىن داۋاملىق «تونىنلىق ئېتىز» سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولىدۇ ھەمدە ئېتىز پەرۋىشى جەريانىدا كۆچەتلەرمۇ تېز ئۆسۈپ، بالدۇر مېۋىلەيدۇ.

— بۇ راستلا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققاندەك قالتىس ئىش بوپتۇ، — دەپ كۈلۈشتۇق بىز ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە قايىل بولغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ.

بىز ئېكىنزارلىقلارنى ئايلانغاچ يول بويىلىرىدىكى بىر نەچچە بورداقچى، باقمىچى، كۆكتاتچى، قول ھۈنەرۋەنچى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلار بىلەن خېلى تەپسىلىي سۆھبەتلەشتۇق. مەيلى ئېتىز ئۈستىدە جىددىي ئەمگەك قىلىۋاتقان دېھقانلار بولسۇن ياكى قوتانلىرىدا چارۋا ـ ماللىرىغا يەم ـ خەشەك بېرىۋاتقان، ئىنەك سېغىۋاتقان، پارنىكلىرىدا كۆكتات يۇلۇۋاتقان كەسپىي ئائىلىلەر بولسۇن، مەيلى ئۆي ـ ھويلىلىرىدا دوپپا ـ شەپكە تىكىۋاتقان، ئورغاق ـ

پىچاق سوقۇۋاتقان ھۈنەرۋەنچى ئائىلىلەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ چىرايـ-
ىدىن ئوخشاشلا ئۆز ئىشىدىن، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولالىغانلىقىدىن رازى
ئىكەنلىكى ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى بۇ يىل يېزىلىـق پـارتـكوم،
خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشـىنـى
ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قوغۇۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتـىپ، ئـۇلارنـى
بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئارتۇقچىلىقىنى، ئالاھىدىلىكىنى جارى قـىلـدۇ-
رۇشقا، يالغۇز ئاشلىققىلا ئېسىلىۋالماي، نېمە كۆپرەك پۇلغا يارىسا شۇنى تې-
رىشقا، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ، كىرىمنى كۆپەيتىش يـول-
لىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلەپتۇ. نەتىجىدە بۇ يىل يېزا بويىچە زىرائـەت
تۈرلىرى، نوقۇت، كانىماشقا ئوخشاش بازارلىق زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى كېڭـيـىـپـلا
قالماي، كالا، قوي، توخۇ ـ كەپتەر باققانلارنىڭ سانىمۇ تېز كۆپـيـىـشـكـە
باشلاپتۇ. نۆۋەتتە يېزا بويىچە 3757 ئائىلىدىـن 1200 ئـائـىـلـە 1400 مـو
ھويلا ـ ئارام يېرىنى رەتلەپ، 2000 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق كونـا بـاغـنـى
تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىپتۇ. يېڭىلاپ سېلىنغان ئۆلچەملىك قوتان 60 تـىـن،
بېقىلىۋاتقان چارۋا ـ مال 40 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەككە، توخۇ ـ كەپتـەر،
ئۆردەك 60 مىڭغا يېتىپتۇ. 5000 مو يەرگە شال مايسىسى كۆچۈرۈش پىلا-
نى كەنت ـ مەھەللە، ئېتىز، ئائىلىلەرگىچە كونكرېت ئەمەلىيلىشىپ بوپتۇ.

ئاقتوقاي يېزىسىدىكى بۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر ۋە رەڭدار تەبـئـەت
مەنزىرىلىرى بىزدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى. بىز ئاقتوقاي-
لىقلارغا بەخت ۋە ئامەت تىلەپ، كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا بۇ يەردىكـى
زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق.

2000 ـ يىل ماي، ئۈچتۇرپان

**3**

ئاقتوقاي يېزىسىدىكى كادىرلار ۋە ئاما يېزىلىق پارتكومـىـنـىـڭ
شۇجىسى فۇ جىڭيى، يېزا باشلىقى ئەسقەر ھۈسىيىننىڭ تىنىم تاپمـاي
ئىشلەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. بىر نەچچە كىشى ئەسقەرنىڭ

تەرىپىنى قىلىپ: «ئەسقەر ھۈسىيىن خىزمەتكە ئۆزىنى بەكرەك ئۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كۈنى ئاساسەن كەنت ـ مەھەللىلەردە ئۆتىدۇ، ئۈستـ ـۋېشىدىن توپا ئېرىمەيدۇ» دېدى.

ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىـ ـرى تۇرسۇن ماموت ئەسقەر توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىپ، «ئەسقەرنىڭ ئۆزىنى خىزمەتكە بېغىشلاش روھىنى تەشۋىق قىلسا بولىدۇ، يېزىلىـق پارتـكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى بىر بەن ئادەم ھەقىقەتەن جاپالىق ئـىشلـەۋاتـىدۇ. ئۇلارنىڭ يېزا خىزمىتىدىكى نەتىجىسىنى چوقۇم تەشۋىق قىلىش كېـرەك» دېدى. ئۇ يەنە «ئۆتكەن يىلى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا ئەسقەرـ ـنىڭ بىر پۇتى ئېغىر زەخىملەنگەن بولسىمۇ، ئارام ئالغىلى ئۇنىمىدى. ھاسا تاياققا تايىنىپ خىزمەت قىلدى. ئىشخانىدا ئاسما ئوكۇل سالـدى. مـەن ۋە ناھىيىدىكى باشقا رەھبەرلەر كۆپ قېتىم ئۇنىڭغا ئوبدان ئارام ئېلىش تـوغـ ـرىسىدا نەسىھەت قىلغان بولساقمۇ، ئۇ گەپكە قۇلاق سالمىدى. ئۇنـىڭ بـۇ روھى ئاخىرى كادىرلارنى تەسىرلەندۈردى» دېدى.

ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ دائىرىسى كەڭ، يەر شەكلى مۇرەككەپ بـوـ ـلۇپ، پۈتۈن يېزىنى ماشىنا بىلەن ئىككى ـ ئۈچ كۈندە ئاران بىر قېـ ـتىم ئايلىنىپ چىققىلى بولىدۇ. ئەسقەر ھۈسىيىن ھەر كـۈنـى سـەھـەر قوپۇپ كەنت ـ مەھەللىلەرگە بېرىپ خىزمەت تەكشۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇردى. ئاقتوقاي يېزىسى بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىـ ـقى يىراق بولسىمۇ، ئۇ بەزىدە خىزمەتنى دەپ ھەپتىلەپ ئۆيىگـە قـايتـ ـمايدۇ. ئۇنىڭ دادىسى ئۇزاقتىن بېرى ئاغرىقچان بولغاچقا، ئـورۇن تـۇـ ـتۇپ يېتىپ قالغانىدى، ئۇ ئۆكۈنگەن ھالدا: «بالام مېنى 8 ـ 10 كۈنـ ـدىمۇ بىر قېتىم يوقلاپ كېلەلمىدى، ئارىلىق شۇنچە يىراق تۇرۇقلۇق، بىز پەقەت 5 ـ 6 كۈندە بىر قېتىم ئاران تېلېفوندا سۆزلىشەۋاتـىمـىز. بۇ زادى قانداق گەپ» دېگەن. بۇ گەپ ھەقىـقـەتـەن راسـت ئـىـدى.

دائىم ئۇنىڭ مەڭزىلىرىدە، پېشانىسىدە مونچاق ـ مونچاق تەر تامچىلىـ ـرى يالتىرايتتى، ئۇيقۇسىزلىق تەسىرىدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كـۆزـ ـلىرى قىزىرىپ كېتەتتى، بەزىدە ئۇ ساقال ئالغىچىلىك ۋاقىت چىقىرالـ ـمايتتى، ھەتتا، ئۇنىڭ ئاچ ـ توق قالغان چاغلىرىمۇ ئاز ئەمـەس. ئـۆتـ

كەن يىلى 12 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭ كېسىلىگە دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن «ئۆتـدـ كىزدىكى تاش بەك يوغىناپ كېتىپتۇ. ئۇنى ۋاقتىدا ئوپېراتسىيە قىلـ دۇرۇشىڭىز كېرەك، بولمىسا ھاياتىڭىزغا خەۋپ يېتىدۇ» دەپ ئېنىـق ئېيتقان. بىراق، دادىسىنى يوقلاشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغان ئەسقەر ھۈسىيىن قانداقمۇ دوختۇرخانىدا ياتقۇدەك ۋاقىت چىقىرالسۇن! ئۇـ نىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئۆتكەن يىلى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشتا زەخمەـ لەنگەن پۇتى تا ھازىرغىچە ئۆزۈل ـ كېسىل ساقايمىغانىـدى. بەزىـدە ئۆت ئاغرىقى بىلەن پۇت ئاغرىقى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىـنى قاتتىق بىئارام قىلىۋېتەتتى. لېكىن ئەسقەر ھۈسىيىن بۇ خىل ئازابىقا چىداپ، ئۇنى ھېچكىمگە چاندۇرماي ئىلگىرىكى قىزغىنلىق بىلەن بېـ رىلىپ خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ بەزى دوستلىرى چاقچاق قىلىـپ: «ئەسقەر ئاداش، ئوتىبېشى يېزىسىدىكى ۋاقتىـڭدا دائىـم كۆرۈشـۈپ تۇراتتۇق، ھازىر سېنى ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولماس بولۇپ قالدى. سەن زادى نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرۈيسەن» دېيىشتى.

يېزا باشلىقى بولۇشنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېزا باشلىقى بولۇپ باقـ مىغىچە ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. يېزا دېگەندە ئىشنىـڭ تـۈرى كـۆپ، خىزمەتنىڭ جاپالىقلىقىنى قىياس قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس، ئەسقەر ھۈسىيىن ئاقتوقاي يېزىسىغا كەلگەن بىر يېرىم يىل داۋامـىدا دەرۋەقـە نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتى، نۇرغۇن قىيىن مەسىلىـەرگـە دۇچ كەلدى، ئەمما ھەممىنى يەڭدى. خەلققە ئەمەلىي ئىش قىلىـپ بېـ رىش، نەپ يەتكۈزۈش ئىرادىسىدىن يانمىدى. ئـۇ 1991 ـ يـىل 11 ـ ئايدىن 1998 ـ يىل 11 ـ ئايغىچىلىك ئوتىبېشى يېزىلىق پارتكومىنـىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلاردىمۇ خەلققـە نۇرغۇن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەن. ئوتىبېشى يېزىسىدىكى خەلق ئۇـ نىڭ ئۆزلىرىگە مەدەنىيەت مەركىزى سېلىپ بەرگەنلىكىنى، بازار بەرپـا قىلىپ بەرگەنلىكىنى، توك چىراغ تارتىپ بەرگەنلىكىنى، باغـۋەنـچىـ لىكنى يۈكسەلدۈرگەنلىكىنى، يېزا ـ كەنت ئىشخانىلىرىنى يېڭـىلاپ، بىر گۈزەل، مەدەنىي مەنزىرە يارىتىپ بەرگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنى بېيىتـ

قانلىقنى تا ھازىرغىچە ئۇنتۇپ قالمىدى.

ئەسقەر ھۈسىيىن «خەلقنىڭ خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئىكەنمىز، چوقۇم خەلققە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك.» دېگەن گەپنى پەقەت ئېغىزىدىن چۈشۈرمىدى ھەم بۇنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى فۇ جىڭيى بىلەن زىچ ھەمكارلاشتى. بۇ ئىككىيلەن ئاقتوقاي يېزىسىغا كەلگەن بىر يېرىم يىل داۋامىدا بۇ يېزىدا مۇنداق بىر قانچە چوڭ ئىش ۋۇجۇدقا چىقتى:

ــ 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 520 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئەڭ زامانىۋى يېزا دەرىجىلىك دېھقان ــ چارۋىچىلار مەدەنىيەت مەركىزى يېقىندا پۈتتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ــ بۇ يېزىنىڭ 2 ــ كەنتىگە كۆلىمى 206 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەدەنىيەت مەركىزى سېلىندى.

ــ ئاپتونوم رايونلۇق ئاۋئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ ياردىمى، ناھىيىنىڭ قوللىشى بىلەن يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ ئامبولاتورىيە قۇرۇلۇشى پۈتتى. دوختۇرخانا مۇھىتى يېڭى تۈسكە كىردى.

ــ ھەر قايسى كەنتلەردە مائارىپنى قوللاش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، مەكتەپلەرگە 280 يۈرۈش پارتا ــ ئورۇندۇق ياسىتىپ بېرىلدى، 70 مو تېرىلغۇ يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى.

ــ چېپىلمىغىنىغا 20 نەچچە يىل بولغان 15 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاقبوز ئۆستىڭى قايتا چېپىلىپ، يېزىنىڭ سۇغىرىش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

ــ باغۋەنچىلىك، ھويلا ــ ئارام ئىگىلىكى يېڭى نەتىجىگە ئېرىشتى، تونىلىق ئېتىز، كۆچۈرمە شال تېرىش، زىرائەت ئېتىزلىرىغا مېۋىلىك كۆچەت كىرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى تېخنىكا زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى. چارۋا، توخۇ، كەپتەر باقمىچىلىقى كۆلەملىششكە قاراپ يۈزلەندى. يېزا بويىچە 61 ئىسسىق قوتان سېلىندى.

ــ يېزا ــ كەنتلەرنىڭ رادىئوسى تورلاشتۇرۇلدى، تېلېۋىزورنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى ئاشتى.

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا فۇ جىڭيى موتسىكلىتتىن يىقىلىپ چۈ-شۈپ، سول پۇتى ئېغىر زەخىملەنگەندى. ئۇ بىر مەزگىل دوختۇرخا-نىدا ياتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبى يېزىدا ئىدى. ئاخىرى دوختۇرخانى-دىن يېنىپ چىقىپ، ھاسا تاياققا تايىنىپ ئىشقا كەلدى، كەنتلەرگە باردى. كادىرلار ۋە ئامما تەسىرلىنىپ «فۇ شۇجى سىز ئوبدانراق ئارام ئالسىڭىز بولاتتى» دېگەندە، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھېچقىسى يوق، ھا-زىر ھەممەيلەن ئالدىراش، ئازراق جاپا چەكسەممۇ ھېچ ئىش بولمايدۇ. ئىشلىرىمىز يۈكسەلسە، مەن ھاردۇقتىن چىقىپ قالىمەن» دەيدۇ.

2000 ـ يىل ماي، ئۈچتۇرپان

## 4

ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقتوقاي يېزىسىدىكى مەكىت كەنتىدە 11 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بار. ئۇلار 1987 ـ يىلىدىن بۇيان، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ باشچىلىقىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە يۈرەك قېنىنى كەنتتىكى نامراتلارنى يۆلەش، يېتەكلەش ۋە ئۇلارغا پارتىيىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى يەتكۈزۈش ئىشىغا سەرپ قىلىپ كەلمەكتە.

بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى مەكىت كەنتى ئاقتوقاي يېزىسى بويىچە ئەڭ نامرات كەنت ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا تەبىئىي شارائىت جەھەتتىكى ناچار مۇھىت دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۈندىن ـ كۈنگە غورىگىللەشتۈرۈپ، پۈتۈن كەنت قىياپىتىدە بىر خىل قاراڭغۇ، چې-چىلاڭغۇ، قاتمال ھالەتنى شەكىللەنگەندۈرگەنىدى. دېھقانلار تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامال تاپالمىغاندەك، «نامراتلىق پېشانىمىزگە مەڭگۈ پۈتۈكلۈك، ئەمدى بولارىمىز شۇ» دېيىشەتتى. كەنتنىڭ مە-نۇتمۇ منۇت خارابلىشۋاتقان سولغۇن قىياپىتى بۇ يەردىكى كوممۇ-نىستلارنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇردى. ئۇلار ياچېيكا شۇجىسى موللا كې-رەمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە كەنتنىڭ كىچىككىنە مەجلىسخانىسىغا جەم بولۇپ، چىقىش يولى ئىزدەش مەسىلىسىنى قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىل-

دى. ياچپېكىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەمۇنىـ
لىك رولىغا تايىنىپ، كەنت قىياپىتىدە سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتـ
نى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. قايتىدىن ئۇيۇل تاشتەك ئۇيۇشقان بۇ
ياچپېكا ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ قورغانلىق، يادرولۇق رولىـ
نى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن كوممۇنىستلار
كەنت تەۋەسىدىكى ئەڭ نامرات ئائىلىلەرنى توختام ھەم مۇددەت بوـ
يىچە ھۆددىگە ئالدى. ئۇلار يېزىلىق پارتكوم ھەم كەنت پارتىيە ياـ
چپېكىسىنىڭ تەلىپى بويىچە نامرات ئائىلىلەرگە پەن ـ تېخنىكا جەـ
ھەتتىكى مۇلازىمەتنى كۈچەيتتى. يەر تېرىش، ئوغۇتلاش، يىغىش
مەزگىلىدە ئۇرۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق نەرسىـ
لەرنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئېلىپ بەردى. قوش، كالا، چارۋا
ۋە باشقا ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى. ياچپېكا
شۇجىسى موللا كېرەم تۇرسۇن ھېكىم ئىسمىلىك نامرات دېھقانغا ئىكـ
كى قاپ ئۇرىيە، ئىككى قاپ قوشۇمچە ئوغۇت ئېلىپ بەرگەندىن
سىرت، هارۋا، قوش كالىسىنى بېرىپ تۇردى. ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق
قىلىشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى هارماي ئۆگەتتى. پۇل كېرەك بولـ
غاندا ئۆز يېنىدىن ياكى بانكىدىن ئۆزىنىڭ نامىدا قەرز ئېلىپ بېرىپ
تۇردى. ئۇدا ئىككى يىل ھەر تەرەپتىن يۆلەش ئارقىلىق، بۇ نامرات ئاـ
ئىلە پۈتۈنلەي نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرەـ
لەيدىغان، ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن يەر تېرىيالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى
ھەمدە ئات ـ ئۇلاغ ۋە هارۋا سېتىۋالدى. پېشقەدەم كوممۇنىست خۇداـ
بەردى ھوشۇر بىر نەچچە يىلدىن بېرى يېزا، كەنت قۇتقۇزغان بولسىـ
مۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي كەلگەن كامالجان ئىسمىلىك مېيىپ دېھقان
بىلەن جان سانى كۆپ جامال كېرەمنى بىرلا ۋاقىتتا ھۆددىگە ئالدى.
ئۇ ئىككى ئائىلىگە جەمئىي 8 قاپ ئۇرىيە ۋە قوشۇمچە ئوغۇت ئېلىپ
بەردى. 30 مو يېرىنى تېرىش ئۇچۇن ئۇرۇق ئېھتىياجلىق بولغاندا،
ئۆز ئۆيىدىن 500 كىلوگرام ئۇرۇق ئېلىپ چىقىپ ئۇلارغا ياردەم قىلـ
دى. 63 ياشلىق كوممۇنىست سەيدى قاسىم بىر نەچچە يىلدىن بېرى
ئۆزلۈكىدىن كەنتنىڭ ئىككى مو يەردىكى ئورمىنىنى ھەقسىز بېقىپ

بېرىپ، ئەي بولۇش نىسبىتىنى 100 پىرسەنتكە يەتكۈزدى. كەنت تەـ ۋەسىدە يېڭىدىن بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانىدى. ئەسلىدە كەنت مەكتەپنىڭ مەيدانىنى تۈزەش، يەرلىرىنى تېرىش، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، كەڭ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلماقچى بولغانىدى. بۇنى ئاڭلىغان 11 كوممۇنىست كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، «بۇ ئىشلارنى پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىمىز قىلىمىز، ئەزالارنىڭ گۆشىنى باشقا ئىشقا سەرپ قىلايلى» دېدى ـ دە، ئەتىسىلا قوزغىلىپ، مەكتەپنىڭ 10 مو ئەتراپىدىكى رەتسىز مەيدانىنى تۈزلىدى. ئىككى يىلدىن بېرى يەنە مەكتەپنىڭ 12 مو تېرىلغۇ يېرىنى تېرىپ ھوسۇل ئېلىپ بەردى، ئورمانلىرىنى پەرۋىش قىلدى. بۇ ئىشلار ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ ھەق ئالـ مىدى. كوممۇنىستلارنىڭ بۇ خىل روھى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاممىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كەنت تەۋەسىدىكى چوڭ ـ كىچىك كۆۋرۈكلەر ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىپ، نورمال قاتناش دائىم بۇزغۇنچىـ لىققا ئۇچرايتتى. بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ نورمال قاتناشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 11 كوممۇنىستنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئىككىگىچە كۆۋرۈكنى ھۆددىگە ئالدى. بۇزۇلسا ئۆزلىرى رېمونت قىلىپ ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

ئۇلار نەگىلا بارسا ئەمەلىيەت ئارقىلىق، شۇ يەردىكى ئاممىغا پارتىيەـ نىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزدى. كەنتتە سەمەت نىياز ئىسىملىك ئۆي ـ ماكانى يوق بىر يېتىم بار ئىدى. بۇ ئىش يەنە كوممۇنىستلار قەلبىدە ئۇنى ئۆي ـ ماكانلىق قىلىپ قويۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ 8000 دانە كېسەك قۇيدى، 5 دانە بورا يىغىش قىلدى. ئۇنىڭغا يېتەرلىك ياغاچ ـ تاش تەييارلاپ بىر يۈرۈش ئۆي سېلىپ بېرىش تەرەددۇتىنى قىلىپ قويدى. يېتىمنىڭ سولغۇن قەلبى كوممۇـ نىستلارنىڭ بۇ ئىشىدىن چەكسىز سۆيۈندى.

تۇمشۇقتاغ ئېتىكىگە جايلاشقان مەكىت كەنتىدىكى بۇ 11 كومـ مۇنىست جەڭگىۋارلىق، زەربىدارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، 1987 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلغىچە بولغان تۆت يىلدا كىچە ـ كۈندۈز خەلقنىڭ

غىمىنى يەپ، پارتىيىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەت-كۈزدى. ئامما ئۇلاردىن چەكسىز رازى بولدى. ئۇلارنىڭ قان ـ تەر ئاققۇزۇشى نەتىجىسىدە كەنتتىكى تولىمۇ نامرات ئۆتكەن 27 ئائىلىنىڭ 19 ى نامراتلىقتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ بولدى. بەزىلىرى بېيىش يولىغا ماڭدى. كەنتنىڭ ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخ-شىلاندى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 464 يۈەنگە يې-تىپ، 1987 ـ يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئەتراپىدا ئاشتى. كەنت ئاخى-رى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى. كۆپلىگەن ئائىلىلەر تېلېۋى-زور، ئۈنئالغۇ، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، كىچىك تراكتور سېتىۋالدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئۇدا تۆت يىل يېزا ۋە ناھىيە بويىچە «ئىلغار ياچېيكا» بولۇپ باھالاندى. ياچېيكا شۇجىسى موللا كېرەم بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە «مۇنەۋۋەر كوممۇنىست» لار قاتارىغا كىرىپ تەقدىرلەندى.

1991 ـ يىل ئىيۇل، ئۇچتۇرپان

## 5

ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقتوقاي يېزىسىدىكى مەكىت كەنتى ئەتراپىدا بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچىۋاتقىلى ئۇزۇن بولغان بىر خەنزۇ دېھقانچىلىك مەيدانى بار ئىدى. ئىلگىرى كەنت بىلەن بۇ مەيدان ئوتتۇرىسىدا ئۇششاق ـ چۈشەك سۇ ماجىراسى، يەر ماجىراسى ۋە باشقا چوڭ ـ كىچىك ماجىرالار كۆندە دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن خەنزۇ قېرىنداشلار بىر ـ بىر-سىگە ماي تارتىشىپ، ھەتتا ئېتىز بېشىدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئۇچرىشىپ قالغان چاغدىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ تەرىگە قاراشمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالغاند-دى. بۇ ھالەت ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىقنى بارا ـ بارا قاياقلارغىدۇر چۆرۈپ تاشلىدى. بۇ ئىش تەدرىجىي مۇقىملىقق-مۇ ئېغىر كاشىلا پەيدا قىلدى، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر يەتكۈز-

دى، بۇ ئىش بۇ يوسۇندا خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى.

ئىتتىپاقلاشماي تۇرۇپ ھېچ ئىشتىن غەلىبە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان مەكىت كەنتى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى خەنزۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىتتىپاقلىشىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قوشنا تۇرۇپ بىر ـ بىرىنىڭ تەرىگە قاراشمىغانلىقتىن خىجىللىق ھېس قىلىپ يۈرگەن خەنزۇ قېرىنداشلار بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ مەسئۇللىرى سىردىشىپ، ئىلگىرى ئۆزلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن سەۋەنلىكلىرىنى ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشتى. ئاندىن بېرىش ـ كېلىش، ھەمكارلىشىش جەھەتتە توختام تۈزۈشۈپ، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار دوست بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلار ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدا خەنزۇ دېھقانلاردىن تەجرىبە ئۆگەندى، تېرىقچىلىقتا ئۆزئارا ھەمكارلاشتى، خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ خامان ئىشلىرىغا تراكتور ياردەم قىلدى، ئۇيغۇر دېھقانلارمۇ خەنزۇلارنىڭ يەر ھەيدەش، يەر ئاغدۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلدى. ھېيت ـ بايرام مەزگىلىدە ئۆزئارا پەتىلەشتى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىلدى، ئۈچ يىلدىن بېرى، مەكىت كەنتىدىكى 100 گە يېقىن دېھقان بىردىن خەنزۇ دوست تۇتۇپ، ئۆزئارا تەجرىبە، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل ـ يېزىق ئۆگەندى، زور بىر تۈركۈم خەنزۇلار ئۇيغۇر تىلىدا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولدى، ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇچىدىكى ئادەتتىكى سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدى، قوشنىلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، كەنتنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىدىمۇ ئېشىش كۆتۈرۈلدى. كانىماشنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 250 كىلوگرامغا، قىزىلچىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 2000 كىلوگرامغا يەتتى. كەنت بىلەن مەيدان ئۇدا بىر نەچچە يىل ئىجىل ـ ئىناق ئۆتكەنلىكتىن، ناھىيە بويىچە تەڭلا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

1991 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈچتۇرپان

# ئىنتىلىش

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

ئىنتىلىش — ئۇ، يورۇقلۇق ۋە ھەقىقەتتۇر؛ ئىنتىلىش — ئۇ، ئەركىنلىك ۋە بەخت ـ سائادەتتۇر؛ ئىنتىلىش— ئۇ، دوستلۇق ۋە مۇھەببەتتۇر؛ ئىنتىلىش — ئۇ، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشتۇر.

دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھلار قۇياش ۋە يامغۇرغا ئىنتىلىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇش بولسا غايە ۋە كەسىپكە ئىنتىلىدۇ.

ھەقىقەتكە ئىنتىلىش — سادىقلىقتۇر، كەسىپكە ئىنتىلىش — دانالىقتۇر، تۇرمۇشقا ئىنتىلىش — ياخشى كۆرۈشتۇر، مۇھەببەتكە ئىنتىلىش — ئىخلاسمەنلىكتۇر.

ئىنتىلىش — ئاجىزلارنى كۈچلۈك، كۈچلۈكلەرنى كەمتەر قىلىدۇ؛ ئىنتىلىش — دانالارنى ئەقىللىق، ئەقىللىقلارنى باتۇر قىلىدۇ؛ يۈكسەك ئارزۇغا ئىنتىلىش — گويا ھەسەل ھەرىسىنىڭ شىرنە يىغقىنىغا ئوخشايدۇ؛ خۇسۇسىي غەرەز ئارىلاشقان ئارزۇغا ئىنتىلىش— خۇددى سېسىقچىلىققا قونغان چىۋىنگە ئوخشايدۇ.

شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس قەلبى، ئاشۇ قەلبىدە يەنە ئۆزىگە خاس دۇنياسى بولىدۇ. سىياسىئونلارنىڭ قەلبىدە تارىخنى كەلگۈسى بىلەن باغلايدىغان دۇنيا؛ سەنئەتكارلارنىڭ قەلبىدە سەر خىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇر-

غان گۈزەل دۇنيا؛ كارخانىچىلارنىڭ قەلبىدە بولسا پۇل دۇنياسى بولىدۇ. بۇ شۇنداق بولمايمۇ مۇمكىن ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ قەلبىدە زادى قانداق دۇنيا باردۇ؟...

## چېچەك ئاچقان ئۈمىد

تۇمان قاپلىغان ئۇيقۇسىز كېچە، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چەكمەكتە ئىدى. ئۇ تاماكا بىلەن قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. تۈن پەردىسى ئۇنىڭ ئاشۇ ھەسرەتلىك ئىزدىنىشلىرى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىدى. تاڭ نۇرى ئاخىرى دېرىزىنى يورۇتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قەلبى يەنىلا تۇمان ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ، قەددى ئېگىلىپ كەتكەندەك، ھاياتى ئېغىر مۇسىبەت ئىچىدە قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ بىر نەچچە كىلوگرام ئورۇقلاپ كەتتى. ئەمدى چىقىش يولىنى قەيەردىن ئىزدەش كېرەك؟ ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قوياتتى، جىلە بولاتتى. ۋىلايەتنىڭ كىنو ئىشلىرىنىڭ تەقدىرى، كىنونىڭ تېلېۋىزور بىلەن بولغان رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش يولى ئۇستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

*        *        *

سۇ قانچە تېز كەلسە شۇنچە تېز پەسلەپ كېتىدۇ. بالدۇر كەلگەن خۇشاللىق بالدۇر غايىب بولىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىر ئەزىز بولغان نەرسە ھامان بىر كۈنى خارلىنىشىدۇ، بىر خارلاشقان نەرسىمۇ ئوخشاشلا ھامان بىر كۈنى ئەزىز بولىدۇ. بۇ خۇددى ھاياتلىقتىكى خۇشاللىق بىلەن قايغۇنىڭ قوشكېزەكلىكىگە، تەبىئەتتىكى باھار بىلەن قىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرۇشىغا ئوخشايدۇ. ئاقسۇنىڭ كىنوچىلىق باھارىمۇ تۇيۇقسىز شىۋىرغان ئىچىدە قالدى. تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلەۋاتقان تۆت خىل كۆرسەتكۈچ گويا ئاسماندىن چاقماق چۈشكەندەك توساتتىن تۆۋەنلەپ كەتتى. شەھەر-

يېزا خەلقى ئەمدىلا 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ كۆشەندىسىدىن قۇ-تۇلغان، قاباھەتلىك ئۇيقۇدىن ئويغانغان، كىشىلەر كۆچلۈك ئېقىن سۈغا ئوخشاش كىنوغا ئېقىشقا باشلىغانىدى. لېكىن، كىنو باھارىنىڭ بۇنداق ئالتۇن پەسلىنىڭ تۇيۇقسىز جۇدۇنغا يولۇقۇشىنى، ئۇنىڭ كۆچلۈك رىقابەتكە دۇچ كېلىشىنى ۋىلايەتلىك كىنو شىركىتىنىڭ دى-رېكتورى تۇنىياز خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئەمما بۇ خىل كىرىزىسكە بەرداشلىق بەرمەي ئامال يوق ئىدى.

1982 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي تۆپىكلىدە قەدكۆ-تۈرگەن ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى-نى تارقىتىشقا باشلىدى. ماگىزىنلاردا تېلېۋىزورلار سېتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىمۇ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى-نى ئۆلاپ تارقىتىش ئىستانسىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. يەر شارى سۈنئىي ھەمراھى ئارقىلىق تارقىتىلغان تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى قوبۇل قىلىش پونكىتلىرىمۇ قۇرۇلدى. رەڭسىز ۋە رەڭلىك تېلېۋىزور بىر كېچىدىلا ھەممە ئائىلىلەرگە كىرگەندەك بولدى. تېزدىنلا «كىچىك كىنو» نى كىرسلودا ئولتۇرۇپ كۆرۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. تېلې-ۋىزور بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، يەنە بىر نەرسە كەم بولۇپ قالغان-دەك، تانىسخانا، ئېلېكترونلۇق مۇزىكا ئەترىتى ۋە ئاققۇر غەزەلخانىلار بارلىققا كەلدى. ئارقىدىنلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قەھۋەخانىلار، ئىس-سىق ـ سوغۇق ئىچىملىك ئورۇنلىرى، بىليارت...

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا مەنىۋى تۇرمۇش يام-غۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك بىخ ئۇرۇپ ئۆسۈشكە، ئۆتكەن-كى زېرىكىشلىك، يېقىمسىز مەدەنىي ھايات كۆنسايىن بېيىشقا باشلى-دى. كىنو ئۆزىنىڭ جەلپ قىلارلىق كۈچىدىن مەھرۇم قالدى، كىنو-خانىلارنىڭ ئالدى قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرى بىلەن خوشلىشىۋاتقان غې-رىبانە ساھىلغا ئوخشاش چۆلدەرەپ قالدى. پۈتكۈل كىنو دۇنياسى قاتتىق تەئەججۈپ ئىلكىگە پاتتى، كىنو ساھەسىدىكىلەر «ئەمدى كىنونىڭ كۆنى تاغ ئارقىسىغا ئۆتتۈپتۇ» دېيىشتى. بۇ پەقەت ئاقسۇدىلا شۇنداق بولۇپ قال-ماي، پۈتكۈل جۇڭگونىڭ كىنو ساھەسىدە كۆرۈلۈۋاتقان بىر ئەھۋال ئى-

دى. بۇ ۋەزىيەت شۇنداق تېز كەلدىكى، كىشىنى تاڭ قالدۇردى. دېمەك، كىنونى بۇ كۈچلۈك رىقابەت قايىنىمىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش مەسىلىسى مانا ئەمدى تۇنىيازدەك تەلەپچان ئادەمنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ باش قاتۇرماي كىم باش قاتۇرىدۇ؟!

مۈشكۈلاتلار ئالدىدا تاغدەك مەزمۇت تۇرۇش تۇنىيازنىڭ ئىرادىسى ئىدى. ئۇ ھودۇقۇپ كەتمىدى، يەنىلا كىنو شىركىتىنىڭ سەركەردىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، ئاساسلىق تارماقلارغا بېرىپ يوليورۇق سورىدى، خىزمەت ئەھۋالىنى يۇقىرىغا دوكلات قىلدى، ھەر قايسى كىنوخانىلارغا، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك كىنو شىركەتلىرىگە، 230 دىن ئارتۇق ھەر خىل تىپتىكى كىنو قويۇش نۇقتىلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. دېموكراتىك ئاساستا ئەقىل كۆرسىتىش يىغىنى چاقىردى. يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋال ئىگىلىدى. شەھەر ـ يېزىلارغا توختىماي چاپتى... ئەھۋال ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ يامان بولۇپ چىقتى. يېزىلاردىكى بىر قىسىم كىنو قويۇش نۇقتىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ھەتتا بەزى يېزىلاردىكى كىنوخانىلار مەيدانىنى ھۆددە قىلىش تەس بولغانلىقتىن، تاقىۋېتىلگەنىدى. ئۇ يېزىلاردا، چەت، يىراق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىنو قويۇلمىسا، پارتىيىنىڭ سىياسىي تەربىيىسىنى، ئىدىيىۋى تەشۋىقاتىنى ئوبدان ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەم كىنو شىركىتىنىڭ تۆرلۈك پىلان، ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلەتتى. كىنونى تېلېۋىزىيە ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش كەسپلىرى بىلەن بولغان شىددەتلىك رىقابەت داۋامىدا قانداق قىلىپ ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئۇنىڭغا ئىشىنىپ بۇ ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى. لېكىن ھازىر ئۇ ئىنتايىن ئېغىر بېسىمغا دۇچ كەلدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ تۇنىيازنىڭ بېشى تازا قاتتى، ئۇ قىيىنچىلىق ئىچىدىن ئۈمىد ئىزدەيتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىسلاھاتقا تايانماي بولمايتتى. ئۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەي، ۋىلايەتنىڭ كىنو سىستېمىسىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ھەر قايسى

ناھىيە (شەھەر) لىك كىنو شىركەتلىرى بىلەن ھۆددىگەرلىك توختام-
نامىسى تۈزدى. ۋىلايەت بويىچەمەدەنىيەتلىك كىنو شىركىتى، مەدەنى-
يەتلىك كىنوخانا، مەدەنىيەتلىك كىنو قويۇش ئەترىتىنى سېلىشتۇرۇپ
باھالاش مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇپ، كىنو قويۇش ۋە مۇلازىمەتچى-
لىك قىلىش سۈپىتىنى روشەن ئۆستۈردى. كىنو فىلىم تارقىتىش
جەھەتتە جانلىق، كۆپ خىل تارقىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئۈ-
مىدۋارلىق بىلەن پىداكارلىق بىرلەشتۈرۈلگەن كۈچلۈك تەدبىر ۋە
روھ ئاخىرى قىيىن ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى. 1986- يىلى تۆت تۈر-
لۈك پىلان كۆرسەتكۈچى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك
كىنو شىركىتى ئاقسۇ شەھىرىدىكى تۈنجى تۈركۈمدىكى «مەدەنىيەتلىك
ئورۇن» ۋە 1986 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق «كىنو فىلىم تارقىتىش ـ
قويۇشتا ئىلغار شىركەت» دېگەن شەرەپكە مۇيەسسەر بولدى. تۈنىياز
ۋىلايەتلىك «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس»، ئاپتونوم
رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى» بولۇپ با-
ھالاندى. شىركەتنىڭ كەسپىدە يېڭى بىر تەرەققىيات بولدى، تېلېۋى-
زىيە، سىنئالغۇ لېنتىسىنى تارقىتىش يولى ئېچىلدى، بۇ يول تېلېۋىزىيە
بىلەن كىنونىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشتا ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى
ئۆستۈرۈشتە ئوبدان رول ئوينىدى.

كەسپتە بۇرۇلۇش بولدى، ئۇنىڭ ئۈمىدى يەردە قالمىدى، لېكىن
ئۇنىڭ ۋە شىركەتنىڭ ئالدىدا قىيىنچىلىق يەنىلا قاتمۇ قات ئىدى...

## يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ

جۇڭگو مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كارخانىچىلارغا موھتاج. جۇڭ-
گونىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يول ئېچىشقا، رىقابەتلىششكە
ماھىر، بىلىم تېپىگە، باشقۇرۇش تېپىگە، ئەقىل ـ پاراسەت تېپىگە ئى-
گە كارخانىچىلارغا موھتاج.

ۋىلايەتلىك كىنو شىركىتىنىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمى مۈشكۈل-
چىلىك بىلەن تولغان، گەرچە 1986 ـ يىلدىن كېيىن، 1987 ـ يىلى

يەنە ياخشى نەتىجە ياراتقان بولسىمۇ، بىراق شىركەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىدا يەنىلا كىرىزىس ساقلانغانىدى. 1988 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كىنو شىركىتى كارخانىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، تۈنىياز بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ شىركەتنىڭ شان ـ شەرىپىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلەتتى. لېكىن بۇ يەنىلا ئاسانغا چۈشمەيتتى.

1988 ـ يىلى «2 ـ نومۇر» لۇق كېسەللىك ئاپتى ۋىلايەت تەۋەسىدە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىنو قويۇش نۇقتىلىرى يەنە تاقىۋېتىلدى، يېزىلاردىكى كىنو قويۇش ئەترەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىش توختاتتى، مەيدان قېتىم پىلانىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش تەس بولۇپ قالدى، تاماشىبىنلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى، شەھەر ـ يېزىلارمۇ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، تاماشىبىنلارنىڭ ئادەم قېتىم سانى ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 250 مىڭدىن كۆپرەك كېمىيىپ كەتتى. بۇ ھال شىركەت ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك سىگنالى ياڭراتتى. ئۇنىڭ كەيپى ئۇچتى، ئىشتىيمۇ تۇتۇلدى، ئۇيقۇسىمۇ قاچتى. بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ ئۆزى يالغۇز دالىغا چىقتى. ئۇ زەڭگەر ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان بىر قارچۇغىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۈركۈت بولۇپ ئاشۇ چەكسىز زەڭگەر ئاسمان قوينىدا پەرۋاز قىلىپ قانات قاققۇسى كەلدى.

«مەن ھازىرقى زامان كارخانىچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، كونا ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلاش ئېقتىدارىغا ئىگە بولۇشۇم كېرەك.» ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئۈمىد نۇرلىرى چاقنايتتى.

كونا ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلىماي، ئىچكى قۇرۇلمىنى ئۆزۈل ـ كېسىل تەرتىپكە سالماي تۇرۇپ، شىركەتتە يېڭىلىق يارىتىش مۇشكۈل ئىدى. تۈنىياز بۇ ئىشنى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈپ، ئەتىسىلا بىر يۈرۈش ئىسلاھات لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قۇرۇلما تەرتىپكە سېلىنىپ، ئەسلىدىكى ئالتە بۆلۈمچە ئىككى بۆ-

لۈمچە ۋە ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەمگەك مۇلازىمەت ئورنى تەسىس قىلىندى، 3 ـ كەسىپ ئېچىلدى، يېزىلاردىمۇ كىنو بازارلىرى ئېچىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە تايىنىپ، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، «قويۇش» بىلەن «خىراجەت يىغىش» قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

1988 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كىنو تارقىتىش ـ قويۇش خىزمىتى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. تۇرلۇك پىلان ۋەزىپىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق «كىنو ـ فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش سىستېمىسى بويىچە ئىلغار شىركەت» دېگەن شان ـ شەرەپ ساقلاپ قېلىندى، ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. كارخانىنىڭ ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىنكى مۇقىم مۈلۈك مەبلىغى 500 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

## شان ـ شەرەپ

ـ كارخانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئادەم، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدىغان، زامانىۋى ئاڭغا ئىگە ئادەم، ـ دېدى تۇنىياز بىزگە.

تۇپراق قانچە مۇنبەت بولسا، ھوسۇل شۇنچە مول بولىدۇ. ۋاھالەنكى، تۇپراق ئۇچۇن ئەجىر قىلمىسا، تەر ئاققۇزمىسا، ئۇنىڭ مۇنبەت بولۇپ كېتىشى ناتايىن. تۇنىياز شىركەتتە جانلىق تىجارەتنى قانات يايدۇردى، ئەسلىدىكى فىلىم ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى يۈرەكلىك ھالدا تەڭشەپ، يېڭى فىلىملەرنى ئاۋۋال قويۇشنى قارار قىلدى.

ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تارقىتىش تارماقلىرى بىلەن قويۇش ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت شەكىللەندى. تۇنىياز قاراڭغۇ تۇمان ئىچىدە ئۈزۈپ چىققان شۇڭقاردەك ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، كارخانىنىڭ كەلگۈسى ھاياتى ئۇچۇن يېڭى «قان» تاپتى. پۈتۈن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشتى.

جەمئىيەتتە ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتكە سەل قارالغان چاغدا، شىركەت سىياسىي تەربىيە بىلەن مەنىۋى تەربىيىنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنىدىكى سىياسىي ئۆگىنىش ۋاقتىدا، جۈمە كۈنىدىكى پارتىيە، ئىتتىپاق پائالىيىتى كۈنىدە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە كارخانا خوجايىنلىق روھى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشنى بىر مۇھىم مەزمۇن سۈپىتىدە تۇتتى. شىركەتتىكى پېشقەدەم يولداشلار شىركەتنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرۈپ، ھەممە ئىشتا، ھەممە ۋاقىتتا شىركەتنى ئويلاپ، پىداكارلىق روھ بىلەن ئىشلىدى. «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك ـ تە» دېدى تۇنىياز خۇشاللىق بىلەن. ئۇنىڭ سۆزىدىن قەتئىيلىك، ئۈمىد سىگنالى ياڭرايتتى.

مول تەجرىبىلىك كارخانىچىلار ئۇزاقنى كۆزلەيدۇ، يىراق كەلگۈسىگە نەزەر تاشلايدۇ.

شىركەت ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇزاق كەلگۈسى نەزەردە تۇتۇلۇپ، بىر نەپەر ياش ئاپتونوم رايونلۇق كىنو تېخنىك مەكتىپىگە، بىر نەپەر خادىم شىئەن كىنو فىلىم تەكشۈرۈش كۇرسىغا ئەۋەتىلدى.

ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ بىلدى. ئۇ ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ، خەنزۇ مۇئاۋىن دىرېكتور بىلەن ئورتاق ھەمكارلىشىپ ئىشلىدى. مەيلى قانداق سورۇندا بولسۇن، ئۇ ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلىدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردى، تۆرلۈك ئىشتىن سىرتقى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتتى. 1200 كۋادرات مېتىرلىق بىر ئائىلە ئولتۇراق بىناسى سالدۇرۇپ، ئۆي قىس بولۇش مەسىلىسىنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلدى. ئۆتكەن يىلى 11 ـ ئايدىكى ئۆي تەقسىم قىلىشتا ئۇنىڭغىمۇ بىر يۈرۈش ئۆي تەقسىملەپ بېرىلگەندى. لېكىن، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقىنىڭ ئېغىرلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئۆيىنى

باشقا بىر كىشىگە ئۆتۈنۈپ بەردى. ئائىلە ئۇلتۇراق شارائىتى يېڭىلانغاندىن كېيىن، شىركەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شىركەت قورۇسىنى بوستانلاشتۇردى. بۇ يىل ئەتىيازدا 798 كۋادرات مېتىرلىق يەر بىتونلاشتۇرۇلۇپ، 393 كۋادرات مېتىرلىق يەرگە چوڭ ـ كىچىك گۈللۈك ياسالدى، 460 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەمگە چىم ۋە خىش ياتقۇزۇلدى. شىركەت قورۇسىنىڭ مۇھىتى گۈزەللىشىپ، ۋىلايەت بويىچە «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» لار قاتارىغا ئۆتتى ھەم شىركەت پارتىيە ياچېيكىسى 1988 ـ ۋە 1989 ـ يىللىرى ئۇدا ئىككى يىل ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە تەشكىلاتى بولۇپ باھالاندى. نەتىجە ھەقىقەتەن كىشىلەر قەلبىگە ئىلھام بەردى. ئۆتكەن يىلى 10 ـ ئايدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك كىنو تارقىتىش ـ قويۇش تىكى «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا كۇچا ناھىيىلىك كىنو شىركىتى بىلەن ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تۇمشۇق كىنو ئەترىتى مەملىكەت بويىچە «ئىلغار ئورۇن» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندە، تۇنىيازنىڭ قەلبى چەكسىز شادلىققا تولدى. ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىش شىركەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇردى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر شىركەتنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆردى. يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئۆزئارا بىر نىيەتتە بولۇشتىن ئىبارەت ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتى شىركەتتە بىر يېڭى سىمفونىيە كۈيىنى ياڭراتتى.

1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كىنو شىركىتى بۇ شىركەتكە ئەسلىدىكى ۋەزىپىنى 85 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇنداش كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈردى. بۇنداق يېسىم كۈچى شىركەتكە نىسبەتەن شۈبھىسىزكى يېڭى قىيىنچىلىقنى ئېلىپ كەلدى. يەنە قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنداق زور بېسىم ئالدىدا تۇنىياز قىلچىمۇ تېڭىرقىمىدى. ئۇ بۇ كۆرسەتكۈچ ۋەزىپىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تارقىتىش، تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تارقىتىشنى بازارغا يۈزلەندۈردى. شىركەتنىڭ 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە بولغان يىللىق كىنو قويۇش قېتىم سانى 54 مىڭ 515 كە، تاماشىبىنلار سانى 18 مىليون 641 مىڭ 854 ئادەم قېتىمغا، كىنو قويۇش كىرىمى

3 مىلىيون 152 مىڭ 166 يۈەنگە، تارقىتىش كىرىمى 1 مىلىيون 356 مىڭ 433 يۈەنگە يېتىپ، پىلاندىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا %36.28، %55.3، %73.3، %21.1 ئاشتى. پۈتۈن يىللىق كۆرسەتكۈچ پىلاندىن ئومۇمىيۈزلۈك ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نەپكە ئېرىشتى. بۇ يىل 6 ـ ئايغىچىلىك شىركەتنىڭ كىنو قويۇش كىرىمى ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %2، تارقىتىش كىرىمى %2.3 ئاشتى.

## خاتىمە

«بەخت ھامان كۈلۈمسىرەيدۇ». تېخى تۈنۈگۈنلا يۈز بەرگەن يېڭى ئىشنىڭ بۈگۈن تارىخقا ئايلىنىپ قالغىنىدەك، تۇنىياز مۆمىننىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمى ئۇنىڭ ھاياتلىق ئالبومىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېزىدى. ئۇ 10 قېتىم كۆكرىكىگە قىزىل گۈل تاقىدى. ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە بۇ كارخانىچى 27 يىلدىن بېرى يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلدى. ئۇنىڭ كىنو بازىرىدا باسقان ئاياغ تاۋۇشى خۇددى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىدەك شاۋقۇن سالدى. ئالغا ئىنتىلىش روھى يېقىملىق كۈي ياڭراتتى.

1990 ـ يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ

---

ئىزاھات: تۇنىياز مۆمىن كېيىن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ پېنسىيىگە چىقتى.

# «ئۈرۈك بالىسى»

ئۇ بىر «ئۈرۈك بالىسى». ئۇنى نېمىشقا «ئۈرۈك بالىسى» دەيمىز؟ 1983 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئاقسۇ شەھەرلىك ئۈرۈكچىلىق مەيدانىدىن چىقىدىغان ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھەم ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلار بار ئىدى. مەيدان بويىچە يىغىۋېلىنغان سۈپەتلىك سورتلۇق ئۈرۈكنىڭ يىللىق ئومۇمىي مىقدارى 52 مىڭ جىڭغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 450 يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. كۆپلىگەن ئۈرۈكچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرى بۇگۈنكى كۈندىمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ چىقىش يولىنى تاپالمايۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ھەسرەت ئىچىدە باش قاتۇرۇشاتتى، يەنە بەزىلەر تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆز تۇرمۇشلىرىنى «خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر» قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشەتتى.

1983 ـ يىل كۈز كەلگەندە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئۈرۈك يېتىشتۈرۈشى ئالدىنقى يىلدىكىدىن تۆۋەنلەپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازلاپ كەتتى. بۇ زادى قانداق ئىش؟ ئۈرۈك مەھسۇلاتى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىغا تەسىر كۆرسەتتى. دېمەك، بۇ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىدى، شۇڭا بۇ مەسىلە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاشقا باشلىدى، بولۇپمۇ ئاقسۇ شەھەرلىك ئۈرۈكچىلىق پونكىتى پۈتۈن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئۈرۈك مەھسۇلاتى ۋە ئۈرۈك سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن، ياخشى ـ يامان بولۇشىنى سىياسىي جەھەتتىن

كونترول قىلىدىغان بىردىنبىر نوپۇزلۇق ئورۇن بولغاچقا، بۇ ئورۇن بۇ ئىشقا تېخىمۇ جىددىي قارىدى. شۇ پەيتتە، بۇلار پونكىتقا ئورۇنلاشقىلى ئەمدىلا بىر يىلدىن ئاشقان بىر ياش تېخنىكنى ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق ئەڭ نامرات ئۈچ ئەترەتكە نۇقتىدا تۇرۇشقا چۈشۈردى. چىرايىدىن جۇشقۇنلۇق ھەم قىزغىنلىق يېغىپ تۇرىدىغان بۇ ياش 1982 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن غوپۇر ئىبراھىم ئىدى.

غوپۇر تەشكىل تاپشۇرغان بۇ مۇشەققەتلىك خىزمەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن ئۈمىدسىزلەنسىمۇ، يەنىلا كەلگۈسىگە زور ئىشەنچ تىكلىگەنىدى. ئۇ تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، كۆنلۈكى 10 نەچچە كىلومېتىر يولنى ۋېلىسىپىت بىلەن ئايلىنىپ، نۇقتىدا تۇرغان ئورۇنلارغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

ـ بۇ ياش، ـ دەپ سۆز باشلىدى 2 ـ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋۇت ئايۇپ، ـ پىيادە يول يۈرۈشتىن، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان غەيرەتلىك، تىرىشچان ياش ئىكەن، ئۇ بۇ يەرگە كەلمەستە ئەترىتىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى بەك ناچار ئىدى. داشقازان پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلانمىغاچقا، ھەق بىلەن ناھەق، ئاق بىلەن قارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى ئۇرغۇتۇلماي، كۆپلىگەن كەسپىي ئائىلىلەر نامراتلىقتىن باش كۆتۈرەلمىگەنىدى. بۇ ياش تېخنىك بۇ يەرگە كېلىپلا داشقازاننى چېقىپ تاشلاپ، بىر قاتار قائىدە ـ تۈزۈملەرنى دادىللىق بىلەن تۈزۈپ چىقىپ، دېھقانلارغا تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بەردى، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسەتتى. نەتىجىدە، ئەترىتىمىزنىڭ 1984 ـ يىللىق ئۇرۇق مەھسۇلاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى.

دەرۋەقە، شۇ يىلى ئۈچ ئەترەتنىڭ ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى ئەسلىدىكى 52 مىڭ جىڭدىن بىراقلا 90 مىڭ جىڭغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 450 يۈەندىن 720 يۈەنگە كۆتۈرۈلگەن، ئۇرۇق سۈپىتى جەھەتتە ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ

دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

مەن غوپۇرنىڭ تەرىپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ خانىدا دېھقانلار بىلەن ئۇرۇقلۇق بۇغداي يىغىۋېتىپتىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ھۆرمەت بىلەن قايىل بولدۇم. غوپۇر بۇ پونكىتقا يېڭى كەلگەندە ئىدىيە جەھەتتە نۇرغۇن قاتماللىقلارغا دۇچ كەپتۇ، ھەتتا ئۆز كەسپىدىن ۋاز كېچىش نىيىتىدىمۇ بوپتۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بۇ ياشقا ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلاپتۇ. ئۇ غايە يولىدا تىرىشىش ئارقىلىق بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە گەپ قىلالماسلىق ھالىتىدىن ھازىر تەرجىمانلىق قىلالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپتۇ. ئۇ ھازىر پونكىتنىڭ قوشۇمچە تەرجىمانى، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىكەن. ئۇ 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق ئۈچ ئەترەتتە نۇقتىدا تۇرغاندىن كېيىن، 297 ئۇرۇقچىلىق كەسپىي ئائىلىسىگە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىپ، مەھسۇلاتنىڭ ئۇدا ئېشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈچ قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشىپتۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ھېس قىلغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇنى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، ئالاقىدار پەن ـ تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپتۇ.

ھازىر غوپۇر ئىبراھىم ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئۇرۇقچىلىق ئىشلىرىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش يولىدا ئەستايىدىل تەجرىبە توپلاپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدەنمەكتە ئىكەن.

1987 ـ يىل ئىيۇل، ئاقسۇ

# رىقابەتچىنىڭ كارامىتى

1987 ـ يىل دېكابىر ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. بۇ كۈنلەردە ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، يىراقلاردىن سىرغىپ كەلگەن ئىزغىرىن شامال جاندىن ئۆتۈپ، ئادەمنى غال ـ غال تىترىتەتتى. لېكىن ئىككى كۈندىن بېرى ناھىيىلىك توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ كىچىككىنە يىغىن زالى تالاش ـ تارتىش، بەس ـ مۇنازىرە كەيپىياتى بىلەن قىزىپ، ئۆي ئىچى قايناق تۈسكە كىرگەنىدى. بۇ يەردە زاۋۇتتىكى 150 تىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار بىلەن بىللە زاۋۇتنى كىمگە ھۆددىگە بېرىش، يېڭىدىن زاۋۇت باشلىقى سايلاشتەك چوڭ بىر ئىشنى جىددىي تالاش ـ تارتىش قىلماقتا ئىدى. زاۋۇتنى كۆتۈرە ئالىمەن دېگۈچىلەر ئۆزىنىڭ تەدبىرلىرىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەدەپ رىقابەتلەشمەكتە ئىدى.

– زاۋۇتنى غوپۇر تۇردى ھۆددىگە ئالسا بولىدۇ، ئۇ ياش، ئىقتىدارلىق. ئۇ چوقۇم زاۋۇتنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ. باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ...

كۆپچىلىكنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ پىكرى زاۋۇتنى ھۆددىگە ئالىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىققان بىر نەچچە ئەزىمەت ئىچىدە ئاخىرى غوپۇر تۇردىغا مەركەزلەشتى. چۈنكى غوپۇر تۇردى زاۋۇتقا كەلگەن 20 نەچچە يىلدىن بېرى ھەر تەرەپتىن ئىزدىنىپ، زاۋۇت ئىچىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى. 1983 ـ يىلى زاۋۇتنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۇنجى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، ئۇ بىرىنچى

بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، سەپتىن چۈشەي دەپ قالغان ياغلىق توقۇش ئىسمىناسىنى ھۆددىگە ئېلىپ، شايار ناھىيىسىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن ھەم تۆت يىل جەريانىدا دۆلەتكىمۇ، ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرگىمۇ زور نەپ كەلتۈرۈپ، مەلۇم دەرىجىدە زاۋۇت باشقۇرۇش تەجرىبىسى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەنىدى. زاۋۇت ۋە ناھىيە رەھبەرلىرى غوپۇرنىڭ بۇ خىل تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى 1984 ـ يىلى زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرگەنىدى. ئۇ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ، تەشكىلدىن ئىشخانا، ئىش ئۇستىلى تەلەپ قىلـ ماي، ئۆزى ھۆددىگە ئالغان ياغلىق توقۇش ئىسمىناسىدا تۇرۇپ ئىشلەپ، ئىشچىلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن ھەم بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى نامايان قىـ لىپ، بىر قاتار تەدبىرلىرى بىلەن ئىسمىنانىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتـ كۈچىنى ئايمۇ ئاي ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ كەلگەنىدى.

بۇگۈنكى يىغىندا ئۇ يەنە «چوڭ ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى» ئارـ قىلىق، كۆپ ئىشلىگەنلەرنى كۆپ نەپكە، ئاز ئىشلىگەنلەرنى ئاز نەپكە ئېرىشتۈرۈش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ زاۋۇتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ھەر يىلى بىر ھەسسە، ئىشچىلارغا تېـ گىدىغان ئوتتۇرىچە نەپنى تۆت ھەسسىگە يېقىن قاتلاشقا كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەدبىر ئىشچىلارنى شۇنداق خۇشال قىلىۋەتتىكى، ھەممەيلەن دېگۈدەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، غوپۇرغا چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

ھۆددىگەرلىك — رىقابەت دېمەكتۇر. ھۆددىگە ئالىمەن دېگۈـ چىنىڭ كىشىنى قايىل قىلالىغۇدەك تەدبىرى بولسا، ئامما ئۇنى ئەلۋەتتە قوللايدۇ. مانا غوپۇر ئامما ئارىسىدا ئۆزىنىڭ زاۋۇت باشقۇرۇش تەدبىـ رىنى ئوتتۇرىغا قويىۋېدى، كۆپچىلىك ئۇنى بەس ـ بەس بىلەن قولـ لىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى كۈن داۋام قىلغان بۇ چوڭ رىقابەتتە غوپۇر تۇردى ئاخىرى ئۇتۇپ چىقتى. ئۇ ۋىلايەت بويىچە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان شايار ناھىيىلىك ئىلمە ـ توقۇلما ماللار زاۋۇتىنى قانۇنىي يول ئارقىلىق ئۈچ يىللىق مۇددەت بىلەن ھۆددىگە ئالدى.

زاۋۇتنىڭ غوپۇر تۇردىغا ھۆددىگە بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ، شايار بازىرىنى يەنە بىر قېتىم زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. زاۋۇتنى ھۆددىگە ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن تالاي كارخانىچىلار غوپۇر تۇردىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتى.

غوپۇر تۇردى قىزىلبايراق ئاستىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ھەم تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا مۇشۇ زاۋۇتقا قوبۇل قىلىنىپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى.

ئۇ بۇ زاۋۇتنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن، زاۋۇت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئۆزىنىڭ زاۋۇت باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم بىر قىسىم ئىشچىلار بىلەن دېموكراتىك كېڭەشىپ، ئۇنى قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئىلگىرى بىر ئىسمىنىدا «داشقازان» نى پاچاقلىغان بولسا، ئەمدى پۈتۈن زاۋۇت بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان «داشقازان»، «تۆمۈر تاۋاق» نىڭ ھەممىسىنى چېقىپ تاشلاشنى، زاۋۇت ئىچىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ئىككى نەپەر مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقنىڭ بىرسىنى مال مەنبەلىرىنى تەشكىللەشكە، يەنە بىرسىنى زاۋۇتنىڭ قوشۇمچە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. ئۆزى ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشنى، سۈپەتنى تۇتتى، شۇنداقلا زاۋۇت ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى ۋە ئۇنى قاتلامۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ نەپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز نەپ ئېلىشتەك سوتسىيالىستىك ئەمگەك تەقسىماتىنى ئەمەلدە كۆرسەتمەكچى بولدى. ھوقۇقنى تۆۋەنگە، ئىسمىنا باشلىقلىرىغا چۈشۈرۈپ، ئۆزى يىراقتا تۇرۇپ نازارەتچىلىك رولىنى ئوينىدى.

بۇ خىل ئىش تەقسىماتى ئىشچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىق روھىنى ئۇرغۇتسا، ئىشلىمەيمۇ مائاش ئېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چاۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى غوپۇرنىڭ بۇ خىل تەدبىرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارشى چىقىپ، ئىشلىمەي يېتىۋالدى، ھەتتا ئۇ يەر، بۇ يەرگىمۇ ئەرز قىلىپ باقتى. لېكىن ئىشلىمىگەنلەر ھامان گېپىنى ئاقتۇرالماي تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتتى. ئاي توشقاندا بىر تىيىنمۇ ھەق ئالالمىدى. غوپۇر بۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى

ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇلار ئاخىرى ئىشلىمىسەك بولمايدىكەن دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، بىلىنى چىڭ باغلاپ، تەقسىمات بويىچە ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

غوپۇر تۇردى بىر قولىدا ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتسا، يەنە بىر قولىدا ئىشچىلارغا بولغان سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنى ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى بوشاشماي چىڭ تۇتتى. چۈنكى زاۋۇتتىكى ئىشچىلار ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرماي تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۈرۈشتىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا قىيىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىشچىلار بىلەن كۆپ سىرداشتى، روھىي جەھەتتە بېسىمغا ئۇچرىغان ئىشچىلار بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشتى. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا مۇۋاپىق ھەل قىلىپ بېرىپ، غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتتى.

كارخانا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىلا بىلىپ، سېتىپ چىقىرىشنى بىلمىسە، ئۇ ھەر قانچە چوڭ كارخانا بولغان بىلەنمۇ، ھامان ۋەيران بولىدىغان گەپ. غوپۇر تۇردى بۇ ئىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن باش قاتۇردى. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى ئۇچۇر ئىگىلەشكە قاراتتى. جاي ـ جايلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ماللارنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى ئىزدىدى، ئۆگەندى.

زاۋۇتقا كېرەكلىك بولغان خام ئەشيالارنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىنەتتى. زاۋۇت باشلىقى بولغان ئادەم بىر قېتىم ئەكىلىدىغان خام ئەشيا ئۈچۈن بەزىدە مىليونلاپ پۇل تەستىقلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا غوپۇر تۇردى خام ئەشيا كەلمىگىچىلىك بىر كۈنمۇ تۈزۈك ئۇخلىيالماي، تالاي كېچىلەرنى ئەندىشە، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئاق پىشماق كەلگەن يۈزى ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. مانا كۈنلەر ئېقىن سۇدەك ئۆتۈۋەردى. زاۋۇتتىكى ماشىنىلار توختىماي چۆرگىلەپ تۇردى. ئىشلەپچىقىرىش ئايمۇ ئاي يۇكسىلىپ، ئىچ كىيىم، ئاسما مايكا، شارپا، يۇڭ ياغلىق، ھەر خىل پوپايكىلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئېشىپ، تاۋارلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بازار تېپىشقا باشلىدى.

دى. ھۆددىگە بېرىلگەن كېيىنكى يىلىلا يەنى 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا زاۋۇتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، باج ۋە پايدىسى 343 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ھۆددە كۆرسەتكۈچىدىن 500 مىڭ يۈەن، باج ۋە پايدا 123 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

بىر يىل ئىچىدىلا قولغا كەلگەن بۇ مۇۋەپپەقىيەت غوپۇرنىلا ئەمەس، بەلكى ئىشچىلارنىمۇ خۇشاللىققا چۆمدۈرۈۋەتتى. ئىلگىرى بىر يىلدا ئاران 30 يۈەن مۇكاپات پۇلى ئالالايدىغان ئىشچىلارنىڭ ھەر بىرسىگە شۇ يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 240 يۈەن مۇكاپات پۇلى تارقىتىلدى. 90 پىرسەنت ئىشچىنىڭ مائاشى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ نەپ ئېلىش پرىنسىپى بويىچە تارقىتىلغان بۇ مۇكاپات سوممىسىدىن بەزىلەرگە 800 يۈەندىن، بەزىلەرگە يەنىلا 30 يۈەندىن تەگدى. ئىشچىلار ھۆددىگەرلىكنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى، ئىشلىگەننىڭ پايدىسىنى ئەمدى ھېس قىلىشقاندى.

سېلىشتۇرماي تۇرۇپ پەرقنى تاپقىلى بولمايدۇ. غوپۇر تۇردى ئىككىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا، ئالدىنقى يىلى ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا كۆرۈلگەن يوچۇقلارنى ئىزدىدى، ئۇنى قانداق ئېتىش توغرىسىدا زاۋۇت پارتىيە ياچېيكىسىغا مەسلىھەت سالدى. كارخانا باشقۇرۇشقا ئائىت كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ئۆگەندى، كۇرسقا قاتناشتى. ئۇ ئالدىنقى يىلدىكى تەجرىبىسى ئاساسىدا، تەدبىرلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئىشچى قوبۇل قىلىش، ئىشچىلارنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، مۇكاپات پۇلى تارقىتىش ھوقۇقىنىڭ ھەممىسىنى ئىسمىنا باشلىقلىرىغا بەردى.

ئۇ ئىككىنچى يىلى تاپقان پايدىسى ۋە بىر قىسىم مەبلەغ بىلەن ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشنى، تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يەنە بىر بالداق ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپ، تىكىش ئىسمىناسىدىكى كونا ئېپتىدائىي ماشىنىلارنىڭ ئورنىغا تېز سۈرئەتلىك تىكىش ماشىنىسىدىن 10 نەچچىنى، 17 مىڭ يۈەنگە تۆۋەت چىقىرىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالدى. 20 مىڭ يۈەن خەجلەپ، پوپايكا توقۇش ئىسمىناسىنى يېڭىدىن قۇرۇپ

چىقتى. يەنە 100 مىڭ يۈەن بىلەن قۇرۇلۇش قىلدۇرۇپ، بىر قىسىم ئىسـمېنا ئامبارلىرىنى يېڭىلىدى. سېتىپ چىقىرىش مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، تاۋارلارنىڭ سېتىپ چىقىرىلىش سۈرئىـتىنى تېزلەتتى. بىر بۆلۈك تېخنىكا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىپ، ئىشچىلارنى تېخنىكا ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، زاۋۇت ئىچىدە يىلدا ئىككى قېتىم تېخنىكا مۇسابىقىسىنى يولغا قويغاندىن سىرت، بىر قىسىم تېخنىك خادىملارنى باشقا جايلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. تېخنىكا يېڭىلاشقا مەبلەغ سېلىش، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىش، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىپ چىقىرىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتۇش جەھەتتە ئىشلەنگەن بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. ئارىدىن ھەش ـ پەش دېگۈچە يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. رىقابەت ھەم ئىزدىنىشنىڭ سېھرىي كۈچى زاۋۇتقا تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. مانا زاۋۇتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1988 ـ يىلدىكىدىن يەنە 1 مىليون يۈەن، پايدا، باج 397 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1988 ـ يىلدىكىدىن 54 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە مۇكاپات سوممىسى 240 يۈەندىن يەنە ئۆسۈپ 270 يۈەنگە چىقتى.

رىقابەت قاينىمىغا چۆمگەن بۇ زاۋۇت ئىسلاھات داۋامىدا ئەنە شۇنداق تېز ئىلگىرىلىدى. بەزىلەر غوپۇر تۇردىغا:

— زاۋۇتنىڭ پايدىسى كۆپ بولغاندىن كېيىن بىرەر كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ، — دېيىشتى. بۇ چاغدا غوپۇر تۇردى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— زاۋۇتىمىزدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كۆپ، مەن بۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىماي، ئۆزۈم ئۈچۈن كىچىك ماشىنا سېتىۋالسام بولامدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ بىر كوممۇنىستقا خاس پاك قەلبىنى ئىپادىلىدى.

1990 ـ يىل ماي، شايار

# ئىيۇلدىكى بەرىكەت

يۇتۇن تەبىئەت ئىيۇل ئېيىنىڭ بەرىكىتىگە تولدى. كەڭ كەتكەن تۇتاش سالا ئېتىزلاردىكى تەكشى ئۆسكەن يېشىل مايسىلار كەلپىن يېزىلىرىدا ئېغىز تېرىلغۇسىنىڭ ئاللىبۇرۇن تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. يازلىق يىغىم شادلىقىغا چۆمگەن دېھقانلارنىڭ چېھرىدە مول ھوسۇلنىڭ ئۈمىد نۇرلىرى چاقنىماقتا، ئىلگىرىكى يىللاردا قۇربان ھېيت يېتىپ كەلگۈچىلىك جىددىيچىلىك كەيپىياتىغا چۆمۈپ كېتىدىغان كەلپىن دېھقانلىرى بۇ يىلقى قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا بېسىقىپ بوپتۇ. ئۇلار پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، يازنىڭ ئۈچ ئىشنى ۋاقتىدا ھەم سۈپەتلىك تاماملاپ، قۇربان ھېيتقا باللۇر تەييارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. دېمەك، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىششى كەلپىن دېھقانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ روھىغا كۈچ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇپتۇ. ئۇلارنى نادانلىقتىن، بېكىنمىچىلىكتىن ھەم ئېغىر مۇشەققەتتىن ئازاد قىپتۇ. مەن بۇ خۇشاللىق مەنزىرىسىدىن كەلپىن يېزىلىرىدا 13 ـ قۇرۇلتاي روھىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى، ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنلىرى بۇ نامرات ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدىكى ئىسلاھات ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ھەم دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەر مېنى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىغا سالدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ناھىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىـ

مى مۇھەممەت مۇسانى زىيارەت قىلدىم.

ــ ناھىيىمىزنىڭ يېقىنقى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئەھۋالى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، بىز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قىلچە بوشاشتۇرماسلىق شەرتى ئاستىدا، زىرائەت قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئارقا سېپىنى كۈچەيتىش ھەم مۇستەھكەملەش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئىگىلىكىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىشقا تىرىشتۇق ھەم بۇ جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

سايلانغىنىغا تېخى ئەمدىلا بىر يىلدىن ئاشقان مۇھەممەت مۇسا مېنىڭ تەكرار ئۇتتۇرىغا قويغان زىيارەت تەكلىپىمنى ئۆز ئائىلىسىدە كەچلىك دەم ئېلىش ۋاقتىدا تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلدى. بۇ كۈنلەردە ئېچىلىۋاتقان ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ سانلىق يىغىنى كەچ سائەت 30 :9 غىچىلىك داۋاملىشىپ كەتتى. ئەتىگەندىن بېرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش، ھەيئەتلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش، كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان يولداش مۇھەممەت مۇسا ئەمدىلا يىغىندىن چىقىپ تۇرۇشىغا يەنە بىر جىددىي خەۋەر ئاڭلىدى:

ــ ناھىيىنىڭ تاغلىق رايونىدىن كېلىۋاتقان بىر ئايال ئىككى باللىسى بىلەن تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. پەرەز قىلىنىشىچە، ئۇنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئىش بەك خەۋپلىك.

بۇنى ئاڭلىغان مۇھەممەت مۇسا قىلچىمۇ تېڭىرقىمىدى، ھەتتا پۇرسەت كۈتۈش ئىدىيىسىدىمۇ بولماي، دەرھال ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلىنى تېپىپ، ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتتى ھەم يېرىم سائەت ئىچىدە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، بىر ماشىنا بىلەن 16 ئادەمنى تاغ رايونىغا يولغا سالدى. بۇ چاغدا سائەت ئىسترېلكىسى ئالللىبۇرۇن 30 :10 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. خىزمەت جىددىيچىلىكى بىلەن ھېرىپ ـ چارچاشقا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان مۇھەممەت مۇسا خۇددى يېڭىدىن ئۇخلاپ قوپقان

ئادەمدەك تېتىك ھالدا مېنىڭ بىلەن يەنە يېزا ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە سۆزلىششكە باشلىدى.

ـ بۇ يىل ناھىيمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىدە ئۆتكەن يىلدىكىدىنمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. يازلىق ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 11 مىليون 300 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 500 مىڭ جىڭ ئاشتى. بۇ كىشى بېشىغا 400 جىڭ ئەتراپىدا توغرا كېلىدۇ.

ئۇ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: ناھىيمىزدە تېرىلغۇ قىلىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمى 110 مىڭ مودىن ئارتۇق بولسىمۇ، لېكىن، يەرلەر سۇنىڭ قىس بولۇش چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، بۇ يەردىن تولۇق پايدىلانغىلى بولمايدۇ. بار سۇ بىلەن پەقەت 55 مىڭ مو يەرنىلا سۇغىرىشقا بولىدۇ. بۇ چەكلىك يەردىن چىققان ئاشلىق بىلەن كەلپىندىكى 31 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ قورسىقىنى قانداق بېقىش كېرەك؟

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: بىز بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سۇغا قاراپ يەر باشقۇرۇش نىشانى بويىچە زىرائەت قۇرۇلمىسىدا تەڭشەش ئېلىپ باردۇق. كۆممىقوناق، كېۋەز ھەم قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىق ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمىنى كۆپەيتتۇق ھەمدە يەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇردۇق. يەرگە ئاساسىي ئوغۇت بىلەن بىرىكمە ئوغۇتنى كۆپلەپ بېرىش، قاشقا بېدە تېرىش ئۇسۇلى دېھقانلارنىڭ يەرنى كۈچلەندۈرۈپ، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق يەرلەرنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق يەرگە ئۆزگەرتىشتە قوللانغان تەدبىرى. بولۇپمۇ، ئاچال يېزىسىنىڭ تۇپرىقى كېۋەز تېرىشقا باب كەلگەچكە، ئىككى يىل ئىچىدىلا كېۋەز تېرىلغان كۆلەم 200 موغا كېڭەيتىلدى. ئاشلىقتا ئۆز ـ ئۆزىنى باقالمايدىغان قۇمبېرى كەنتىنىڭ 200 مو بۇغدىيىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 500 جىڭغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 100 مىڭ جىڭغا يېتىپ، تارىختا يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاشلىق مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. يۇرچى يېزىسىنىڭ تومـ

ئېرىق كەنتىدىكى ياردەملىشىشقا تايىنىپ كەتكەن 500 مو تاشلاندۇق يەر ئۆزگەرتىلىپ، بۇنىڭ 300 موسىغا قوناق تېرىلدى ھەم بۇ يەردە يېڭى مەنزىرە شەكىللەندى.

ئۆتكەن يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تۆگىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا «ئاقسۇ گېزىتى» تەھرىر ئىلاۋىسى ئېلان قىلغانىدى. كېيىن بۇ مەسىلىنىڭ قانداق ئەمەلىيلەشكەنلىكى توغرىسىدا مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم، مۇھەممەت مۇسا قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

ــ ناھىيىمىز تۆگىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر قەدەر پايدىلىق شارائىتلارغا ئىگە، ئۆتكەن يىلى قالايمىقان ئۆلتۈرۈش، سىرتقا يۆتكەش سەۋەبىدىن ناھىيە بويىچە تۆگىنىڭ سانى ئازلاپ 1800 تۇياققا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ناھىيە مەسئۇللىرى جىددىي مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇپ، تۆگە سانىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ چىقتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن 25 ئادەمنى تەشكىللەپ، ئەترەپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، 13 ئادەمنىڭ تۆگىسىنى داۋاملىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى ھەم ئۇلارغا 6000 يۈەن جەرىمانە قويغانىنىڭ سىرتىدا، ئۇلارغا تەنقىد ــ تەربىيە جازاسى بەردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىمىزنىڭ تۆگىچىلىكى يەنە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بىر يىل ئىچىدىلا تۆگىنىڭ ئومۇمىي سانى 2566 تۇياققا يەتتى.

مۇھەممەت ھاكىم چارۋىچىلىق خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ئۇ بىر يىل ئىچىدە 16 قېتىم مەخسۇس چارۋىچىلىق خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىپتۇ. بەش قېتىم تاغلىق رايونلارنى ئايلىنىپ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ھەم چارۋىلارنىڭ بېقىلىش شارائىتى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ، ئۇ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى:

ــ ھازىر چوڭ ــ كىچىك چارۋىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 133

مىڭ 724 تۈياققا يەتتى. بولۇپمۇ چارۋىنىڭ بۇ يىل كۆپىيىش نىسبىتى ئالدىنقى ھەر قانداق يىلدىكىدىن ياخشى بولۇپ 11.7% كە يەتتى. بۇ كەلپىندىكى ھەر بىر نوپۇسقا تۆت تۇياقتىن توغرا كېلىدۇ.

ــ ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر ئېتىز ـ ئېرىق ھەم يول بويىلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە 1988 ـ يىلى ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشىمنامىگە ئىمزا قويغانىدى. بۇ يىل بۇ قۇرۇلۇش ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن ھاكىمدىن.

مۇھەممەت ھاكىم دەرھال جاۋاب بەردى:

ــ بۇ يىل ئەلۋەتتە تاماملىنىدۇ. ۋىلايەت چۈشۈرۈپ بەرگەن كۆرسەتكۈچ 100 دە سەككىز يېرىم پىرسەنت ئىدى. بىز ھازىر بەش يېرىم پىرسەنتتىن ئاشۇرۇۋەتتۇق. بۇ يىل يىل ئاخىرىغىچىلىك بۇ قۇرۇلۇشنى تاماملاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز، ــ ئۇ يەنە مۇنداق دېدى، ــ كەلپىندە ئۆرۈكچىلىك بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. ئۆرۈك دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە كىرىم قىلىدىغان ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى بولۇپ، ھەر بىر نوپۇسقا يەتتە تۈپتىن ئۆرۈك توغرا كېلىدۇ. بىر يىلدا ئۆرۈكتىن بولىدىغان كىرىم 1 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ئومۇمىي يېزا ئىگىلىك كىرىمىنىڭ 13 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قوشۇمچە ئىگىلىكتىن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي كىرىم كۆرۈنەرلىك ئاشماقتا.

ئۇزۇن يىل يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بۇ ھاكىم بىر قەدەر ئەمەلىي پاكىت ھەم ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سان ـ ساناقلار ئارقىلىق مېنى قايىل قىلدى. ئۇ سۆزىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېدى:

ــ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئارقا سېپىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالدى

بىلەن زىرائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى ئوخشاشلا چىڭ تۇتۇش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. بىز نۆۋەتتە ئىككى ئورۇنغا قۇدۇق قېزىۋاتىمىز، بۇنىڭ سۈيى بىلەن 500 مو يەرگە يېڭىدىن باغ، 500 مو يەرگە ئورمان بىنا قىلماقچىمىز. تىۋىتلىك ئۆچكە بىلەن تۆگىنى كۆپەيتىپ، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ، 1800 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، كەلپىننىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرمەكچىمىز. بۇ كەلپىندىكى 31 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. يېڭى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈلمىسىنىڭ بىر نەچچە يىللىق كۈرەش نىشانى.

كەلپىن يېزىلىرىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە باي ھاياتىي كۈچىنىڭ يېزىلاردا تېخىمۇ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ بەردى.

1988 ـ يىل ئاۋغۇست، كەلپىن

## ھاكىم بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىشلار

كەلپىن نامرات جاي، بۇ ناھىيىنىڭ قۇملۇق، قۇمئېرىق، سېرىقتوغراق دېگەن جايلىرى تېخىمۇ نامرات ئىدى. لېكىن مۇھەممەت مۇسا ئۇلۇغۋار ئىرادە بىلەن 28 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ئۇ جايلاردا ئۇزۇن تۇرۇپ، دېھقانلار بىلەن بىللە كۆيۈپ ـ پىشىپ، جاپالىق ئىشلەپ، دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ، قىياپەتنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەپ كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

1965 ـ يىلى تەشكىل يولداش مۇھەممەت مۇسانى گەزلىك يېزىسىنىڭ قۇملۇق كەنتىگە بىر يىللىق ئۇزۇن تۇرۇپ خىزمەت قىلىشقا چۈشۈردى. ئەينى چاغدا قۇملۇق كەنتى ئاشلىقتا ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيدىغان، پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ جان

باقىدىغان، تەبىئىي شارائىتى تولىمۇ ناچار، تۇپراقىنىڭ قۇم تەركىبى كۆپ بولغاچقا، مايسا ئاسانلا نابۇت بولۇپ كېتىدىغان، سۇيى كەمچىل، نامرات كەنتلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇرۇنمۇ نۇرغۇن كادىر بۇ يەردە نەتىجە ھاسىل قىلالمىغانىدى. شۇ چاغدا مۇھەممەت مۇسا ئۆزىنىڭ ئەڭ جاپالىق خىزمەت ئورنىغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەۋرەنمىدى. ئۇ ئالدى بىلەن بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، تولپ مەسىلىنىڭ دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلەش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بىراق، ياش، تەجرىبىسىز كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىزا خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش، ئىشنى قەيەردىن باشلاش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. دېمەك، مۇھەممەت مۇسا بەزى ئەگرى ـ توقايلىقلار ئالدىدا گاڭگىراپ قالىدۇ، لېكىن ھەر قانداق ئادەم بىرئىش ئۈچۈن ئەجىر قىلسا، ئۇ شۇ ئىشتىن نەتىجە ھاسىل قىلماي قالمايدۇ. ئۇ كۈندۈزلىرى پىژغىرىم ئاپتاپقا قارىماي ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئارىلاپ، زىرائەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزەتسە، كېچىلىرى تۈن يېرىم بولغىچە كىرپىك قاقماي يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى بۇ كەنتنىڭ ئەمەلىيىتىگە قانداق تەتبىقلاش ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ... ئاخىرى بۇ ياش كادىرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇ يىلى قۇملۇق كەنتنىڭ ئېتىزلىرىدا مول ھوسۇل مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ، تۇنجى قېتىم بۇ كەنت ئاشلىقتا ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەشتىن سىرت، دۆلەتكە 20 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىق سېتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىش ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردۇ، بولۇپمۇ قۇملۇق كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ مۇھەممەت مۇساغا بولغان ھۆرمىتى ئاشىدۇ، ھەممە ئادەم ئۇنى بىر ئېغىزدىن تەرىپلىشىدۇ.

1974 ـ يىلى ئۇ يۇرچى يېزىسىنىڭ تۆۋەن قۇمئېرىق كەنتىگە خىزمەتكە چۈشكەندە، نۇرغۇن يەرلەرنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر نەچچە يۈز مو تاشلاندۇق يەرنى سالالاشتۇرۇپ، «ئاشلىق يېتىشمەسلىك» مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، دۆلەتكە 16 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىق سېتىپ بېرىدۇ.

تەشكىل مۇھەممەت مۇسانىڭ خىزمەتتىكى كۆرۈنەرلىك نەتىد-

جىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭ تېخىمۇ غايىلىك، قابىلىيەتلىك كادىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، ئۇنى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ يۇكسەك ئارزۇ بىلەن ئەڭ جاپالىق جايلاردا خىزمەت قىلىشقا باشلايدۇ. 1979 ـ يىلى ئۇ تەبىئىي شارائىتى ناچار، ناھىيىدىن خېلىلا يىراق بولغان سىرىقتوغراق ئۇرۇقچىلىق مەيدانى پارتكوم پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ چۈشىدۇ. شۇ چاغدا بۇ مەيدانىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 46 مىڭ جىڭ بولۇپ، بۇ مەيدانغا نىسبەتەن ياخشى سەۋىيە بولۇپ ھېسابلىناتتى. لېكىن، مۇھەممەت مۇسا بۇنىڭغا قانائەت قىلمايدۇ. ئۇ تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى ئىزدەپ، ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، تۈجۈپىلەپ ئىشلەش ئارقىلىق، مەيدانىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 96 مىڭ جىڭغا يەتكۈزىدۇ ھەمدە شۇ يىلى ناھىيىدە چاقىرىلغان ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا مۇكاپاتلىنىدۇ. ئۇ 1982 ـ يىلى يۇرچى يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان چېغىدىمۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىدۇ. 1984 ـ يىلى ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. يولداش مۇھەممەت مۇسا 20 نەچچە يىللىق يېزا خىزمىتى ئىشلەش جەريانىدا ئەمەلىي تەجرىبىگە باي بىر قابىلىيەتلىك يېزا خىزمەت كادىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ زىيارىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ يېزا خىزمىتىدىن ھېس قىلغانلىرى ئۈستىدە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېدى: «مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە پارتىيە پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى قاچۇرماسلىق، زىددىيەتكە دۇچ كەلگەندە باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويماسلىق كېرەك، مەن يېزا خىزمىتى ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ ئەجىر قىلسام، ئۆز ھاياتىمنى شۇنچىلىك مەنىلىك ھېسابلايمەن!»

1987 ـ يىل ئىيۇن، كەلپىن

# قايتا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە...

## مۇقەددىمە

قۇربان نىياز توختى بولتۇر 2 ـ ئايدىكى نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدا يەنە بىر قېتىم ئونسۇ ناھىيىسى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. بۇ ئۇنىڭ تۆتىنچى نۆۋەت بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولۇشى ئىدى. بۇ قېتىمقى سايلام ئارقىلىق ئۇ ئاممىنىڭ ئۆزگە بولغان ئۈمىدى، ئىشەنچىسى ۋە مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. قۇربان نىياز ھەر قېتىم بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغاندا، ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭى ـ يېڭى ئارمانلار تۇغۇلاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىر ـ بىرلەپ مېۋە بېرىشكە باشلىدى. بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەسىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن شادلانغان خەلق بۇ جاپاكەش ھەم تەجرىبىلىك رەھبىرىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولۇپ، «يەنىلا باشلىقىمىز قۇربان نىياز يارايدىكەن» دېيىشتى.

## ئەل بەختى ئۈچۈن

قۇربان نىياز ئالدىنقى قېتىم بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولغاندىن بۇيان يۈرەك قېنى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى ئۇقتىلىق ھالدا بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەسىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئۇلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشتەك مۇقەددەس ئىشقا سەرپ قىلدى، بۇ يولدا توختىماي ئىزدەندى. بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارىمىقىدا

بىر دېھقانچىلىق كەنتى بار ئىدى، قۇربان نىياز بۇ يەردىكى دېھقانلار-نىڭ كەلگۈسى بەختىنى كۆزلەپ، بۇ كەنتتە بىر خىش زاۋۇتى قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بازارلىق ھۆكۈمەت بىلەن كەنتنى تەڭ سەپەرۋەر قىلىپ، 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىدى. بۇ خىش زاۋۇتى 1989 ـ يىلى پۈتكەندىن كېيىن، يىلىغا 40 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن بەش يىللىق ھۆددىگە بېرىلىپ، دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈل-دى. ئۇ يەنە ھەر يىلى كەنت تەۋەسىدىكى بىر قانچە ئائىلىنى ئۆي سېلىۋې-لىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇ زاۋۇتنىڭ خىشلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچى-دىلا خېلى كۆپ دېھقانلار خىش بىلەن سېلىنغان يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقتى.

قۇربان نىياز خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپلا قال-ماي، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشقىمۇ ئەھمىيەت بەردى. بۇ بازاردا 1985 ـ يىلى قۇرۇلغان بىر خەلق باغچىسى بار ئىدى. باغچا قۇرۇلغىنىغا بەش ـ ئالتە يىل بولغان بولسىمۇ، تاكى ئۆتكەن يىلغا كەلگىچە تۈزۈكرەك راۋاج تاپماي، ئاممىنىڭ نەزىرىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى. خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم سورۇنى بولغان خەلق باغچىسىنى گۈللەندۈرۈش ئۇنىڭ دىققى-تىنى قوزغىدى. قۇربان نىياز بىر تەرەپتىن كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن باغچىنى گۈللەندۈرۈش يو-لىدا ئىزدەندى. دۆلەت بەرگەن ئازغىنا پۇل بىلەن باغچىنى ئىسكەتكە كەلتۈرگىلى، تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا باغچا قۇرۇلۇشى باشلىنىشتىن ئاۋۋال، بازار تەۋەسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، دېھ-قانلار سەپەرۋەر قىلىنىپ، 25 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن يېتەرلىك ياغاچ ـ تاش، قۇم ـ توپا قاتارلىق زۆرۈر ماددىي نەرسىلەر يىغىلدى. بۇنىڭغا دۆلەت بەرگەن پۇل قوشۇلۇپ، مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلى-سى ھەل قىلىندى. ئىش باشلانغاندىن كېيىن، قۇربان نىياز ھەر كۈنى دېگۈدەك باغچىغا كېلىپ قۇرۇلۇشقا ئۆزى باشچىلىق قىلدى. ئۇزۇنغا بارماي باغچىنىڭ 860 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پىيادىلەر يولى، راۋاق،

گۈللۈكلىرى ياسالدى، 6000 تۈپ زىننەت كۆچىتى تىكىلدى، ئالتە يۈرۈش كۆكۈل ئىچىش ئەسلىھەسى تولۇقلاندى. بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باغچا پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن بۇيان، ئۇنىڭ دەسلەپكى بىر ئايلىق كىرىمى 2200 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. باغچىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغان نۇرغۇن كىشىلەر قۇربان نىيازنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى. قۇربان نىياز بىلەن تونۇشىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئىزدىنىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى.

## چىقىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش

1985 ـ يىلى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىكى تېخى قاتمال ھالەتتە ئىدى، جۈملىدىن ئاشلىق ھوسۇلى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلىلا تۆۋەن ئىدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ بوينىدىكى 550 مىڭ يۈەن قەرزنى قانداق قايتۇرۇش مەسىلىسى ھەممە ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسى خىراجەت يېتىشمىگەنلىكتىن يېرىم يولدا توختاپ قالدى. قۇربان نىياز پارتكوم شۇجىسى لى جۇگرۈي ۋە باشقا رەھبەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەسىلىلەرنى ئورتاق كېڭىشىپ ھەل قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، چىقىش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەسىدىكى خىش زاۋۇتىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز، خىش سۈپىتى ناچار، سۈرئىتى ئاستا بولغانلىقتىن، 10 مىليون دانىدىن ئارتۇق خىش سېتىلماي، كارخانا تاقىلىپ قېلىشقا يۈزلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇلماق ئۆستۈرۈش كارخانىسى بىلەن بازارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىمۇ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئىشنى ئىدىتلىق ئىنقىلاپ كۆرگەن قۇربان نىيازنىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى. ئۇ بۇ كارخانىلارنى جانلاندۇرماي تۇرۇپ ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشتىن سۆز ئاچ-

قىلى، 550 مىڭ يۈەن قەرزنى قايتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشقا رەھبەرلەرنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىششى بىلەن، بۇ ئۈچ كارخانىنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سالدى، كارخانا ھوقۇقىنى تەجرىبىلىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ھۆددىگە بەردى. خىش زاۋۇتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ھەم بېسىلىپ قالغان خىشلارنى تېز بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، 1000 دانە خىش ساتقانلارغا 3 يۈەن مۇكاپات بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بېسىلىپ قالغان 10 مىليون دانە خىشنى بىر تەرەپ قىلدى.

ئۈچ يىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا خىش زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت قۇرۇلغاندىن بۇيان سۆرۈلۈپ كەلگەن 287 مىڭ يۈەن قەرزى پۈتۈنلەي تۈگىدى. بۇ يىل زاۋۇت بازارلىق ھۆكۈمەت بىلەن 53 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇش توختامى ئىمزالىدى. قۇلماق ئۆستۈرۈش كارخانىسىمۇ ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى. بۇ كارخانا 1989 ـ يىلى قەرزدىن قۇتۇلدى. 1990 ـ يىلى 60 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، بۇ يىل يەنە 60 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇش توختامىغا ئىمزا قويدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆسكەندىن كېيىن، بازارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىمۇ قەرزلىرىنى ئۈزۈپ بولۇپ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قالغان ئۈچ قەۋەتلىك خىزمەت بىناسىنى پۈتتۈردى، بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەسىدە 880 كۋادرات مېترلىق 40 ئېغىزلىق تىجارەت ئۆيى، 220 كۋادرات مېترلىق مېھمانخانا سالدى.

قۇربان نىياز باشچىلىقىدىكى بازارلىق ھۆكۈمەت كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش بىلەن بىللە، مېھمانخانا ۋە تىجارەت ئۆيلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن، بىر قانچە يىلدىن بېرى سۆرىلىپ كەلگەن 550 مىڭ يۈەن قەرزنى ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بولدى. بۇ يىل ئۈچ كارخانا بىلەن جەمئىي 160 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇش توختامى تۈزدى.

## خاتىمە

قۇربان نىياز پارتىيە قويىنىغا كىرگەن 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە بايرىقى ئالدىدا بەرگەن قەسىمىنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ھەر قانداق شارائىتتا، ھەر قانداق ئەھۋالدا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىدا چىڭ تۇتتى، «5 تە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» لەر ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇنىڭ ھەر قايسى ساھەلەرگە چوڭقۇر چۆكۈشى، كۆڭۈل قويۇپ خىزمەت قىلىشى، ئەمەلىي ئىش قىلىشى ئارقىسىدا، بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1990 ـ يىلى بازارنىڭ ئاشلىق، مايلىقدان ئىشلەپچىقىرىشى ۋە چارۋا مەھسۇلاتىدا تارىختىكى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. شالنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 804 كىلوگرامغا يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 151 كىلوگرام ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 1985 ـ يىلدىكى 300 يۈەندىن 980 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. بازارلىق ھۆكۈمەت پىلانلىق تۇغۇت، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش، كارخانىلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق 17 تۈردە ناھىيە بويىچە 1 ـ ۋە 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى، كارخانا باشقۇرۇشتا ۋىلايەت بويىچە 2 ـ بولدى.

1991 ـ يىل ئىيۇل، ئۈنسۇ

# پارتىيە يېتىشتۈرگەن «خوجايىن»

## مۇقەددىمە

قەلبىگە ئۇلۇغۋار ئارزۇلارنى پۈككەن ئادەم گويا قىش ـ يازدىكى جۇت ـ شىۋىرغان، بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپمۇ يېشىللىقىنى يوقاتمايدىغان قارىغايغا ئوخشايدۇ. بۇنداق ئادەملەر قەلبىدىكى ئۇلۇغ ئارزۇنى ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئىرادە ئارقىلىق چېچەكلىتىپ، ئۆزى ھەم ئۆزگىلەر ئۈچۈن خۇشاللىق، گۈزەللىك ۋە بەخت ئېلىپ كېلىشكە تىرىشىدۇ. ئەكرەم ئەرشىمۇ دەل شۇنداق قىلىۋاتقان ئادەم. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «دەۋرىمىزدىكى ماھىر ئىسلاھاتچى، بارلىقىنى ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلايدىغان قابىل خوجايىن» دەپ تەرىپلەپ كەلمەكتە. تەشكىل ئۇنىڭ غورۇچۆل يېزىسىدا ياراتقان مول تۆھپىسىگە ئاساسەن، ئۆتكەن يىلى 8 ـ ئايدا ئۇنى جىددىي خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان ئاۋات ناھىيىلىك پاختا ـ كەندىر شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلىدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ مول خىزمەت تەجرىبىسى ۋە سەزگۈر تەپەككۇرىغا تايىنىپ، پاختا ـ كەندىر شىركىتىنىڭ خىزمىتىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جانلىنىش ۋە يېڭى قىياپەت ئېلىپ كېلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

## غورۇچۆلدە قالغان ئىزلار

ئەكرەم ئەرشى 1979 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بۇ ناھىيىنىڭ غورۇچۆل يېزىلىق تەمىنلەش كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ مەزگىللەردە

ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تولىمۇ ئاستا، تاۋارلارنىڭ كېلىش مەنبەسى كەمچىل، سېتىپ چىقىرىلىشى قىيىن بولغانلىقتىن، تەمىنلەش كوپىراتىپلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەنىدى. بولۇپمۇ غورۇچۆل تەمىنلەش كوپىراتىپى بىر قانچە يىل ئۇدا زىيان تارتقاچقا، 800 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ، ئىستىقبال ھەم چىقىش يولىدىن ئۈمىد قالمىغانىدى. بۇنداق زور بېسىمغا دۇچ كېلىپ، يالاڭتۆش بولۇپ قالغان بۇ ئورۇننى ئەكرەم قانداقمۇ يېتەكلەپ ماڭار؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئەكرەم ئۆزىمۇ سەل تەمتىرەپ قالدى. لېكىن كوپىراتىپتىكى 27 ئادەم ئۈمىدىنى، شادلىقىنى، قايغۇسىنى پەقەت ئەكرەمگىلا بېغىشلىدى.

ئەكرەم مۇشۇ يېزىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، 1959 ـ يىلى ئۇ ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەندە تەشكىل ئۇنى مەكتەپتىن ئايرىپ، يېزىلىق تەمىنلەش كوپىراتىپىنىڭ بوغالتىرلىقىغا تەكلىپ قىلدى. مەكتەپتىن ئايرىلىپ جەمئىيەت دەرۋازىسىغا قەدەم باسقانلىقىدىن چەكسىز شادلانغان ئەكرەم ھەر تەرەپتىن ئىزدىنىپ، تەشكىل تاپشۇرغان ھەر قانداق ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم». بۇنى ھېس قىلغان تەشكىل ئەكرەمنى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى قارىمىقىدىكى مالىيە ـ سودا مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ھەر تەرەپتىن ساغلام، يارامىلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇ تەشكىلنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۈچ يىللىق مەكتەپ ھاياتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، رەسمىي ياردەمچى بوغالتىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى. 1978 ـ يىلغىچە بولغان 15 يىللىق بوغالتىرلىق ھاياتى ئەكرەمنى قابىل، مەسئۇلىيەتچان مالىيە خادىمى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، ئەمەلىيەتچانلىقى، ئىزدىنىشچانلىقى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئايان ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنى قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دەپ قارايتتى...

ئەكرەم ئىشنى ئالدى بىلەن يېزىدىكى 28 مىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن باشلىدى. بۇ كۈنلەردە يېزا ئىسلاھاتى ئەمدىلا باشلانغان

بولغاچقا، بىكىنمىچىلىك، نادانلىق، كونا ئەنئەنە كىشلەرنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەندى. ئۇ مۇشۇنداق پەيتتە ئاما ئارىسىغا ئىسلاھات ئۇرۇقى چېچىشقا باشلىدى. خەلق بىلەن ھەمكارلىشىپ 130 مىڭ يۈەن پاي توپلىدى. ئۇنىڭ بىۋاستە تۇتۇشى، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا بەزىلەر 10 پاي، بەزىلەر 1 پايدىن بەردى. بۇ پۇلنى بانكىغا قويۇپ، قەرزنىڭ ئۆسۈمىنى ئازايتتى. ئارقىدىنلا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ۋەزىپە بەلگىلەپ، ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم ئىش ئۆلچىمىنى ئىش ھەققىگە چاتتى. تىجارەت ئورۇنلىرىنى كۆپەيتىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتەكەنلىكتىن، كوپېراتىپىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەكرەم ئەرشى چوڭقۇر ئىزدىنىش، چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىنى قورقماي ئىسلاھ قىلدى: 1) مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوبوروتنى كۆپەيتتى. تاۋارلارنىڭ سېتىپ چىقىرىلىشىغا قاراپ مائاش تارقاتتى. 2) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆستىدىكى كونا ـ يېڭى قەرزلەرنى يىغىپ ھەرىكەتكە كەلتۈردى. 3) «4 نى قويۇۋېتىپ، 1 گە كاپالەتلىك قىلىش» تۈزۈمىنى، يەنى باھانى، تىجارەتنى، يۆتكەش مەنبەسىنى، ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قويۇۋېتىش؛ پايدىغا كاپالەتلىك قىلىشنى يولغا قويدى. 4) زىرائەت «دوختۇرخانىسى» قۇرۇپ، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى زور مىقداردا سېتىپ چىقاردى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق، 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە تەمىنلەش كوپېراتىپىنىڭ قەرزى تۆگىگەنىنىڭ سىرتىدا، 1 مىليون يۈەنلىك مەبلىغى بار باي ئورۇنغا ئايلاندى ھەمدە ناھىيە ۋە ۋىلايەتنىڭ بايراقدارى بولۇپ قالدى. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك تەمىنلەش كوپېراتىپى بۇ يېزىنىڭ تەجرىبىسىنى پۈتۈن ۋىلايەتكە كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. ئەكرەم ئەرشىنىڭ غورۇچۆلدىكى ئىزلىرى باھاردىكى قۇياش نۇرىدەك يالتىرىدى.

## خەلق مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا

ئەكرەم ئەرشى پاختا ـ كەندىر شىركىتىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇ ھەر يىلى پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىدە كۆرۈلىدىغان دېھقانلارنى قاقتى ـ

سوقتى قىلىش قىلمىشىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاچقا، دەرھال دىرېكتورلار يىغىنى چاقىرىپ، 1992 ـ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىنى نۇقسانسىز ئېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنداق قىلمىغاندا ناھىيىدىكى 25 مىڭ 875 پاختىكار ئائىلىسىنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايتتى. شۇڭا پاختا سېتىۋېلىش ئۆتكىلىدە چىڭ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئىدى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئەكرەم ئەرشى پاختا سېتىۋېلىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئىلگىرىكى يەتتە پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىنى توققۇزغا، ئالتە پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى 10 غا كۆپەيتىش بىلەن بىللە، پاختا سېتىۋېلىشقا قاتنىشىدىغان مۇلازىمەتچى خادىملارنى 593 كە كۆپەيتتى. سەككىز ئورۇندا ھەقسىز داۋالاش پونكىتى، 12 ئورۇندا چاي قاينىتىپ بېرىش ئورنى، سەككىز ئورۇندا خالتا ياماپ بېرىش ئورنى تەسىس قىلدى. دېھقانلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «پاختا سېتىۋېلىشقا پاختىنى پىرىيوم قىلماي، ئادەمنى پىرىيوم قىلىدۇ، تەشكىلىي پرىنسىپنى ئاساس قىلماي، بېسىمنى ئاساس قىلىدۇ» دېگەن قاراشنى تۈگىتىپ، ئەلا مۇلازىمەت قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پاختا سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى 10 كۈن تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، پاختا سېتىۋالغۇچىلارغا پاختىكارلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش توغرىسىدا مەخسۇس لېكسىيە سۆزلىدى. ئىلگىرىكى پاختىكارلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ پاختا پىرىيوم قىلىش ئۇسۇلىنى نومۇر بېكىتىش ئارقىلىق پىرىيوم قىلىشقا ئۆزگەرتتى. ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلىدى، نازارەتنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن «ئارقا ئىشىك» ئېتىلىپ، پاختىكارلار ئىنتايىن خۇش بولدى. لېكىن ئىلگىرى پىرىيوم قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، نەپ ئېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بىر قىسىم پىرىيومچىلار قاتتىق نارازى بولغان ھالدا: ئەكرەم دىرېكتورنىڭ كۆزى كىچىك ئادەم ئىكەن، بىزنىڭ پىرىيومچى بولغىنىمىزنىڭ نېمە پايدىسى قالدى، دېيىشتى. بۇ چاغدا ئەكرەم كەسكىن قىلىپ: خەلقنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا، بىز ھوقۇقىمىزدىن پايدىلىنىپ خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلساق، ئۇلارغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز، دەپ جاۋاب بەردى. ئەكرەم دى-

رېكتورنىڭ قاتتىق تۇتۇشى، بىۋاسىتە ئارىلىشىشى بىلەن ئۆتكەن يىللىق پاختا سېتىۋېلىشتا ھېچقانداق قالايمىقانچىلىق كۆرۈلمەيلا قالماستىن، 360 مىڭ دەن پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 420 مىڭ دەنگە، ئايرىم چۆيلەش، ئايرىم قاچىلاش، ئايرىم پىرىيوم قىلىش، ئايرىم توكۇش ئۆلچىمى 98% كە يەتتى. ئاۋات دېھقانلىرى ئەكرەم ئەرشىگە چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى.

## مەن دېھقاننىڭ بالىسى

ئەكرەم ئەرشى 1987 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەندىن بۇيان، ئۆزىگە ھەر دائىم قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئۇ «ئەمەل» تۇتقاندىن بۇيان تېخىمۇ شۇنداق قىلدى، ئۇنىڭ ئۆيىگە، ئىشخانىسىغا ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 10 ئادەم تۇرلۇك ھاجەت بىلەن كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلار ئىدى. ئۇلار ھەرگىز قۇرۇق قول كىرمەيتتى. بۇنى كۆرگەن ئەكرەم ئەرشى قاتتىق تېرىككەن ھالدا: «مەنمۇ دېھقاننىڭ بالىسى. ھازىر مېنىڭ ئائىلەمدە توققۇز ئادەم ئىشلەيدۇ. ئائىلە كىرىمىم يۇقىرى، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت» دەپ ئۇلارنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. پرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنىڭ ئىشىنى يول ماڭدۇرمايلا ھەل قىلىپ بەردى. مەلۇم بىر كىشى قىزىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ، يېقىندا ئەكرەم ئەرشىنىڭ ئۆيىگە 300 يۈەن كۆتۈرۈپ كىردى. پۇلنى كۆرگەن ئەكرەم دىرېكتورنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى ـ دە، جوزا ئۈستىدىكى پۇلنى ھېلىقى كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ: «مەن بىلمەن، سىز بۇ پۇلنى ئىنتايىن تەستە تاپقان. كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم، پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ، مەن قىزىڭىزنى مۇۋاپىق پەيتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشكە كېپىللىك قىلاي» دەپ يولغا سالدى. غورۇچۆل پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ بىر ۋاقىتلىق ئىشچىسى توختاملىق ئىشچىلىق كۆرسەتكۈچى ئالغانىدى. بۇنىڭغا يەنىلا ئەكرەم دىرېكتور ئىمزا قويمىسا بولمايتتى. بۇ

ئىشچى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن 250 يۈەن قىممىتىدىكى بىر قوينى يېتىلەپ، ئەكرەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ھەمدە يەنە يانچۇقىدىن 100 يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ، جوزا ئۈستىگە قويدى ۋە — دىرېكتور، ئاز بولسىمۇ بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم. مۇشۇنىڭغا ئىمزا قويۇپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى. ئەكرەم ئاچچىقىغا چىدىماي ئۆي ئىچىدە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ: — سىز بىزنىڭ پېشقەدەم ئىشچىمىز تۇرۇپ، مېنىڭ مىجەزىمنى قاچانغىچە بىلمەيسىز، يەنە ئىككىنچىلەپ ئۇنداق قىلغۇچى بولماڭ، — دېدى ـ دە، قوي ۋە پۇلنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا ئىمزا قويۇپ بەردى. بۇ ئىشتىن ھەيران قالغان ئىشچى يا يىغلىشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي، ئەكرەم ئەرشىنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ سىقىپ تۇرۇپ، رەھمەت ئېيتتى. بۇنداق ئىش ئەكرەم ئەرشىنىڭ 10 نەچچە يىللىق «خوجايىن» لىق ھاياتىدا نەچچە يۈز قېتىم يۈز بەردى. ئۇ پاختا ـ كەندىر شىركىتىگە كەلگەن قىسقىغىنە يېرىم يىل ئىچىدىلا 4000 يۈەندىن يۇقىرى قىممەتتىكى تۈرلۈك سوۋغا ـ سالام ۋە پارالارنى رەت قىلدى. ھەل قىلىشقا تېگىشلىك سەككىز ئادەمنىڭ ئىشىنى پرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىپ بەردى.

## خاتىمە

34 يىللىق خىزمەت ھاياتى ئەكرەم ئەرشىنى خېلىلا چارچىتىپ قويدى. ئۇ ئېغىر دەرىجىدە ئاشقازان تۆۋەنلەپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ئەسلىدىكىدىن خېلىلا ئورۇقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن يەنىمۇ كۆچىنىپ ئىشلەش ئىستىكى ئۇرغۇپ تۇرماقتا. ئىسلاھات ئارقىلىق كارخانىغا تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىش ئارزۇسى ئۇنى ئالغا ئۈندىمەكتە.

1993 ـ يىل فېۋرال، ئاۋات

# قېيىرغا سەپەر

بىز بايدىن قېيىرغا قاراپ يولغا چىققاندا كۈن چۈش بولاي دېگەندى. ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىسسىق ھاۋا ئاپتوبۇس ئىچىنى ئوبدانلا قىزىتقانىدى. بىر نەچچە كۈن داۋاملاشقان سوغۇق ئېقىمدا بىز خېلىلا توڭلىغانىدۇق. قېيىردا تېخىمۇ سوغۇق بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، چاپانلىرىمىزنىمۇ ئېلىۋالغانىدۇق. بىراق، ھاۋا بۈگۈن باشقىچە ئېچىلىپ، كىشىنىڭ بەدىنىنى كۆيدۈرگىدەك ھالەتكە كەلگەنىدى.

— ھازىر قېيىرمۇ ئىسسىپ كەتكەندۇ ھاقاچان؟ — دەپ سورىدىم مەن يېنىمدا ئولتۇرغان بىر قىزدىن. ئۇ ھەيران قالغان ھالدا:

— سىلەر قېيىرغا بىرىپ باقمىغانمۇ؟ بۇ كۈنلەردە قېيىر خېلىلا ئىسسىپ قالدى. لېكىن، باي بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھاۋا پەرقى بەك چوڭ، قېيىر تاغلىق يېزا بولغاچقا، ياز كېچىكىپ كېلىدۇ، بۇغداي، قوناق كېيىن پىشىدۇ — دېدى.

— سىلەر نېمە خىزمەت قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئارقىدا ئولتۇرغان دوغىلاق، ساقاللىق كىشى بىزگە قىزىققان ھالدا. شۇ ھامان بىر نەچچەيلەن بىشىنى بىز تەرەپكە بۇرىدى.

— بىز مۇخبىر، قېيىرنى زىيارەت قىلغىلى ماڭدۇق.

— نېمىنى زىيارەت قىلىسىلەر؟

— يېزىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلىرىنى.

— ئوبدان قىپسىلەر، ئادەتتە قېيىرغا مۇخبىر ئانچە بارمايتتى. سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار ھەممە يەرگە يېتىدىكەن.

— قانداق، يېقىنقى يىللاردا قېيىردا ئۆزگىرىش بولدىمۇ، تۇرمۇشۇڭلار ياخشىلاندىمۇ، بىز گېزىتتە تەشۋىق قىلساق بولامدۇ؟...

ـ بولىدۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ. ھازىر قىيىرمۇ ياخشىلىنىپ كەتتى. يېزا رەھبەرلىرى بىر نەچچە يىلدا دېھقانلارنى خېلىلا ھاللاندۇردى. بىر نەچچە تۈرلۈك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. ھازىر بىز پارتىيە، ھۆكۈمەتتىن رازى...

دېھقان بىلەن بولغان سوئال ـ جاۋابنىڭ قۇيرۇقى خېلىغىچە ئۇ- زۇلمىدى. ئاپتوبۇس تېخى ياسىلىپ بولالمىغان يېزا يولىدا چايقىلىپ كې- تىۋاتاتتى. يول بويىدىكى قويۇق ئورمانلىق كىشىگە ئۆزگىچە زوق بې- غىشلايتتى. ئاپتوبۇس ئىچىدە ياڭراۋاتقان يېقىملىق ناخشا كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرەتتى. بىز كانچى، ياتۇر، توقسۇن، سايرام چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قىزىل يېزىسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا سائەت 2 بولغانىدى. ئاپتوبۇس بۇ يەردە يېرىم سائەت توختىدى. يولۇچىلار پەسكە چۈشۈپ ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسە يەۋالدى. بىز ھاۋانىڭ تېخىمۇ ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

ئاپتوبۇس قىزىلدىن شەرققە قاراپ بۇرۇلدى. سىلىق ئاسفالت يولدا ئاپتوبۇس قۇيۇندەك تېز ماڭدى. دېرىزىدىن كىرگەن مەيىن شامال ئادەمنى راھەتلەندۈرەتتى. بىز بۇ مەنزىرىدىن سۆيۈنگەن ھالدا سورىدۇق:

ـ يول قىيىرغا بارغىچە مۇشۇنداقمۇ؟

ـ ياقەي، قىزىل چېگرىسىدىن چىققىچە مۇشۇنداق ياخشى، قىيىر چېگرىسىغا بارغاندا توپىلىق.

دەرۋەقە، 10 نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئاپتوبۇس توپىلىق يولغا كىردى. پايانسىز قاقاسلىقتا بىر تۈپ گىياھمۇ كۆرۈنمەيتتى. يىلاندەك ئەگرى ـ بۈگرى يېزا يولى قىيىرنىڭ قاتنىشىنىڭ قۇلايسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئاپتوبۇس تاقىر سايلىقتا بۆشۈكتەك تەۋرىنەتتى. بەزىلەرنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. بىز ھېلىقى ساقاللىق كىشىدىن قىيىر توغرىسىدا ئۇنى ـ بۇنى سوراپ باقتۇق.

ـ ئاكا، «قىيىر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

ـ بۇنى كىشىلەر ھەر خىل ئاتايدۇ. بەزىلەر «قىيىر» دېگەننىڭ مەنىسىنى «قىيا»، بەزىلەر «قىيەر» دەپ چۈشىنىدۇ. يەنە بەزىلەر «قىريار» دەيدىكەن، بۇنى مەنمۇ ئېنىق بىلمەيدىكەنمەن، ـ دېدى ساقاللىق كىشى

بېشىنى قاشلىغان ھالدا. شۇ ھامان ئاپتوبۇستا تالاش ـ تارتىش بولۇپ كەتتى. ھەممىسى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گەپ ھەر خىل ئىدى. ئاپتوبۇس بىر دەمدىلا قارا 2 ـ گازلىققا كېلىپ قالدى. يول بويىدا نېفىت ئىشچىلىرى تومۇز ئىسسىققا قارىماي، جىددىي مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن تىك يارلىق، ئەگرى ـ توقاي تۆپىلىك كۆزگە چېلىقتى. يول ئانچە خەتەرلىك بولمىسىمۇ كىشىگە قېيىرغا بېرىشنىڭ مۈشكۈللۈكىنى ھېس قىلدۇراتتى. بىزنىڭ سۆھبىتىمىز يەنە داۋاملاشتى.

ـ قېيىردا مېۋە ئوخشامدۇ؟

ـ ياق، ئانچە بەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئۆرۈك 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا ئاران پىشىدۇ، باشقا مېۋە تازا بولمايدۇ. بەلكى قېيىرنىڭ تۇپرىقى مېۋە ئۆستۇرۇشكە باب كەلمىسە كېرەك.

ـ پاختىچۇ؟ ـ بىز ئۇلاپلا سورىدۇق.

ـ ياق، پاختىمۇ بولمايدۇ، پەقەت بۇغداي، قوناق، قىچا، زىغىر، ئارپا تېرىشقا بولىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ مەھسۇلاتىمۇ يۇقىرى ئەمەس. بىدە يامان ئەمەس ئوخشايدۇ، قېيىردا چارۋىچىلىق ئاساس بولغاچقا، كىشىلەر چارۋىچىلىققا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ـ قېيىردا سۇ كۆپمۇ؟

ـ كۆپ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئادەم سۇغا ئېھتىياجلىق چاغدا سۇ تاپقىلى بولمايدۇ، ئېھتىياجلىق بولمىغان چاغدا سۇنى يىغىشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. سۇ ئادەمنىڭ رايىغا باقمايدۇ، ھاۋا ئىسسىغاندا دائىم كەلكۈن كېلىدۇ.

ـ قېيىردا تېلېفون بارمۇ؟

ـ يوق، قېيىردا خەۋەرلىشىش بەك تەس. بىرەر ئىشنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، ماشىنا، موتسىكلىت ياكى ئات ـ ئېشەك بولمىسا بولمايدۇ...

ـ سىلى يېزا باشلىقىنى تونۇمدىلا؟

ـ تونۇيمەن، ئەلۋەتتە تونۇيمەن. ئۇنىڭ ئىسمى ئەخمەت داۋۇت، ئۆزى پاكار، سېمىز بالا. ئۇنىڭ قېيىرغا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر ئوخشايدۇ. ھە دېسىلا ئاممىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، لېكىن ئۆزى قېيىرلىق ئە-

مەس.

ــ ئەخمەت داۋۇت قېيىرغا قانداق ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى؟

ــ سۆزلىسەم گەپ تۈگىمەيدۇ. ئۇ ئۆزى يول مېڭىپ قاراغول كەنتىنىڭ يولىنى ياخشىلاپ بەردى. تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىپ، ئاممىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ھەل قىلدى. چارۋىلىرىمىزنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ، يۇڭ مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈردى، بىزنى بېيىتتى.

ــ ئەڭ مۇھىمى، ــ دېدى ساقاللىق كىشى گېلىنى يېنىك قىرىپ قويۇپ، ــ ئۇ نامراتلارنىڭ بېشىنى سىيلىدى. ئاشلىق، كىيىم ـ كېچەك ئاپىرىپ بەردى. ئۆيى يوقلارغا ئۆي سېلىپ بەردى.

ئاپتوبۇس ھەيۋەتلىك يار ۋە تاقىر تاغلارنىڭ ئەگمىسىدىن ئۆتۈپ پەس تەرەپكە بۇرۇلدى. كۆز ئالدىمىزدا كەڭ كەتكەن يېشىللىق نامايان بولدى. بىز قېيىرغا يېتىپ كەلگەنىدۇق. بىر پەستىن كېيىن كەنت تەۋەسىگە كىردۇق.

ــ بۇ قازانچى كەنتى بولىدۇ، يەنە ئازراق ماڭساقلا قېيىر بازىرىغا يېتىپ بارىمىز، ــ دېدى يېنىمىزدىكى قىز ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، ئالاھازەل تۆت سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەنىدى. بىز ئاخىرى بۇ ئۇزۇن مۇساپىنى تاماملاپ قېيىرغا يېتىپ كەلدۇق.

قېيىرنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا سوزۇلغان يېڭى بازىرى كىشىگە يېڭى تۇيغۇ بېغىشلايتتى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئىدارە، ئورگانلار، تىجارەت ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىغا چاپلانغان ئاق كاھىش قۇياش نۇرىدا چاقنايتتى. مۇشۇ كوچىلاردا قېيىرمۇ ئۇبدانلا ئىسسىپ، ئۆرۈك چېچەكلىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

بىز چارچىغىنىمىزغا قارىماي ئالدى بىلەن قېيىر دوختۇرخانىسىغا كىردۇق.

ــ بىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن بىمارلارغا كۆيۈنىدۇق، بۇ جەت، تاغلىق يېزىدىكى خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ كەلدۇق، ــ دېدى دوختۇرخانا باشلىقى ئابلىز ئابدۇۋېلى بىزگە دوختۇرخانىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ. بىز بىر تەرەپتىن ئەھۋال ئىگىلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن دوختۇرخانىنى زىيارەت قىلدۇق. دوختۇرخانا قورۇسى يې-

شىللىق بىلەن قاپلىنىپتۇ. ئالدىغا سېلىنغان تىجارەت ئۆيلىرى دوختۇرخانى-نىڭ قىياپىتىگە يېڭى تۈس قوشۇپتۇ. ئامبۇلاتورىيە، بالنىست ئۆيلىرى ئازادە، پاكىز، رەتلىك بولۇپ، كىشىگە دوختۇرخانا تەرەققىياتىنىڭ تېزلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىكەن. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، داۋالاش شارائىتى ياخشى بولغان بۇ دوختۇرخانا ھازىر باي ناھىيىسىدىكى يېزا دوختۇرخانىلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا ئىكەن. دوختۇرخانىدىكى زىيارىتىمىز ئىككى يېرىم سائەت داۋام قىلدى. گەرچە چارچىغان بولساقمۇ قېيىردىكى يېڭىلىقلار بىزنىڭ روھىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئىلھامىمىزنى قوزغىغانىدى. بۇ خىل قىزغىنلىقنىڭ تۈرتكىسىدە كەچتە بىز يەنە يېزا باشلىقى ئەخمەت داۋۇت ۋە يېزىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق، مۇڭداشتۇق. پارىڭىمىزنىڭ تېمىسى ئاساسەن قېيىر، شۇنداقلا قېيىرنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە بولدى.

ئەخمەت داۋۇت پاكار، سېمىز، خۇشچاقچاق كىشى ئىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى: يېزىمىزدا 14 كەنت، 1 چارۋىچىلىق مەيدانى، 13 مىڭغا يېقىن نوپۇس، 43 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار. يېزىمىزدا چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. كىشى بېشىغا 12 تۇياقتىن چارۋا توغرا كېلىدۇ. بىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا مېڭىپ، خەلقنى مەلۇم نەپكە ئېرىشتۈردۇق. 1998 ـ يىلى يېزا بويىچە 82 مىڭ 552 تۇياق چارۋا بار ئىدى. ھازىر 103 مىڭ 753 تۇياققا يەتتى. 1998 ـ يىلى كىشى بېشى كىرىمى 600 يۈەن ئەتراپىدا ئىدى. بۇلتۇر 1026 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 249 يۈەن كۆپەيدى. بىز چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسىدا يىلمۇ يىل تەڭشەش ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭ ئۈنۈمى زور بولدى. ئاما مۇئەييەن نەپكە ئېرىشتى.

ئەخمەت داۋۇت مۇنداق دېدى: ھازىر قېيىرنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇرۇۋاتقان بىر نەچچە ئامىل بار. ئۇ توك، سۇ، قاتناش، خەۋەرلىشىش. بۇ ئىشلار ھەل قىلىنسا تەبىئىي شارائىت مەسىلىسى ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىدۇ. ھازىر بۇ جەھەتتىكى ئىشلارغا بىزمۇ تىرىشىۋاتىمىز، يۇقىرىمۇ تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلار بىر نەچچە يىلدا تامامەن ھەل بولۇپ كېتىدۇ. بىر نەچچە يىلدا چارۋىلارنىڭ نەسلى ياخشىلىنىپ، يۇڭ مەھسۇلاتى ئاشتى، چارۋىنىڭ سانى كۆپەيدى. يەنە بىر جەھەتتىن بۇغداي، قوناق، ماي-

لىقدان مەھسۇلاتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1998 ـ يىلى بۇغداينىڭ بىر ـ لىك مەھسۇلاتى 229 كىلوگىرام، قىچاننىڭ 82 كىلوگىرام ئىدى. بۇلتۇر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 296 كىلوگىرام، 115 كىلوگىرامغا يەتتى. مەھسۇلات ئاشقاندىن كېيىن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى كۆپەيدى، ھازىر 100 تۇياقتىن يۇقىرى چارۋا بورداپدىغان ئائىلىدىن 27 سى، 50 تۇياقتىن يۇ ـ قىرى چارۋا بورداپدىغان ئائىلىدىن 52 سى بارلىققا كەلدى...

ئەتىسى ئەخمەت داۋۇت، تۇردى ئىبراھىملار بىزنى كەنتلەرنى ئا ـ رىلاپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كەنت، مەھەللى ـ لەرنى ئارىلىدۇق. يول بويىدىكى ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلەر، ئېتىزدىكى بىخ سۈرگەن بۇغداي، قوناق مايسىلىرى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەت ـ تى. قازانچى كەنتىدىكى نامراتلارغا سېلىپ بېرىلگەن قاتار ـ قاتار خىش ئۆيلەر قېيىرنىڭ تەرەققىياتىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى. دېھقانلارنىڭ قورۇ ـ قوتانلىرىدىكى قوي، كالا، ئات، ئېشەكلەر ،يېڭىدىن ياسالغان ئۈزۈم قالىقى، ھويلىدە ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكى كىشىگە بۇ تاغلىق يۇرتنىڭ يېڭى قىيا ـ پىتىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى، بىز تولىمۇ خۇرسەن بولدۇق.

— قېيىرلىقلار مائارىپنى سۆيىدۇ، مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. شۇڭا بۇ نامرات يۇرتتىن نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرى چىققان. بىز ھا ـ زىرمۇ مائارىپنى چىڭ تۇتىۋاتىمىز، — دېدى تۇردى ئىبراھىم يولدا كې ـ تىۋاتقاچ. ئۇ ئارقىدىنلا بىزگە بۇلتۇر 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، بەش كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئىگىلىشىمىزچە، ھازىر قېيىردا ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە، تۇراقلىشىش نىسبىتى 97 پىرسەنتكە، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 96 پىرسەنتكە يەتكەن. قېيىرلىقلار كىچىكىدىنلا ياخشى ئوقۇپ، بۇ نامرات يۇرتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئىرادە باغلايدىكەن...

بىزنىڭ قېيىرغا قىلغان سەپىرىمىز ئۈنۈملۈك بولدى، بىز قېيىر ـ لىقلارغا تېخىمۇ زور ئامەت تىلىدۇق.

2004 ـ يىل ئاپرېل، باي

# مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى

مۇھەببەت ـ مەڭگۈلۈك تېما. ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىنى نۇرلاندۇرىدۇ، ئادەمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. پەقەت ئىنسان يۈرىكىدە لاۋۇلداپ تۇرىدىغان مۇھەببەت ئوتىلا بولىدىكەن، ئادەم ئارزۇلىغان، ئارمانلىغان ھەر قانداق نەرسە ۋىسال تاپماي قالمايدۇ. سىر بولۇپ كەلگەن تىلسىماتلار، كىشىلىك ھاياتتىكى مۈشكۈلاتلار قەلب تۆرىدە پارلاپ تۇرغان ئاشۇ مۇھەببەت تەپتىدىن ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىلىنى يارىتىدۇ. بۇنى ئابدۇخالىق ئەختەمنىڭ ياشلىق باھارى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ چىقتى. ئانا يۇرت خەلقىگە، ئانا يۇرتىنىڭ ئىسسىق تۇپرىقىغا باغلانغان چوڭقۇر مۇھەببەت رىشتى ئابدۇخالىق ئەختەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى، يۇرتىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. 2000 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇ پايتەختتىمىز بېيجىڭغا بارغاندا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۆزىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانلار ئارىسىدىن بىردىنبىر ئىلغارلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تەقدىرلىنىدىغان 20 ئادەم قاتارىغا كىرگەنلىكىنى ئويلاپ ئىنتايىن پەخىرلىك ھېس قىلدى. ئۇ: «ھازىر قوشئېرىق كەنتى بەك يىراقتا قالدى، ئەگەر پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيىلىشى، يۇرت خەلقىنىڭ قوللىشى بولمىغان بولسا ماڭا بۇنداق كاتتا شان ـ شەرەپ نەدە تۇرۇپتۇ، مەن ئۆمرۈمدە ئەڭ ئالىي مۇكاپاتلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەن تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، يۇرت خەلقى ئۈچۈن يەنىمۇ كۆپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ھەم ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ يەنە: «ئەگەر مەن يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە ئوقۇمىغان

بولسام، بۇنداق كاتتا شان ـ شەرەپكە ئېرىشەلمەيتتىم. دېھقان بولۇش ئۈچۈنمۇ چوقۇم بىلىم بولمىسا بولمايدىكەن» دەپ ئويلىدى.

بىيجىڭغا بېرىش چوڭ ئىش ئەمەس. بىراق بۇنداق چوڭ شان ـ شەرەپ ئۈچۈن بېرىش كاتتا ئىش.

34 ياشلىق ئابدۇخالىق ئەختەم ئاقسۇ شەھىرى قۇمباش يېزا قوشئېرىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ ھەيئىتى، يېزىلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 2000 ـ يىلىدىكى «1 ـ ماي» ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئىدى. بۇ قېتىم تەشكىل ئۇنى يەنە بىر قېتىم مۇنبەرگە ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىلغارلىق ئىش ـ ئىزلىرى تارىم دەرياسى ۋادىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغىدى.

## دېھقانلارنىڭ دىلكەشى، خەلقنىڭ غەمگۈزارى

ئابدۇخالىق ئەختەم قوشئېرىق كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئانا يۇرت خەلقىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ 1982 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. گەرچە ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئانا يۇرتقا، ئىسسىق تۇپراققا قايتىدىن مۇھەببەت باغلىدى. تۆھپە يارىتىشنى، كىشىلىك ھاياتنى گۈزەل مەنىلەرگە تولدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككىنى ھەمدە بۇ ئارزۇ يولىدا تىرىشتى. ئادەمدە ئىرادىلا بولىدىكەن، ئۇ ھەر قانداق جايدا ئوخشاشلا تۆھپە يارىتالايدۇ، ئۇ يۇرت خەلقى بىلەن ھەمكارلىشىپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىشنىڭ باشلامچىسىغا ئايلاندى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەقدىم قىلدى. 1988 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. 1989 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلغىچە ئەت-

رەت باشلىقى، 1991 ــ يىلىدىن 1994 ــ يىلىغىچە مۇئاۋىن كەنت باشلى-قى، 1994 ــ يىلىدىن 1996 ــ يىل 1 ــ ئايغىچە كەنت باشلىقى بول-دى. بۇ جەرياندا ئاقسۇ شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك رادىئو ــ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ بىلىمى موللاشتى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى.

1996 ــ يىل 1 ــ ئايدا ئۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇ-جىسلىق ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. ئۇنىڭ يۈكى، مەسئۇلىيىتى ئېغىرلاش-تى، ئىرادىسىمۇ كۈچەيدى. بىراق ئىشنى قەيەردىن باشلاش كېرەك؟

قوشئېرىق كەنتىدە 1312 نوپۇس، 4800 مو تېرىلغۇ يەر، سەككىز ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بار بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كې-لىدىغان تېرىلغۇ يەر 3 مودىن ئارانلا ئاشاتتى. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن ھالەتتە ئىدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كى-رىم 800 يۈەنگە يەتمەيتتى. كەنت بويىچە 50 كە يېقىن ئائىلىنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى يېتىشمەيتتى. ھەتتا بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ كىيىم ــ كېچەكلىمۇ پۈتۈن ئەمەس ئىدى.

ئابدۇخالىق ئەختەم ئالدى بىلەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ياد-رولۇقىدىكى كەنت رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سالدى ۋە كۈ-چەيتتى. كەنتنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش شارا-ئىتىنى ياخشىلاپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى بازار ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشىدى. كېۋەز، بۇغداي، قوناق، زىغىر ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئا-ئىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى ۋە يېزىنىڭ ئو-رۇنلاشتۇرۇشىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز كەنتىنىڭ شارائىتىنى نەزەر-دە تۇتۇپ، ئەلا سورتلۇق كېۋەز كۆلىمىنى يىلمۇ يىل كېڭەيتتى. بۇغداينىڭ سورتىنى ياخشىلىدى. زىرائەتلەرنى تېرىش، پەرۋىش قى-لىش، باشقۇرۇش جەھەتتە پەن ــ تېخنىكىغا تايىنىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ئۆزى دېھقانلارغا دەرس ئۆتۈپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ، پەن ــ تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى كارامىتىنى نامايان قىلدى. بەزى دېھقانلار ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئۇسۇلىغا ئېسىلىۋېلىپ، يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىشنى قوبۇل قىلالمىغاندا، ئۇ ئەمەلىيەت ئارقىلىق سى-

ناق قىلدى. يۇقىرىدىن بۇغدايغا ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى چې-
چىشنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، بىر قىسىم دېھقانلار «بۇ قانداق گەپ، دورا
چېچىپ ئوت ـ چۆپ ئۆلتۈرگىلى بولامدۇ، دورا چېچىلغان بۇغداينى
يېگىلى بولامدۇ» دەپ تۇرۇۋېلىشتى. بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئەختەم
دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ خىل تېخنىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى قايتا ـ
قايتا چۈشەندۈردى. ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ بۇغدايلىقىدا بۇ خىل ئۇسۇلنى
سىناق قىلدى. دورا چېچىلغاندىن كېيىن ئوت ھەقىقەتەن يوقىتىلدى.
دېھقانلار بۇ كارامەتكە قايىل بولۇپ، بەس ـ بەس بىلەن بۇغدايلىقىغا
دورا چېچىپ، ئوت ـ چۆپ يوقىتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇردى. 1995 ـ
يىلى بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 300 كىلوگىرامدىن ئازراق ئاشات-
تى. يېڭى تېخنىكىنىڭ ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا بۇغداي مەھسۇلاتى
يىلمۇ يىل ئاشتى. 2000 ـ يىلى بىرلىك مەھسۇلات 415 كىلوگىرامغا
يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

پاختىچىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ مۇھىم كىرىم
مەنبەسىگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئابدۇخالىق ئەختەم كەنتتىكى دېھ-
قانلارنى كۆپلەپ ئەلا سورتلۇق كېۋەز تېرىشقا ئىلھاملاندۇردى. دېھ-
قانلارنى پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت
بەردى. ئۇلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلەپ، بىرلىك
ھەم ئومۇمىي مەھسۇلاتتا يىلمۇ يىل يېڭى رېكورت ياراتتى. 1995 ـ
يىلى كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 80 كىلوگىرامغا يەتمەيتتى. 2000 ـ
يىلى ساپ پاختا بىرلىك مەھسۇلاتى 110 كىلوگىرامغا يېتىپ، يېزا بو-
يىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. كېۋەز كۆلىمىمۇ ئەسلىدىكى نەچچە مو-
دىن 3400 موغا كېڭەيدى.

ئابدۇخالىق ئەختەم پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى ئەستايىدىل
ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنى ئورتاق بېيىتىشنى كىشىلىك
ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى قىلدى. بۇ كەنتنىڭ 4 ـ ئەترىتىدىكى
ياسىن قادىر نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئۆز ئىلكىدىكى تېرىلغۇ يەرنى تې-
رىيالماي ئاق تاشلىۋەتكەنىدى. نامراتلىق، غۇربەتچىلىك ئۇنىڭ ئائى-
لىسىدىكى بەش جان ئادەمنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوي-

غانىدى. 1996 ـ يىلى ئابدۇخالىق ئەختەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ
ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا يېـ
تەكچىلىك قىلدى. خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق، ئۇرۇق ھەل قىـ
لىپ بەردى. بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىپ بەردى. ئېتىز بېشىغا چىقىپ
ئۇنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىغا
ياردەملەشتى. نەتىجىدە ياسىن قادىر كېيىنكى يىلىلا يەردىن يۇقىرى
ھوسۇلغا ئېرىشتى ھەمدە يىلمۇ يىل تىرىشىپ ئاخىرى نامراتلىق قالپىقىنى
چۆرۈپ تاشلىدى. يېڭىدىن ئۆي سېلىۋالدى، ھەتتا بانكىغا پۇل ئامانەت
قويىدى. ئابدۇخالىق ئەختەمنىڭ باشلامچىلىقى ئارقىسىدا، كەنتتىكى پارتىيە
ئەزالىرىنىڭ ھەر بىرى ئىككىدىن نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارنى
بېيىش يولىغا يېتەكلىدى ھەمدە قەد كۆتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.
مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق، ئۈچ يىل ئىچىدە كەنت تەۋەسىدىكى 47
نامرات ئائىلىنىڭ 39 ى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. كىشى بېشىغا توغرا
كېلىدىغان ئاشلىق 500 كىلوگرامدىن ئاشتى.

تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتا مەبلەغدىن قىسىلىپ قېلىش ـ دېھـ
قانلار دۇچ كېلىدىغان ئورتاق مەسىلە. ئابدۇخالىق ئەختەم كەنت پارـ
تىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپـ
چىقىرىش مەبلىغىنى ھەل قىلىشقا ھەر دائىم باش قاتۇردى. ھەر يىلى
ئەتىياز پەسلىدە يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدىن ئۆز نامىدا 50
مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگىچە قەرز ئېلىپ، ئۇنى مەبلەغدىن قىسىـ
لىپ قالغان دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز يېنىدىن
20 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، دېھقانلارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى.
بۇ پۇللارنى كۈزدە يىغىۋالدى. قەرز قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى يوقلارنىڭ
قەرزىنى قولىغا پۇل كىرگەندە يىغىۋالدى. دېھقانلارنى قەتئىي خىجىل
قىلمىدى. ئاجىز، مېيىپ، نامرات، يېتىم ـ يېسىرلارغا 1000 يۈەندىن
ئارتۇقراق قىممەتكە ئىگە ئاشلىق ۋە كىيىم ـ كېچەك ئىئانە قىلدى.
شۇڭا كەنتتىكى دېھقانلار «ئابدۇخالىق شۇجى بىزنىڭ غەمگۈزارىمىز،
بىزنىڭ دىلكەش دوستىمىز، ياخشى باشلامچىمىز» دېيىشتى.

## ھەممىدە دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش

ياخشى رەھبەر ئالدى بىلەن ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدۇ. ئابدۇخالىق ئەختەم بەش يىللىق شۇجىلىق ھاياتىدا ھەقىقەتەن دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باش قاتۇردى. ئۇ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى نۇقتىلىق تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا بورداقچىلىق، باقمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. دېھقانلارنى باقمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇلارنى مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتتىن قوللىدى. ئۇلارغا ئاكتىپ مەدەت بەردى. ھەتتا يېزا پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى ھەل قىلىپ بەردى. نەتىجىدە بەش يىل ئىچىدە باقمىچىلىق، بورداقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى ئەسلىدىكى يەتتە ئائىلىدىن 35 كە كۆپەيدى. كەنت بويىچە ئومۇمىي چارۋا 2800 تۇياقتىن 4000 تۇياققا كۆپەيدى. 80 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئائىلە بەش تۇياقتىن ئارتۇق قوي، كالا بورداشنى ئىشقا ئاشۇردى. كەنت بويىچە 244 ئائىلىنىڭ 200 دىن كۆپرەكى توخۇ، كەپتەر بېقىش بىلەن شۇغۇللاندى.

كەلگۈسى تەرەققىياتقا يول ئېچىش ئۈچۈن، ئابدۇخالىق ئەختەم دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، كەنت تەۋەسىدە كەڭ كۆلەملىك سالالاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. بەش يىل ئىچىدە جەمئىي 820 مو يەرنى سالالاشتۇرۇپ چىقتى. دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئولتۇراق رايونى ۋە كەنت تەۋەسىدىكى يوللارنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ ئۆلچەملەشتۈردى. ئېتىز ـ ئېرىق ۋە يول بويلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 95 پىرسەنتكە يەتتى.

قوشئېرىق كەنتىدە سۇ ئىسراپچىلىقى ئېغىر ئىدى. ئابدۇخالىق ئەختەم بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاممىنى قوزغاپ، پىلانلىق ئىش كۆرۈپ، خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن بەش يىل ئىچىدە جەمئىي ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭگە ئۆزگەرتىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن

كەنتنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلىنىپ، سۇ ئىسراپچىلىقى ئۈنۈم-لۈك كونترول قىلىندى.

دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاش ئابدۇخالىق ئەختەم ئىنتايىن كۆچەپ تۇتقان ئىشنىڭ بىرسى. توك ھەققى بۇ كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان مۇھىم ھەم قىيىن بىر ئىش ئىدى. بىر كىلوۋات توك ھەققى ئۈچۈن ھەتتا 6.30 يۈەندىن ئېلىناتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ كەنتتە مەخسۇس توك باشقۇرغۇچى سەپلەپ، سىم يوللىرىنى پۈتۈنلەي يېڭىلاپ چىقتى. توك ئوغرىلاش، قاقتى ـ سوقتى قىلىش، ئارتۇق ھېسابلاش، بىرقىسىم كەنت كادىرلىرى توك پۇلى تۆلىمەسلىك قاتار-لىق ناچار خاھىشلارنى توستى ۋە بىكار قىلدى. ھەممە ئائىلىگە توك سائىتى ئورنىتىپ، ئىشلەتكىنىگە قاراپ پۇل ھېسابلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن توك ھەققى تۆۋەنلىدى. ئىلگىرى كەنت تەۋە-سىدە قالايمىقان جەرىمانە ئېلىش، قالايمىقان سېلىق سېلىش، قالايمى-قان پۇل يىغىش ئەھۋالى مەۋجۇت ئىدى. ئابدۇخالىق ئەختەم شۇجى-لىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئەھۋالنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. سىياسەت، پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقان ئەترەت ۋە كادىرلارغا تەنقىد ـ تەربىيە بېرىش-نى ئاساس قىلىپ، ئۇلارنى كەمچىلىكىنى تۈزىتىپ، ئىلغارلارغا يېتىش-شۋېلىشقا ۋە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىشكە ئىلھاملاندۇردى. كەنت ئىشلى-رىدا ئاشكارا بولۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مالىيە كى-رىم ـ چىقىم ئەھۋالى، دېھقانلارنىڭ ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرى قاتار-لىقلارنى يىلدا ئىككى قېتىم باڭ چىقىرىپ ئېلان قىلدى.

1995 ـ يىلى كەنت تەۋەسىدە 85 مو كۆلەمدە باغ بار ئىدى. ئۇ 1996 ـ يىلدىن باشلاپ، باغ كۆلىمىنى كېڭەيتىش پىلانىنى ئوت-تۇرىغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ بېغى ئەتراپىدىكى بوش يەرلەردىن پايدى-لىنىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە باغ كۆلىمىنى 200 موغا كېڭەيتتى ھەمدە 100 مو كۆلەمدىكى باغنىڭ سورتىنى ئۆزگەرتىپ چىقتى. ھازىر بۇ باغلارنىڭ ھەممىسى ھۆددىگە بېرىلدى. ئۇ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ

شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەندە، كوللېكتىپنىڭ ھېسابىدا بىر پۇڭ پۇل يوق ئىدى. ئۇ باغ ۋە يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش ئارقىلىق، يىلىغا كەنتكە 30 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھازىر كوللېكتىپنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ئۇ بۇ پۇلنى يەنە دېھقانلارنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئايلانما مەبلەغ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار تېرىقچىلىق مەزگىلىدە مەبلەغدىن غەم قىلمايدىغان بولدى. نەتىجىدە كەنتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ۋاقتىدا تاماملىنىپ، تۈرلۈك ئىشلىرى يىلمۇ يىل ئالغا باستى. دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيدى، كەنت بويىچە 88 پىرسەنت ئائىلە تېلېۋىزور، 45 ئائىلە چوڭ ــ كىچىك تراكتور سېتىۋالدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە يەتتى.

خەلقنىڭ ياخشى چاكىرى بولۇش ھەر بىر پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ئابدۇخالىق ئەختەم كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ، يۇقىرى ئۆلچەم قويۇپ، يۇرت خەلقىنىڭ ياخشى چاكىرى، كۆيۈمچان شەيقەتچىسى بولدى. قىيىنچىلىققا يولۇققان، ئەرز ــ شىكايەت، ھال ــ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن دېھقانلارنىڭ يۈرەك سادالىرىغا ئەستايىدىل قۇلاق سالدى. ھەل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى پرىنسىپ بويىچە ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى. كەنتنىڭ سابىق پېشقەدەم شۇجىسى غوجامنىياز ئەمەر بىر كۈنى كېچىدە قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ، ئېغىر يارىدار بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا پۇل يوق بولغاچقا، دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىشقا ئامالسىز قالدى. ئەگەر ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارمىغاندا، ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئابدۇخالىق ئەختەم تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئۆيىدىن 1000 يۈەن پۇل ئېلىپ غوجامنىياز ئەمەرنى ئۆزى كېچىلەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرخانىغا ۋاقتىدا ئېلىپ كېلىنگەچكە، غوجامنىياز ئەمەرنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىندى.

كەنتنىڭ ئىشچىسى ئاقنىياز ئەلانىڭ ئۈچ بالىسى بىراقلا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغاندىمۇ، ئابدۇخالىق ئەختەم ئۆز يېنىدىن 2000 يۈەن

پۇل چىقىرىپ، ئۆزى كېچىلەپ ئۇلارنى شەھەردىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى ھەم ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

ئابدۇخالىق ئەختەم يېزىلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاممىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدى، تەلەپ ـ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇنى ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. بۇ كەنتتىكى دېھقانلار ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش خىزمىتىگە قارىتا ئىنتايىن نارازى بولۇپ كەلگەنىدى. ئابدۇخالىق ئەختەم خەلقنىڭ بۇ تەلىپىنى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا سۇندى. يىغىندا بۇ تەلەپ ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارىلىپ، تېزلا بىر تەرەپ قىلىندى. ئابدۇخالىق ئەختەم دائىم ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ تۇردى. ئۇلارغا پارتىيىنىڭ تۈرلۈك لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئامما بىلەن كادىرلارنىڭ، تۆۋەن بىلەن يۇقىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

## «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش

ئابدۇخالىق ئەختەم بىر قولىدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى، يەنە بىر قولىدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتتى، تۇتقاندىمۇ قاتتىق تۇتتى. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېتەكلىك خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ پىلانى، قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى تۈزۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، پىلانلىق تۇغۇت، جەمئىيەت ئامانلىقى، مۇقىملىق خىزمەتلىرىدە ئومۇميۈزلۈك يېڭى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى قەرەللىك ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ھەپتىلىك، ئايلىق پىلان تۈزۈپ، ئۆگىنىش مەزمۇنلىرىنى ئېنىق بېكىتىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى شۇنداقلا يۇقىرى

دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ تۈرلۈك قارار، ھۆججەتلىرى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەم مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش، پاك، ئىنتىزامچان بولۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر ۋە سىستېمىلىق قانات يايدۇردى. پارتىيە ئەزالىرىنى 100 نومۇرلۇق ئۆلچەم بويىچە باھالاپ، تۆت پەسىللىك باھالاش نەتىجىسىنى باك چىقىرىپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويدى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قاتتىق چەكلىدى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرالايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈردى. پارتىيە ئەزالىرىنى ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش بويىچە تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئابدۇخالىق ئەختەم پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سەرخىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى ئىككى نەپەر ئىنتىپاق ئەزاسىنى، ھەر بىر ئىنتىپاق ئەزاسى ئىككى نەپەر ياشنى ھۆددىگە ئېلىپ تەربىيىلەش، ئالاقە باغلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يىلدا پارتىيىگە كىرىش شەرتىنى ھازىرلىغان مۇنەۋۋەر ئىنتىپاق ئەزالىرىدىن ئىككىدىن ئۈچكىچە كىشىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. تۆت يىل ئىچىدە جەمئىي 12 كىشى پارتىيىگە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 62 گە يەتتى.

بۇ كەنت تەۋەسىدە 32 نەپەر خەنزۇ دېھقان بار بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ كەنتتىكى ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن خەنزۇ دېھقانلار بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىپ، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ كەنت ئاپتونوم رايون ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەندى.

جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىگە ھەقد-

قىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئابدۇخالىق ئەختەم كەنت تەۋەسىدە 10 ئائىلىنى بىرلىك قىلغان بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىدىن جەمئىي 19 نى قۇرۇپ چىقتى. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، كەنت تەۋەسىدە چارلاش، دىجورنىلىق قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئالدىنى ئېلىشنى چىڭ تۇتتى. سىرتتىن كىرگەن، سىرتقا چىققانلارغا قارىتا باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتتى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە ئەجەللىك زەربە بەردى. بۇنىڭ بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەنتنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىدە ھېچقانداق چوڭ ـ كىچىك مەسىلە كۆرۈلمىدى. خەلق خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ياخشى مۇھىت بارلىققا كەلدى.

ئابدۇخالىق ئەختەم دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ھەممە ئائىلىلەرگە تەشۋىق قىلىپ، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە شۇنداقلا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. كەنت كادىرلىرى ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى دائىرە بويىچە مەسئۇل قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ سايمانلىرىنى ۋاقتىدا تارقىتىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. نەتىجىدە يېقىنقى تۆت يىل جەريانىدا كەنت تەۋەسىدە پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالى سادىر بولمىدى. پىلانلىق تۇغۇت ئومۇملاشتى. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى.

مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن ئېلىگىرى سۈرۈلدى. ئابدۇخالىق ئەختەم كەنت مىقياسىدا مەدەنىي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، مەدەنىي ئائىلە، 10 يۇلتۇزلۇق ئائىلە بەرپا قىلىش دولقۇنىنى قوزغاپ، ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇ-

رۇپ، دېھقانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈردى. تۆت يىلدا كەنت بويىچە مەدەنىي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئالتىسى، مەدەنىي ئائىلىدىن 190 ى، 10 يۇلتۇزلۇق ئائىلىدىن 170 ى يېتىشىپ چىقتى.

ئابدۇخالىق ئەختەم كەنت ئىشخانىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، كەنت قورۇسىغا دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ تىكتى، ئۈزۈم بارىڭى ياساتتى، كەنت ئىشخانىلىرىنىڭ مۇھىتىنى گۈزەل تۈسكە كىرگۈزدى.

مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك دېھقانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مائارىپنى تۇتۇش كېرەك. ئىلگىرى بۇ كەنتتە ساۋاتسىزلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئابدۇخالىق ئەختەم دېھقانلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىغا قاتناشتۇردى. ئۆزىمۇ بىۋاستە دەرس ئۆتتى. نەتىجىدە ھازىر دېھقانلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە يەتتى.

ئۇ مائارىپ خىزمىتىنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى. ئاتا ـ ئانىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 20 مو تېرىلغۇ يەر ھەل قىلىپ بەردى. ئۈچ ئېغىزلىق سىنىپ سالدۇرۇپ بەردى، ئۈزۈم بارىڭى ياستىپ بەردى، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى سىرلاپ، كونا سىنىپلارنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن مۇكاپاتلاش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگىكىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن سىرت، ئۇلارغا يىلدا 200 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. بالىلىرىنى مەكتەپكە بارغۇزمىغان ئاتا ـ ئانىلارنى تەنقىدلەپ، بالىلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى. نەتىجىدە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە، تۇراقلىشىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى.

سوتسىيالىستىك ئىدىيە، تەشۋىقات بازىسىنى پۇختا ئىگىلەش

كەنتلەرنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسى. ئابدۇخالىق ئەختەم كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئىدىيە، ئىستىل، تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، توغرا ئىدىيە، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش، قىممەت قاراش تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. كەنت تەۋەسىدىكى رادىئو كانىيىنى ئىشقا سېلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازىنى خەلققە ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئەختەم قوشئېرىق كەنتىنىڭ بۇ باغرى ئىللىق تۇپرىقىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، قېرىنداشلارنى يېتەكلەپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە ئەقىل ـ پاراستى ئارقىلىق، كەنت مىقياسىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. كەنت تۈرلۈك خىزمەتلەردە كۆپ قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئابدۇخالىق ئەختەمنىڭ بۇ زېمىنغا تۆككەن تەرى ئۇنى شان ـ شەرەپ مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكوم، قۇمباش يېزىلىق پارتكوم تەرىپىدىن 10 قېتىم «ئىلغار پارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى»، «ئىلغار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى» بولۇپ تەقدىرلەندى.

2000 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. بۇ يىل 1 ـ ئايدا قۇمباش يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى.

«يۇرتىمىز بەكمۇ چىرايلىق، بۈك ـ باراقسان ئۆزگىچە،
نېمىتى مول، ئۆكسۈمەيدۇ تا باھاردىن يازغىچە.»

ئابدۇخالىق ئەختەم مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم دېھقانلارنى بېيىتىش. 2005 ـ يىلغا بارغاندا مەن كەنت بويىچە ھەممە ئائىلىدە بىردىن تراكتور، 50 تۇياق چارۋا، 30 مىڭ يۈەندىن پۇل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن. بارلىقىمنى يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، دېھقانلارنى بېيىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، كەنتىمىزنى ئاقسۇ ۋىلايىتى شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە باي، ئىلغار، مەدەنىيەتلىك كەنت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلايمەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى تاسادىپىي ئېيتىلغان ئەمەس. ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان، ئانا يۇرت خەلقىگە بولغان قايناق مۇھەببەت تەپتىدىن پارتلىغان سادا ئىدى...

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ئىدى...

2001 ـ يىل ماي، ئاقسۇ

13 ياشلىق قىز نۇرگۈلنىڭ يۈزىدىكى ئۆسمە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. نۇرغۇن ئورۇن ۋە شەخسلەر ئۇ-نىڭغا پۇل ئىئانە قىلدى. يېزا ئىگىلىك 1 ــ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى مەخسۇس «نۇرگۈلنى داۋالاش فوندى» تەسىس قىلدى ۋە شىئەندىن مەخسۇس نۇرگۈل ئۈچۈن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. نۇرگۈلگە سۇنۇلغان ساخاۋەتلىك قوللار، سەممىي تىلەكلەر كىشىلىك دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى نامايان قىلدى.

# «بىتەلەي قىز» نىڭ بەختى

## ھەسرەتلىك تەقدىر

ــ قىزىم نۇرگۈل ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، قانداقمۇ قىلار-مىز؟ يا داۋالاتقۇدەك پۇل بولمىسا، يا جەمئىيەتتە بىرەر يۈز ــ ئابرۇي-لۇق تونۇشىمىز بولمىسا. ئاھ خۇدا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق! بىزگە كىممۇ ياردەم قىلار؟!...

مانا بۇ، نۇرگۈلنىڭ ئانىسى پاتەمخاننىڭ نىداسى ئىدى. مۇشۇ بىر يىل مابەينىدە، ئۇنىڭ كۆز يېشى قۇرۇمىدى. قىزىنىڭ يۈزىدىكى كۈندىن ــ كۈنگە يوغىناپ كېتىۋاتقان ئۆسمە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىش-تۇراتتى. ئۇ قىزىنى ئاقسۇدىكى خېلى كۆپ دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالاتتى. لېكىن، ئۈنۈمى بولمىدى. بۇلتۇرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئۆسمە تېخىمۇ يوغىناپ، نۇرگۈلنىڭ تاماق يېيىشى، ھەتتا گەپ قىلىشىغىمۇ قولايسىزلىق تۇغدۇردى. ئاخىرى پاتەمخان ئۆيىدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ساتتى. ئۇرۇق ــ تۇغقان-

لىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن يەنە قەرز سورىدى. شۇنداق قىلىپ ئازراق پۇل غەملەپ، 8 ـ ئايدا قىزىنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا كۆرسەتتى. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، بۇ خىلدىكى ئۆسمە خەتەرلىك ئىكەن، ئۆسمە بۇنداق يوغىناۋەرسە ئۇ ـ نىڭ قۇلاق، كۆز، يۈتقۇنچاق قىسمىدىكى تومۇرلىرىنىڭ نورمال ھەرىـ كىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىكەن، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىكەن. بۇنداق ئۆسمىنى ئوپېراتسىيە قىلىشمۇ قىيىن ئىكەن. ئەگەر ئوپېراتسىـ يە قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئاز دېگەندىمۇ 15 مىڭ يۈەن پۇل بولمىسا بولمايدىكەن.

يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق. دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پا ـ تەمخاننىڭ بېشى قېيىپ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئۇنىڭ مىڭ بىر تەسلىكتە غەملەپ كەلگەن پۇلى ئاران تەكشۈرۈش ھەققى ۋە ئازراق دورا سېتىۋېلىشقا ياردى. ئەمدى 15 مىڭ يۈەننى نەدىن تاپ ـ قۇلۇق؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ئوپېراتسىيمۇ خەتەرلىك ئىكەن. پا ـ تەمخان ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قىزىنى ئاقسۇغا قايتۇرۇپ كەلدى ۋە دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۈدۈللۇق دورا سېتىۋېلىپ نۇرگۈل ـ نى ئۆيىدە داۋالىدى. بىراق، نۇرگۈلنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە غەلىتە بو ـ لۇپ قېلىۋاتقان چىرايىغا قاراپ، ئانا ئۆزىنى زادىلا باسالمىدى. نامرات ـ لىق، يوقسۇزلۇق بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئېغىر ھەسرەتكە مۈپتىلا قىل ـ دى. نۇرگۈل مەكتەپكىمۇ بارالمىدى. كىممۇ ئۆز پەرزەنتىنىڭ بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالايدۇ؟

13 ياشلىق نۇرگۈل ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازىرىدىكى تېگىن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بەش يىلىنىڭ ئالدىدا ئۇ ـ نىڭ ئوڭ يۈزىگە ئۆرۈك مېغىزى چوڭلۇقىدا بىر كۆك پەيدا بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ كۆك تەدرىجىي يوغىناپ، ئۇنىڭ تاشقى گۈزەللىكىگە ئېغىر نۇقسان يەتكۈزگەن. ئاخىرى تەرەققىي قىلىپ ھا ـ زىرقى ھالەتكە يەتكەنىدى.

نۇرگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تېگىن كەنتىدىكى نامرات دېھقانلار بولۇپ، تۆت پەرزەنتى بار ئىكەن. دادىسى قادىر ئاقنىياز يەتتە يىلنىڭ

ئالدىدا نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىكەن. ئائىلىدىكى ئالتە جان ئادەم بەش مو يەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ھېچ-قانداق قوشۇمچە كىرىم مەنبەسى يوق ئىكەن. بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان نۇرگۈلنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى ئىكەن. بىراق، تەقدىر ئۇنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

نۇرگۈلنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ئايكۆل بازىرىنىڭ رەھبەر-لىرى تېزدىن كادىرلارنى پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپتۇ. بازار ئورگىنىدىكى كادىرلار ۋە مائارىپ ئىشخانىسى 3000 يۈەن يىغىپ، نۇرگۈلنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇ پۇل بىلەن مەسىلە ھەل بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ھەسرەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟

## گېزىت خەۋىرى كۈچىنى كۆرسەتتى

پەرزەنت ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى. قىزنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئىستىكىدە، پاتەمخان تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ ياردەم سوراپ باقتى. بىراق، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۇ باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىزى نۇرگۈلنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، گېزىت ئارقىلىق جەمئىيەتتىن ياردەم سوراش ئىدى. گېزىتخانىدىكى تەھرىر ـ مۇخبىرلار نۇرگۈلنىڭ يۈزىدىكى ئۆسمىگە قاراپ ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى. مۇئاۋىن باش مۇھەررىر باتۇر رەخمۇتۇللا نەق مەيداندىلا يانچۇقىدىكى 120 يۈەننىڭ ھەممىسىنى ئۇ-نىڭغا بەردى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن باشقا تەھرىر، مۇخبىرلارمۇ بەس ـ بەستە كۆڭۈل ئىزھار قىلدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە 350 يۈەن-دىن ئارتۇق پۇل يىغىلدى. گېزىتخانا رەھبەرلىرى يەنە گېزىتتە بىر پارچە مۇراجىئەت خاراكتېرلىك خەۋەر بېرىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى «ئاقسۇ گېزىتى» گە «غۇنچە قۇ-رۇپ كەتمىسۇن» ماۋزۇلۇق بىر پارچە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىندى. مۇراجىئەتنامە جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. نۇرغۇن ساخا-

ۋەت ئىگىلىرى نۇر گۈلگە ياردەم قولىنى سۇندى. ئاقسۇدىكى «يېڭى چىمەنزار رېستورانى»، «يېڭى خۇشناۋا رېستورانى»، «باش باھار» كەپتەر گۆشى شورپىخانىسى، چىمەنگۈل كىيىم لايىھىلەش ـ تىكىش ئورنى، ئايمگۈل كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىنىڭ خوجايىنلىرى بەس ـ بەستە پۇل ئىئانە قىلدى. ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئونسۇ ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، ئاقسۇ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاقسۇ شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ، 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئېگەرچى ئوتتۇرا مەكتەپ، 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار نۇرگۈلگە ياردەم قولىنى سۇندى. 100 يۈەن، 300 يۈەن، 500 يۈەن، 1000 يۈەن، 2000 يۈەن...

بەزى ئورۇنلار نۇرگۈلگە پۇل ئىئانە قىلىشنى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاشنىڭ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى يۈكسەكلىكىدە تونۇدى ھەم بىۋاسىتە نۇرگۈلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھال سورىدى. بەزىلەر ئىئانە پۇلنى گېزىتخانا ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بەردى. يەنە بەزى ئورۇنلار دوختۇرخانىغا بېرىپ نۇرگۈلنى يوقلىدى. تەسىرلىك مەنزىرە نۇرگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ھاياجانغا سالدى. 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان زىلۋا بويلۇق بىر خانىم ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا كېلىپ، ئۆزى ۋە ئىككى دوستىغا ۋەكالىتەن نۇرگۈلنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل ئىزھارى بولغان 1500 يۈەن پۇلنى بىمار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈندى. رازىيە ئوسمان ئىسىملىك بۇ خانىم ئەسلى ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا تۇغقان يوقلاپ كەلگەنىكەن. ئۇ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە «ئاقسۇ گېزىتى» دىن نۇرگۈلنىڭ كېسىلىگە ئائىت خەۋەرنى كۆرۈپ، ئىنتايىن بىئاراملىق ھېس قىلغان ھەم ئاز بولسىمۇ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشنى ئويلاپ، ئويلىغانلىرىنى ئۈرۈمچىدىكى دوستلىرىدىن مۇنەۋۋەر، مۇختەبەرلەرگە تېلېفون ئارقىلىق ئېيتقان. ئۇنىڭ بۇ ئىككى دوستىمۇ نۇرگۈلگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، دەرھال 500 يۈەندىن پۇل ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ خا-

نىم 500 يۈەندىن جەمئىي 1500 يۈەن پۇلنى گېزىتخانا ئارقىلىق نۇرگۈلنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ ئىش جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان. نۇرگۈلنىڭ ئانىسى تەسىرلەنگەن ھالدا: قىزىم بىتەلەي ئەمەسكەن، بىز بىتەلەي ئەمەسكەنمىز. شۇنچە كۆپ ئادەم قىزىمغا كۆڭۈل بۆلدى. قىزىم نېمە دېگەن بەختلىك، بىز نېمە دېگەن بەختلىك، ـ دېدى ۋە ساخاۋەت ئىگىلىرىگە ياش تۆكۈپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى. ئىلگىرى ئۇ ئازابتىن يىغلىغان بولسا، ئەمدى خۇشاللىقتىن،بەختتىن يىغلاۋاتاتتى. «تاما ـ تاما كۆل بولۇر» . دەرۋەقە بىر يېرىم ئاي ئىچىدە نۇرگۈل ئۈچۈن 14 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل توپلاندى. پاتەمخان كۆڭلىدە قىزىنى بالدۇرراق ئۇرۇمچىگە ئاپىرىشنى ئويلىدى ۋە ئۆزىنى خېلىلا يەڭگىل، خۇشال ھېس قىلىشقا باشلىدى.

## كۈتۈلمىگەن ياردەم قېرىنداشلىق مېھرى ھاسىل قىلدى

نۇرگۈل ھەققىدىكى خەۋەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، گېزىتتىن تېلېۋىزورغا، جەمئىيەتتىن رەھبەرلىك ئورگىنىغا كۆچتى. ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تۇرسۇن ئاباس نۇرگۈلنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ ئىنتايىن بىئارام بولدى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىر كۈنى ئۇ يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسى دوختۇرخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، دوختۇرغا نۇرگۈلنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتى. دوختۇرلار نۇرگۈلنى داۋالاشنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلدى. 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۇرسۇن ئاباس نۇرگۈلنى تېپىپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى ۋە ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرتتى. ئېغىز بوشلۇقى بۆلۈمى ئۇنى بالنىستقا ئالدى. بىراق، نۇرگۈلنىڭ يۈزىدىكى ئۆسمە ھەددىدىن زىيادە يوغىناپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دوختۇرلار بىرئاز ئەندىشە قىلدى. چۈنكى، دوختۇرخانىنىڭ بۇ خىلدىكى ئۆسمىنى بىر تەرەپ قىلىش شارائىتى تولۇق ئەمەس ئىدى. نۇرگۈلنىڭ كېسىلى يەنە ئارىسالدىچىلىق ئىچىدە قالدى. ئەمما «ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب» قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى قىلىپ كەل-

گەن دوختۇرخانا بۇ غۇنچىنىڭ بەھۇدە توزۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرسا بولامدۇ؟ بۇ سوئال دوختۇرلارنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئەتتى. دوختۇرخانا چوقۇم ئامال قىلىشى كېرەك ئىدى. ئېغىز بوشلۇقى بۆلۈمى ئاخىرى ئەھۋالنى دوختۇرخانا باشلىقى چا چۈنشى، بېيجىڭ يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن مۇتەخەسسىس، دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ شيەنلياڭغا دوكلات قىلدى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. دوختۇرخانا ئۆزىنىڭ بەزى شارائىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، تېزدىن بىر دانا قارار چىقاردى. ئۇ بولسىمۇ مۇتەخەسسىس جۇ شيەنلياڭ شىئەن جياۋدا دوختۇرخانىسىدىن جاڭ شياۋجى، جاڭ شياۋچياڭ ئىسىملىك ئىككى نەپەر مۇتەخەسسىسنى ئاقسۇغا كېلىپ، نۇرگۈلنى داۋالاشقا تەكلىپ قىلدى. نۇرگۈلنى داۋالاش دوختۇرخانىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا قېرىنداشلىق رىشتىسى ھاسىل بولۇشقا باشلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جاڭ شياۋجى، جاڭ شياۋچياڭلار شىئەندىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئاقسۇغا كەلدى. دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدە زىلزىلە پەيدا بولدى. بۇ ئىككى مۇتەخەسسىس تېزدىن نۇرگۈلگە قارىتا ئىنچىكە، سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. كېسەللىك ئالامىتىنى ئەتراپلىق ئانالىز قىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى كىشىنى ھەم خۇشال قىلدى ھەم ئەندىشىگە سالدى. خۇشال قىلغىنى نۇرگۈلنىڭ كېسىلىنى كونترول قىلغىلى ھەتتا پۈتۈنلەي داۋالاپ ساقايتقىلى بولاتتى. ئەندىشىگە سالىدىغىنى ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئۆسمە بەك يوغىناپ كەتكەن، ئوپېراتسىيە قىلىش مەزگىلىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇنداق چاغدا يۈزىگە تىغ تەگكۈزۈشكە بولمايتتى. مۇتەخەسسىسلەر قايتا ـ قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق، نۇرگۈلنى دەسلەپتە خىمىيىلىك دورا، ئوكۇل ئارقىلىق داۋالاشنى، يۈز قىسمىغا ئوكۇل ئۇرۇپ، ئۆسمە كىچىكلىگەندىن كېيىن ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلىشنى بېكىتتى. ئادەتتە بىر تال ئوكۇل 100 نەچچە يۈەن ئىدى. ئۇنىڭغا ئايدا ئاز دېگەندىمۇ تۆت قېتىم ئوكۇل ئۇرمىسا بولمايتتى. ئوكۇل ھەققى، بالنىست ھەققى، كېيىنكى ئوپېراتـ

سىيە خىراجىتى ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا 20 نەچچە مىڭ يۈەن كېتەتتى. بىر نامرات ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ھېسابسىز پۇل ئىدى. ئەگەر شىئەندىن تەكلىپ قىلىنغان ئىككى مۇتەخەسسىسنىڭ چىقىمىنى دوختۇرخانا كۆتۈرمىگەن بولسا، ئۇلار تېخىمۇ ئامالسىز قالغان بولاتتى. نۇرگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يەنە غەمگە پاتتى. بۇ ئىشنى بىلىپ تۇرغان تۇرسۇن ئابباس ئەھۋالنى شەھەر باشلىقىغا مەلۇم قىلدى ھەم دوختۇرخانا تەرەپ بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ، دوختۇرخانا باشلىقىغا نۇرگۈلنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى ۋە دوختۇرخانىنىڭ ئامال بار ھەقسىز داۋالاپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇيغۇر قىرىنداشلارنىڭ كۈچلۈك تەلىپى دوختۇرخانا رەھبەرلىكىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. دوختۇرخانا بىر قېتىملىق ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جۇ دوختۇرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە نۇرگۈلگە ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. دوختۇر ـ سېسترالار ۋە دوختۇرخانا بىلەن ئالاقىسى بار دورا دۇكانلىرى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى بەس ـ بەستە پۇل ئىئانە قىلدى. قىسقىغىنە 20 مىنۇت ئىچىدە 29 مىڭ 228 يۈەن ئىئانە توپلاندى. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ ۋېيجياڭ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئورگان پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فەن قاتارلىقلار ئىئانە توپلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە ئىئانە بەردى. مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى لىيۇ ۋېيجياڭ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسى دوختۇرخانىسىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا رەھمەت ئېيتتى. ئايكۆل بازىرى دوختۇرخانىغا لەۋھە تەقدىم قىلدى. دوختۇرخانا يىغىلغان پۇلنى بىمارنىڭ قولىغا بەرمەي، مەخسۇس «نۇرگۈلنى داۋالاش فوندى» تەسىس قىلدى ۋە نۇرگۈلنى داۋالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقتى. سەممىي غەمخورلۇق نۇرگۈلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. شۇنچىۋالا كۆپ كىشىنىڭ قىزىغا ياردەم قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان پاتەمخان كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ پەقەت رەھبەرلەرگە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ

«پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە، يېزا ئىگىلىك 1 ــ دېھقانچىلىق دوختۇرخانىسىغا، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىگە رەھمەت» دېگەن سۆزنى ئاران دېيەلىدى.

4 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن نۇرگۈل بالىنىستىن چىقتى. جۇ دوختۇر تۇرسۇن ئابباسنىڭ ھەمراھلىقىدا نۇرگۈلنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى ھەمدە دوختۇرخانىغا ۋاكالىتەن نۇرگۈلنىڭ ئانىسىغا 500 يۈەن تۇرمۇش خىراجىتى بەردى. دوختۇرخانا باشلىقى چاچۇنشى بۇندىن كېيىن نۇرگۈلنىڭ يۈزىگە ھەپتىدە بىر قېتىم ئوكۇل ئۇرۇپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئۇنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، يۈزىدىكى ئۆسمە ساقايغىچە ھەقسىز داۋالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇ دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، نۇرگۈلنىڭ يۈزىدىكى ئۆسمە يېرىم يىلغىچە كىچىكلەيدىكەن، ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلسا تولۇق ساقىيىدىكەن.

دوختۇرخانىنىڭ نۇرگۈلگە قىلغان ياردىمى يەرلىك بىلەن بىنگتۇەننىڭ، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ دوستلۇق رىشتىسىنى چىڭىتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭراتتى.

## ئۆسمە كىچىكلىدى، قىز قەلبى شادلىققا تولدى

يېزا ئىگىلىك 1 ــ دېھقانچىلىق دوختۇرخانىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجىسىدە، ھازىر نۇرگۈلنىڭ يۈزىدىكى ئۆسمە كۈندىن ــ كۈنگە كىچىكلەشكە باشلىدى. بۇ يىل «1 ــ ئىيۇن» باللار بايرىمى ھارپىسىدا، ئاقسۇ شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى نۇرگۈلنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، نۇرگۈلدىن بايراملىق ھال سورىدى. نۇرگۈلنىڭ قەلبى شادلىققا تولدى. نۇرگۈلدىن ھال سوراشقا بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان «يېڭى خۇشناۋا» رېستورانىنىڭ دىرېكتورى ئىبادەت خانىم 500 يۈەن پۇلنى باشقىلار ئارقىلىق نۇرگۈلگە ئەۋەتتى. ھال سوراشقا بىرگە بارغان «باش باھار» كەپتەر گۆشى شورپىخانىسىنىڭ دىرېكتورى پاتىگۈل خانىم 200 يۈەن، چىمەنگۈل كىيىم لايىھىلەش ــ تىكىش ئورنىنىڭ دىرېكتورى چىمەنگۈل خانىم 200 يۈەن، ئوقۇتقۇچى ئار-

زۇگۇل 50 يۈەن پۇلنى نۇرگۈلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بازارلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلىمۇ 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى. بۇلار ئىلگىرىمۇ نۇرگۈلگە ياردەم قىلغان، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار نۇرگۈلنىڭ يۈزىدىكى ئۆسمىنىڭ كىچىكلىگەنلىكىنى، پاتەمخاننىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىكنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. پاتەمخان بۇ ساخاۋەت ئىگىلىرىگە يەنە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قالدى. كۆز يېشى ئۇنىڭ مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى.

يېقىندا، پاتەمخان قىزى نۇرگۈلنى ئەگەشتۈرۈپ ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا كەلدى ۋە گېزىتخانىغا لەۋھە تەقدىم قىلدى. لەۋھەگە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: سىلەر ئاخباراتنىڭ كۈچى ئارقىلىق، قىزىمىز نۇرگۈلنى داۋالىتىشقا ئاجايىپ ياردەم قىلدىڭلار. بىز سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار ئارقىلىق كىشىلىك دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ئۆزىمىزنىڭ نامرات، ئىگە ـ چاقىسىز ئەمەسلىكىمىزنى ھېس قىلدۇق. سىلەرگە، پارتىيە گېزىتىگە رەھمەت!

نۇرگۈل ھازىر داۋالىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر بۇ قىز بەك تەلەيلىك ئىكەن، بەختلىك ئىكەن، دېيىشتى. دەرۋەقە، بۇ «بىتەلەي» قىز شۇ تاپتا ئۆزىنى ھەقىقەتەن بەختلىك ھېس قىلماقتا ئىدى...

2005 ـ يىل ئىيۇن، ئاقسۇ

# مۇزات ۋادىسىدا شادلىق

ـ دېھقانلىرىمىز بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن 15 يىلدىن بۇيان، بۇ يىلقىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغان. بۇ يىل ھەقىقەتەن بەرىكەتلىك يىل بولدى. بۇغداي، قوناق، شال بەك ئوخشىدى. ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئالمىمۇ شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. قاراڭ، مەنمۇ 7 مو يەرگە قوناق تېرىغان، تېخى تۈنۈگۈنلا بازارغا بېرىپ 3 مو 4 پۇڭ يېرىمنىڭ قونىقىنى 3215 يۈەنگە سېتىپ چىقتىم. ئۆيۈمدە يەنە 2 توننىدىن ئارتۇق قوناق دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. تېخى راخمان ياسىننى دېمەمسىز، ئۇ 22 مو يەرگە قوناق تېرىغان، ئاڭلىسام 20 توننىدىن ئارتۇق قوناق چىقىپتۇ. باشقا دېھقانلارمۇ بۇ يىل بۇغداي، قوناق، شالدىن خېلىلا كىرىم قىلىۋالدى. يېڭىئۆستەڭ كەنتىمىزگە بۇ يىل ئامەت ياغدى...

كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەت توقنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن بىز يېڭىئۆستەڭ كەنتىنىڭ ئېتىزلىقلىرىدا، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ راستلىقىغا ئىشەندۇق ۋە باشقىچە روھلىنىپ قالدۇق. مۇشۇ كۈنلەردە نەگىلا قارىساق، نەگىلا بارساق بىر خىل مول ھوسۇل مەنزىرىسى كۆزگە چېلىقاتتى. قوناق سوقۇۋاتقان، يىغىۋاتقان دېھقانلار تولىمۇ ئالدىراش كۆرۈنەتتى. 1 ـ گۇرۇپپىدىكى ساۋۇت مامۇتنىڭ ھويلىسىدىكى سوقۇلۇپ بولغان قوناقلار قۇياش نۇرىدا پارقىراپ كۆرۈنەتتى. تام تۈۋىگە قوناق قاچىلانغان بىر نەچچە تاغار تىكلەپ قويۇلغانىدى. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە قىپقىزىل پىشقان ئالملار، مەي باغلىغان ئۈزۈملەر سېۋەت ـ سېۋەت تۇراتتى. بىز بۇ خىل مەنزىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتتۇق. ھويلىدا ئادەم

بولمىغاچقا، بىز ئۆيگە كىرمەيلا ئارقىمىزغا يانماقچى بولۇپ تۇرۇشىمىزغا، ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ساۋۇت مامۇت پەيدا بولدى ۋە بىزگە كايىپ كەتتى:

ــ ھەي كادىرلار، توختاڭلار، ئۆيگە كىرمەي ھويلىدىن چىقىپ كېتىدىغان قائىدە نەدە بار ئىكەن، يۈرۈڭلار ئۆيگە كىرىمىز، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشىمىز...

ساۋۇت مامۇت بۇغدايئۆڭ، ئوتتۇرا بوي كىشى بولۇپ، قوي كۆزلىرىدىن ئۈمىد، ئىشەنچ، خۇشاللىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بىزنى 1990 ـ يىلى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش سېلىپ بەرگەن كېسەك قۇرۇلمىلىق ئۆيگە باشلىدى. ئۆيگە كىرىشىمىز بىلەن تەڭ ئىسسىق ھاۋا مەڭزىمىزگە، قازاندا قايناۋاتقان گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىغىمىزغا ئۇرۇلدى.

ــ ھوي ساۋۇتكا، ئەتىگەندىلا قازاندا گۆش قايناپتىغۇ، بۈگۈن بىرەر خۇشاللىق ئىش بارمۇ ـ قانداق، — دېدۇق بىز ئىچكىرى ئۆيدىكى ساپادا ئولتۇرغاچ چاقچاق قىلىپ.

ــ نېمە ئىش بولاتتى، بۇ يىل بۇغداي، قوناقتىن ھوسۇل ئاپتۇق، قويلىرىمىزمۇ سەمرىپ قاپتۇ، جاپا چەككەندىكىن ئانچە ـ مۇنچە راھەت كۆرۈش كېرەكتە. يېمىسەك، يىغىپ نېمە قىلىمىز،—دېدى ئۇ چاقچاقلىق بىلەن. بىز چاي ئىچىشكەچ رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بۇ ئۆيگە كۆز يۈگۈرتتۇق. گۈللۈك ئىشكاپنىڭ ئاستى ـ ئۈستى ۋە تامدىكى ئوتقاشتەك گىلەم، پولنىڭ گىرۋىكىگە قويۇلغان چوڭ مىقلىما ساندۇق، قات ـ قات يوتقان ـ كۆرپە... ساۋۇت مامۇتنىڭ خېلىلا ھاللىنىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. بىز ئۇنىڭ كىرىم ئەھۋالىنى سورىدۇق، ئۇ بىر پارچە مايلىق گۆشنى ئېغىزىغا سالغاچ:

ــ بۇ يىل يازدا ھەر مو بۇغدايدىن 400 كىلو ئاش چىقتى، قوناقنىڭ بەكرەك ئوخشىدى، ھەر مو يەرنىڭ قونىقى 1000 يۈەندىن ئايلاندى. ھازىر ئاشلىق زاپاس تۇرۇپتۇ. بۇ يىل قاسساپلىق ھۈنىرىمۇ ئوبدان ئاقتى. ئۈزۈم، ئالما ئېشىپ تۇرۇپتۇ. ھەممە كىرىمىنى قوشقاندا ئائىلەمدىكى ھەر بىر جانغا 2000 يۈەندىن توغرا كېلىدىكەن، —

دېدى. ئۇنىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك، ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولۇش ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يىل قىشتا كۆپلەپ قوي سويۇش پىلانى بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىز بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئوبدانلا ياخشىلانغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

ــ دېھقان دېگەن يەرگە ئوبدان ئىشلىسە، يەرمۇ قاراپ تۇرمايدىكەن. مانا مەن بۇ يىل راسا ئىشلىدىم، 1 مو يەرگە 5 كۇب مېتىر مەھەللىۋى ئوغۇت، 40 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 40 كىلوگرام ئورىيە بەرگەنىدىم. مانا ھوسۇل ئوبدان چىقىپ بەردى، ــ دېدى 2 ـ مەھەللە گۇرۇپپىسىدىكى ئابدۇگېلى راخمان قوناق بېسىلغان خارۋىسىنى توختىتىپ، ــ مانا مەن بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇم، قويلىرىمۇ كۆپىيىپ قالدى، ئىلگىرىكىدەك غورىگىل تۇرمۇش كەلمەسكە كەتكەي...

بىز ئەمەت ئىسمايىل، توختى تۇرسۇن، ئابدۇۋايىت كېرەم، مونىياز قاتارلىق بىر نەچچە دېھقاننىڭ ئائىلىسىنى ئارىلىدۇق. بەزىلىرى قوتان سوقۇۋاتقان، بەزىلىرى تاغارغا قوناق قاچىلاۋاتقان، يەنە بەزىلىرى بازارغا قوناق ساتقىلى ماڭغانىكەن. ئۇلار ھەممىسى بەس ـ بەس بىلەن ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشتى. بىز يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ماتورنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

ــ بۇ ياسىن مۇھەممەتنىڭ ئۈن زاۋۇتىنىڭ ئاۋازى، ئۇ يېقىندا ئۈن زاۋۇتى قۇردى. ھەسەن يۈسۈپمۇ ئۈن تارتىش ماشىنىسى سېتىۋالدى، ــ دېدى كەنتنىڭ ئاياللار مۇدىرى ئايشەم قاسىم بىزگە چۈشەندۈرۈپ، بىز ئېرىنمەي ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىردۇق، ئۈن زاۋۇتى جىددىي مەشغۇلات قىلىۋاتقانىكەن، ياسىن مۇھەممەت قولىدىكى ئىشىنى تاشلاپ ئالدىمىزغا كەلدى ۋە مۇنداق دېدى: زاۋۇتنى 15 مىڭ كويغا سېتىۋالدىم، كۈنىگە بىر توننا ئۈن تارتىپ چىقىرالايدۇ، ھازىر كەنتىمىزدە بۇغداي، قوناق ئوخشايدىغان بولۇپ كەتتى. دېھقانلار ئۈن تارتىشتا قىيىنىلىپ قالدى، يەنە مەنمۇ ئۈن تارتىپ پۇل تاپاي دېگەن نىيەتتە بۇ زاۋۇتنى قۇردۇم، ھازىر تىجارىتىم يامان ئەمەس.

ــ مېنىڭمۇ ئىككى مەقسىتىم بار، بىرى دېھقانلىرىمىزنىڭ ئۈن

تارتىشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش، يەنە بىرى پۇل تېپىش، ـ دېدى ھەسەن يۈسۈپ گەپنى ئۇدۇللا ئېيتىپ. كەنتنىڭ بوغالتىرى ئابلا ھەسەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھازىر يېڭىئۆستەڭ كەنتىدە ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى قۇرغانلار 10 دىن ئاشىدىكەن، دېھقانلار يەردىن قىلغان كىرىمگە تراكتور، زاۋۇت، قوناق سوقۇش ماشىنىسى سېتىۋالدىغان بوپتۇ. بۇ يىل ئۈچ ئائىلە تراكتور، ئالتە ئائىلە قوناق سوقۇش ماشىنىسى سېتىۋاپتۇ، ھازىر كەنت بويىچە 43 ئائىلىدە چوڭ ـ كىچىك تراكتور، بىر ئائىلىدە كومبايىن بار ئىكەن.

ـ ماشىنا، تراكتورىمىز بولسا ئىشىمىز ئاسانلىشىدىكەن، كىرىم يوللىرىمىزمۇ كۆپىيىدىكەن، ـ دېدى يېڭىدىن تراكتور سېتىۋالغان ئېلى ئەرشى تاغارغا قاچىلانغان قونىقنى تراكتور كوزۇپىغا باسقاچ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان راخمان ياسىن:

ـ ئىلگىرى قوناق سوققىچە قوللىرىمىز قاپىرىپ كېتەتتى، قوناق سوقۇش ماشىنىسى گەرچە قىممەت بولسىمۇ، قولغا يېقىن نەرسىكەن، ئىش كۆپ ئاسانلىشىدىكەن. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېگەن گەپ توغرا ئىكەن، ـ دېدى.

يېڭىئۆستەڭ كەنتى باي ناھىيىسىنىڭ ئونباش يېزىسىغا قاراشلىق نامرات كەنت بولۇپ، مۇزات دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. كەنتتە 193 ئائىلە، 869 نوپۇس بار، كىشى بېشىغا ئاران 2.4 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. بۇ كەنت 1989 ـ يىلى كۆزدە قىزىل سۇ ئامبىرى رايونىدىن بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، تېرىلغۇ يەرنىڭ ئاز ۋە ئۈنۈمسىز بولۇشى تۈپەيلىدىن 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگىچىلىك كەنت دېھقانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى نامرات ھالەتتە ياشاپ كەلگەنىدى.

ـ 2002 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى كەنتكە كۆپ جەھەتتىن ياردەم بەردى. ۋىلايەت، ناھىيە كەنتىمىزگە نامراتلارنى يۆلەيدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان كەنتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش خىزمىتىدە جانلىنىش بارلىققا كەلدى، ـ دېدى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ

شۇجىسى مۇھەممەت ئىمىن كەنتنىڭ يۈكسىلىش جەھەتتىكى سەۋەبلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ـ ئىلگىرى ھوسۇل ھەققەتەن تۆۋەن ئىدى، خىزمەت گۇرۇپپىسى دېھقانلارغا ئىلمىي تېرىقچىلىق، ئىلمىي باقمىچىلىق جەھەتتە كۆپ خىزمەت ئىشلىدى، بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. كەنتىمىزمۇ دېھقانلارغا ئۇچۇر، بازار جەھەتتىن ياخشى مۇلازىمەت قىلدى، بىز دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قوغدىدۇق. يۇقىرىنىڭ ئېتىبارلىق سىياسىتىدىن ئوبدان پايدىلاندۇق، ئەڭ مۇھىمى دېھقانلار ئۆزى تىرىشتى...

مۇھەممەت ئىمىن يەنە مۇنداق دېدى: دېھقانلىرىمىزمۇ يالغۇز تېرىقچىلىققا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇلار بوش ۋاقىتلىرىدا كالا ـ قوي بورداپ، باغ بىنا قىلدى، سىرتقا چىقىپ ئىشلىدى. ھازىر كەنتىمىزدە ئومۇمىي چارۋا 1600 تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى، ھەر بىر ئائىلىدە بىر مودىن باغ بولۇش نىشانى ئىشقا ئاشتى، بۇلتۇر دېھقانلار سىرتقا چىقىپ 40 مىڭ يۈەن، بۇ يىل 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. 2002 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1000 يۈەنگە يەتمەيتتى، 2003 ـ يىلى 1260 يۈەنگە، بۇ يىل 1370 يۈەنگە يەتتى، 75 نامرات ئائىلىدىن 45 ى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولدى...

ـ پاھ! بۇ قويلار ئەجەپمۇ سەمرىپتىغۇ، —دېدۇق بىز كەنت قوروسى ئالدىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرتوپ «ساپال» ماركىلىق قويغا قاراپ ھەيران قالغان ھالدا. بىزنىڭ ھەيران قالغانلىقىمىزنى سەزگەن كەنت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلا ياقۇپ مۇنداق دېدى:

ـ بۇ توختى ھەسەننىڭ قويلىرى، ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ ئىزچىل چارۋا بورداپ سېتىۋاتىدۇ، ھازىر ئۇنىڭ 60 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىسى بار، ھازىر كەنتتىكى ئۈچ مەھەللە گۇرۇپپىسىدا مۇشۇنداق چارۋا بورداپ سېتىۋاتقانلار 50 ئائىلىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھەممە ئائىلىدە 2 ـ 3 تۇياقتىن قوي بار، ئالدىنقى ئىككى يىلدا ناھىيە كەنتىمىزدىكى چارۋىسى يوق ئائىلىلەرگە 60 تۇياق قوي، 30 تۇياق كالا ئېلىپ

بەرگەن. ھازىر بۇ قوي ـ كاللار كۆپىيىپ كەتتى. بۇ يىل ئاقسۇ گېـ
زىتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ كەنتتىكى نامرات دېھقانلارغا 50 تۇياقتا
يېقىن ساغلىق ئېلىپ بەردى.

ـ سىلەر مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا ئاساسلىقى قانـداق تـەدبىـر قوللاندىڭلار، ـ دەپ سورىدۇق بىز كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مـۇ-ھەممەت توقتىدىن. مۇھەممەت توقا بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغـاچ گـەپ باشلىدى:

ـ كەنتىمىز مۇزات دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولغـاچقـا، ھـەر يىلى كەلكۈن تېرىلغۇ يەرلىرىمىزنى يالاپ كېتەتتى. بـۇ بـىـز ئـۈچـۈن زور تەھدىت بولۇپ كەلگەن، بىر نەچچە يـىـل مـۇداپـىـئـە تـەدبـىـرى قوللانغان بولساقمۇ ئۈنۈمى بولمىغان. بۇ يىل بىز ئاممىنى قوزغاپ، ئۇدا تۆت قېتىم كەلكۈن مۇداپىئە ئەمگىكى قىلدۇق، دەريا بويىنى مۇستـەھـ-كەملىدۇق. بۇنىڭغا كوللېكتىپ ۋە شەخسىي بولۇپ 20 مىڭ يۈەندىـن ئارتۇق پۇل چىقاردى. نەچچە يۈز كۇب مېتىر تاش، شېغـىـل، قـوم ۋە شاخ ـ شۇمبا يۆتكەپ كېلىندى. بۇنىڭ بىلەن مۇزات دەرياسـىـنـىـڭ يېڭىئۆستەڭ كەنتىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر يېرىم كىلومېتىـر ئـۇزۇنـ-لۇقتىكى دەريا بۆلىكى تىزگىنلەندى. بۇ يىل تېرىلغۇ يەرلەرگە زـىـيـان يەتمىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ـ دېدى مۇھەممەت توقا يانچۇقىدىكـى كىچىك خاتىرىسىنى چىقىرىپ، ـ كەسىپ قۇرۇلمىسى تـەڭـشـەلـدى، كەنتىمىزدە يەر ئاز بولغانلىقتىن، مەھسۇلاتنى بازار ئەھـۋالـىـغـا قـاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدۇق. ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلـىـش، سېلىنمىغا كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇردۇق. خىمىيىۋى ئوغۇت، فوسـ-فورلۇق ئوغۇت، مەھەللىۋى ئوغۇت ئۆلچەم بويىچە بېرىلدى. يەنە بـىـز بۇغداي، قوناق، شالدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتـا ئـەلا سـۈپـەتـلـىـك سورتلارنى ئومۇملاشتۇردۇق. بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات يىلمۇ يىل ئاشـ-تى. بۇ يىل 700 مو بۇغداي، 510 مو قوناق، 503 مو يەردىـكـى شـال ئومۇميۈزلۈك ئوخشىدى. دېھقانلىرىمىز ئەجرىگە تۇشلۇق نەپكە ئېرىشـ-تى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم بۇلتۇرقىدىن 110 يۈەندىن ئارتۇقراق كۆپەيدى. 85 ئائىلە تېلېۋىزور، 30 پىرسەنت ئائـىـلـە مـوتـ-

سىكلىت سېتىۋالدى.

مۇشۇ كۈنلەردە يېڭىئۆستەڭ دېھقانلىرى باشقىچە جانلىنىپ كەتكەنىدى. نەگىلا قارىسا، قايسى ئۆيگىلا كىرسە ئۈزۈم، ئالما، ئاشلىق كۆزگە چېلىقىدۇ. قويلارنىڭ مەرىگەن، كالىلارنىڭ مۆرىگەن، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى قۇلاققا ئاڭلىنىدۇ. يولدىن توختاۋسىز ئۆتۈپ تۇرغان تراكتور، موتسىكلىت ۋە ئات ـ ئېشەك ھارۋىلىرى كىشىگە جىددىي، قايناق ھايات كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىدۇ. بىز بۇ مەنزىرىدىن يېڭىئۆستەڭنىڭ پارلاق ئەتىسىنى كۆرگەندەك بولدۇق ۋە ئېزىز مۇھەممەتنىڭ «كۈزدە» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى ئەسكە ئالدۇق:

بۇ يىل دېھقانغا كەپ ئامەت كۆڭۈل شادلىققا لىق تولدى،
راسا ئوخشاپ بۇغداي، قوناق زىرائەتلەر سېخىي كۈزدە.
مول ھوسۇلدىن تىكلىدى تاغ، يەل ـ يېمىشكە چۆمۈلدى باغ،
كىرىم ئاشقاچقا قوش ـ قوشلاپ دارامەتلەر سېخىي كۈزدە.

2004 ـ يىل نويابىر، باي

# گۈزەل قەلب، ئىرادىلىك ئىنسان

1988 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ھېزىم ئىسمائىل ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندە، ئۇزۇن يىل ئاساسىي قاتلامدا چارۋىچىلىق تېخنىكى بولۇپ ئىشلىگەن بۇ پېشقەدەم كوممۇنىست ھەم خۇشاللاندى ھەم ئەندىشە قىلدى. تەشكىلنىڭ ئۆزىگە قىلغان غەمخورلۇقى ھەم ئىشەنچىسىدىن خۇشال ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئەندىشىسىچۇ؟ قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ خىزمەتلىرى تېخى تولۇق يولغا قويۇلمىغان، ئادەم كۈچى، تۇرار جاي، مەبلەغ، قاتناش قورالى يېتەرسىز، ھەتتا بىرەر تېلېفونمۇ يوق شارائىتتا، ئۇ بۇ پونكىتنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتلاقچىلىق كەسپى ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر يات كەسپ، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟

1956 ـ يىلى باش كۆزدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ چارۋىچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن 20 ياشلىق ھېزىم ئىسمائىل باي ناھىيىسىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باي نەسىللىك قوي فېرمىسىگە تەقسىم قىلىندى. دېڭىز يۈزىدىن 1700 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ جاينىڭ ھاۋاسى شالاڭ، قاتناش ۋە داۋالىنىش شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. بۇ يەرگە كېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىنلا پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن بۇ ياش كوممۇنىست يۈكسەك كەسپىي قىزغىنلىقى بىلەن بۇ تاغلىق ماكانغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىدى. ئۆز يۇرتىنىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ھارماي ئىزدەندى، ئۆگەندى، تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ باشقا تېخنىكلار بىلەن بىرلىشىپ ئىلىپ بارغان ئاسكانىيە

كاۋكاز ئىنچىكە يۇڭلۇق قوچقارلىرى بىلەن يەرلىك ساغلىقلارنى، كونەس ئىنچىكە يۇڭلۇق قوچقارلىرى بىلەن يەرلىك مىتىس ساغلىقلارنى چېتىشتۇ- رۇش سىناق نەتىجىسى ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي- لىرىنى كۆپەيتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، يەرلىكنىڭ چارۋىچىلىقىنى يۈك- سەلدۈرۈش ئىشلىرىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ قويلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق قوي نەسىللىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى ئىقتىدارى باي ناھىيىسى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تار- ماقلارنىڭ كۆپ قېتىم ياخشى باھاسى ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1980 ـ يىلى ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى بۇ يەردە فېرما مەسئۇللۇقىنى ئۆتەۋاتقان ھېزىم ئىسمائىلنى باشقارمىغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنى مەيدان باش- قۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كېيىن چارۋىچىلىق ئاخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇمۇ مەيلى قانداق شارائىتتا بولمىسۇن، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداپ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى ھەمدە چارۋىچىلىق كەسپى بويىچە كاندىدات ئا- لىي ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئەمدى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ تەشكىلنىڭ ئۈمىدىنى قانداقمۇ يەردە قويالىسۇن؟!...

«قىيىنچىلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ مەنتى- قىسىغۇ» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلاپ، 30 يىلدا نى ـ نى قىيىنچى- لىقلارنى يەڭگەن ئادەم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، مىسلىسىز تەرەققى- يات بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قىيىنچىلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرسا بول- مايدۇ ـ دە؟

ھېزىم ئىسمائىل بۇ ئىشلارنى ئويلاپ غەيرەتكە كەلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇغان كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە يېڭى ئەقىل ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىدا بىمەھەل ھۆكۈم سۈرگەن ئەندىشە تۇمانلىرىنى بىراقلا تار- قىتىۋەتتى. كەلگۈسىنىڭ بۈگۈنكىدىنمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىدىغانلىقى توغ- رىسىدىكى شېرىن تەسەۋۋۇر بۇ پېشقەدەم كوممۇنىستنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە يېڭى ئۈمىد پەيدا قىلدى. تۇمانلىق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن ساقاللىق يۈزىدە شادلىق ۋە تەبەسسۇم نۇرلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن بۇ خىزمەتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەشكە بەل باغلىدى ـ دە،

ئەتىسلا ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ يېڭى ئىشخانىسىغا كۆچۈپ چىقتى.

باھار مەۋسۇمىدە ھەممە جايىنى ئالدىراشچىلىق، جىددىيچىلىك مەن- زىرىسى قاپلايدۇ. 1990 ـ يىل 4 ـ ئاي مەزگىلىدە ئوتلاقچىلىق پونكىتى- نىڭ خىزمىتى تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئوتلاققا ئىگىدارچىلىق قى- لىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىش، ئوت ـ چۆپ تېرىش، چېكەتكە، چاشقان يوقىتىش، يېڭى تېخنىكىنى سىناق قىلىش ئىشلىرى بىر ـ بىرىدىن مۇھىم ئىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ھېزىم ئىسمائىلنىڭ گېلىدىن تۈزۈك كىرمەك تا- ماقمۇ ئۆتمىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى تىت ـ تىتلىق ئىچىدە سىقىلاتتى. چۈن- كى، ۋىلايەتتىن ئۇنىسۇ ناھىيىسىگە چۈشۈرۈپ بەرگەن 10 مىڭ مو يەرگە ئايروپىلان بىلەن ئوت ـ چۆپ تېرىش ۋەزىپىسى تېخىچە ۋىلايەتتىن تېخ- نىك خادىملارنىڭ بېرىپ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشىغا قاراش- لىق ئىدى. لېكىن، بۇ مەزگىلدە پونكىتنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا تايانچلىرى باشقا جايغا خىزمەتكە چىقىپ كېتىپ تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. پونكىتنىڭ بىر ماشىنىسى ئىدارىدە يوق، يەنە بىر ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى. ئەگەر يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتسە، ئايروپىلان بىلەن ئوت ـ چۆپ تېرىش ئىشى كۆپۈككە ئايلىنىپ، يۇقىرىدىن چۈشۈ- رۈپ بەرگەن «زور پىلان» نۆلگە تەڭ بولاتتى. قانداق قىلىش كې- رەك؟ ھېزىم ئىسمائىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەيدۇ:

1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا «2 ـ نومۇر» لۇق كېسەللىك ئاپىتى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنىڭ ئىشلىنىشىگە قۇلايسىزلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇ خىل ئاپەت شۇ يىلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېگەر- چى ۋە قاراتال يېزىلىرىغا چۈشۈرۈلگەن 57 مىڭ تونىنا سىلوس ياساش ۋەزىپىسىگىمۇ ئېغىر كاشىلا پەيدا قىلدى، سىلوس بولسا چارۋا ـ ماللارنىڭ قىش كۈنلىرى يەيدىغان مۇھىم، شۇنداقلا ئاساسلىق ئوزۇ- قى. ئەگەر ئۇ ۋاقتىدا، تولۇق تەييارلانمىسا، نەچچە ئون مىڭ تۇياق چارۋا ـ مالنىڭ قىشتىن ئۆتۈپ، كۆكلەمگە چىقىشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئاز بولمىغان ئىقتىسادىي زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىرات-

تى. بۇنى ئويلىغان ھېزىم ئىسمائىل سالامەتلىكىنىمۇ ئويلىماي بۇ ئىككى يېزىغا بېرىپ، ۋېلسىپىت بىلەن يول يۈرۈپ، سىلوس ياساش خىزمە-تىگە قاتناشتى. لېكىن، بۇ قېتىم شارائىت ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان سالغانىدى. ئاشخانىلار تاقاق بولغاچقا، تۈزۈكرەك تاماق يېگە-لى، بىرەر كېچە خاتىرجەم ئۇخلىغىلى بولمايتتى. كۈندە نەچچە ئون كىلومېتىر يولنى ۋېلسىپىتلىق ھەم پىيادە يۈرۈش ئاخىرى ئۇنىڭ يەنە كونا كېسىلىنى قوزغاپ قويدى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، نەپىسى سىقىل-دى. كۆز چاناقلىرى ئىششىپ، قارىچۇقى يوغىناپ كەتتى. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئون كىلوگرام ئەتراپىدا ئورۇقلاپ كەتتى، تېخ-نىكلار ۋە يېزا رەھبەرلىرى ئۇنى قايتىپ كېتىپ ئارام ئېلىشقا قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلسىمۇ، ئۇ قىلچە پەرۋا قىلماي، كۈچىنىپ ئىشلەۋەردى. ئۇنىڭ بۇ روھى يېزا كادىرلىرى ۋە يەرلىكتىكى ئاممىنى قاتتىق تەسىر-لەندۈردى. بىر ئايلىق جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق 57 مىڭ تونىنا سى-لوس ياساش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شۇ يىلى چارۋىچىلىقتىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىشىغا تولۇق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. نەتىجىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سىلوس ياساش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ خى-يالدىن كېيىن روھلاندى. ئۇ ئەمدى يەنە تەخىر قىلىشنىڭ، كۈتۈپ تۇ-رۇشنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەن-دى ـ دە، ئەتىسى ئەتىگەندىلا يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ئونسۇ نا-ھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ناھىيىگە يېتىپ بېرىپلا، ئۇدۇل ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتىغا بېرىپ، دەممۇ ئالماي، تېخنىك خادىملارنى باشلاپ يەنە شۇ كۈنى يېزىغا يۈرۈپ كەتتى. 55 ياشلىق بۇ پونكىت باشلىقى كەنتمۇ كەنت ئارىلاپ يۈرۈپ دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپتى. باش-قىلار نېمە يېسە شۇنى يېدى، باشقىلار ئۇخلىغاندا ماتېرىيال كۆرۈپ، بەزى قېيىن تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىدا ئىزدەندى. ئاخىرى ئۇ-نىڭ بىر ئاي تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى ياخشى ئۈنۈم بې-رىپ، بۇ ناھىيىنىڭ بوزدۆڭ، گۈلئاۋات، تۇمشۇق يېزىلىرىغا چۈشۈرۈلگەن ئايروپىلان بىلەن ئوت ـ چۆپ تېرىش ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇن-

دىلىپ، دېھقانلار ۋە تەشكىلىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى بۇ ناھىيە چارۋىچىلىقتىن يەنە مول ھوسۇل ئالدى.

ئوت ـ چۆپ تېرىش، يايلاق بايلىقىنى ئېچىش خىزمىتى تېخىچە دېھقانلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە، جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيۋاتقان، ئومۇملاشتۇرۇش تەس بولۇۋاتقان بىر قىيىن خىزمەت. ھېزىم ئىسمائىل ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆككەندە، ئوتلاقچىلىقنىڭ چارۋىچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. تېخنىكلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىپ، ئوت ـ چۆپنىڭ مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يىلتىز تۈگىنەك باكتېرىيىلىك ئوغۇتنى ئىشلىتىش، «شىتو» ناملىق خىمىيىۋى ئېلېمېنتنى ئوتلاققا كېڭەيتىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئوت ـ چۆپ تېرىغاندا سالا ئېتىزى بولۇش، ئورمان بەلۋېغى بولۇش، ئائىلە ئولتۇراق ئۆيى بولۇش، يول بولۇش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بولۇشتىن ئىبارەت بەشنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، دېھقانلارنى ئوت ـ چۆپ تېرىشقا جەلپ قىلدى، ئۇنىڭ ئاز كەم تۆت يىل جاپالىق خىزمەت ئىشلىشى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە، يېزىلاردا ئوتلاق كۆلىمى يىلدىن ـ يىلغا كېڭەيدى. بۇ يىل 5 ـ ئايغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە 43 مىليون مو يەردىكى ئوتلاققا ئىگىدارچىلىق قىلىش كۆۋاھنامىسى تارقىتىلدى. بۇ كۆلەمگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان چارۋىچى ئائىلىسى 6000 دىن، يايلايدىغان چارۋا ـ مال 2 مىليون 700 مىڭ تۇياقتىن ئاشتى، بۇ ئىش دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 80%، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 100% ئورۇندىلىپ بولدى. ئۆلگىلىك ئوتلاق بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئاممىۋى ئوت ـ چۆپ تېرىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. بەرپا قىلىنغان ئاممىۋى ئوتلاق كۆلىمى بىلەن ئۆلگىلىك ئوتلاق كۆلىمى 450 مىڭ مودىن، ياخشىلانغان ئوتلاق كۆلىمى 2 مىليون مودىن، قاشاغا ئېلىنغان ئوتلاق كۆلىمى 80 مىڭ مودىن ئېشىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى تارىخىدا ئەڭ ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلدى. ھەر يىلى 200 مىڭ مو يەردىكى چېكەتكە، چاشقان يوقىتىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ ھەر يىلى ئۇدا

ئېشىشىغا تولۇق شارائىت ھازىرلاندى. بۇ ئارقىلىق ھەر يىلى ئاپتونوم رايون چۇشۇرۇپ بېرىدىغان 60 مىڭ توننىلىق سىلوس ياساش ئۆتكىلى بىلەن ئامىياكلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى.

گۈزەل قەلب ساپ ئالتۇنغا ئوخشايدۇ، تىنىم تاپماي ئىلگىرىلەش ئىرادىلىك ئىنسانىنىڭ ئەڭ چوڭ بەختى، شادلىقى. 35 يىللىق بوران - چاپقۇندا تەۋرەنمەس ئىرادە يېتىشتۈرگەن بۇ كوممۇنىست ئاخىرقى ئۆمرىنى بىپايان تارىم ۋادىسىدا خۇددى ئېلېكتر نۇرىدەك چاقناتماقتا.

1991 ـ يىل ئىيۇن، ئاقسۇ

# «ياكۆۋرۈكتە يېڭىلىق كۆپ...»

بىز ئولتۇرغان جىپ ماشىنا كۆمۈش لېنتىدەك سوزۇلغان ئاسفالىت يولدىن قايرىلىپ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ياكۆۋرۈك يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپ توختىدى. بىزنى يېزىنىڭ خەلق ئىشلار كادىرى تۇنىساخان ئىللىق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى.

ــ بىز يېزاڭلارنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى كەلدۇق، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ قىشلىق تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇردۇڭلار؟ ــ دېدى ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇھەممەت كامال كېلىش مەقسىتىمىزنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ.

ــ بۇ يىل ياكۆۋرۈك يېزىمىزدا يېڭىلىق كۆپ بولدى، يېزا ئىدىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن تارتىپ خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىچە ياخشى نەتىجە يارىتىلدى، — دەپ گەپ باشلىدى يېزا باشلىقى مەقسەتمىزنى بىلگەندىن كېيىن، ــ بۇ يىل ئومۇمىي كىرىم 25 مىليون 737 مىڭ 153 يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 4 مىليون 128 مىڭ 26 يۈەن ئاشتى. بۇنىڭدىن ساپ كىرىم 17 مىليون 19 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، بۇلتۇرقىدىن 4 مىليون 637 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان نەتىجە شۇ بولدىكى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1167 يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 317 يۈەن، مۆلچەردىكىدىن 300 يۈەن ئاشتى. دېھقانلىرىمىز ئىشلىگەنگە تۇشلۇق نەپكە ئېرىشتى. ئۆز ئەجرىدىن قانائەت ھاسىل قىلدى.

يېزا باشلىقىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ياكۆۋرۈك يېزىسى ئۇچتۇرپان

ناھىيىسىدىكى تۇپرىقى مۇنبەت، سۇ بايلىقى مول يېزىنىڭ بىرى بولۇپ، يېزىدا 15 مىڭ نوپۇس، 42 مىڭ مو يەر بار ئىكەن، بۇنىڭدىن تېرىلغۇ كۆلىمى 38 مىڭ مونى ئىگىلەيدىكەن، كىشى بېشىغا 2.7 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدىكەن. يېزا باشلىقى مۇنداق دېدى:

— بىز زىرائەت قۇرۇلمىسىنى بازار ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشىدۇق. بۇ يىل 20 مىڭ مو بۇغداي، 2500 مو بالدۇر قوناق، 2300 مو نوقۇت تېرىدۇق. شال، سەي ـ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز كۆلىمىمۇ مۇۋاپىق كۆپەيتىلدى. يېزىمىزدا بۇيرۇق خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆز قارىشى يېڭىلاندى، يېتەكچى خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى، پەن ـ تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، كونا، قالاق تېرىقچىلىق ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلاندى، ئۇرۇق سورتلىرى ياخشىلاندى، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىش ئومۇملاشتى. نەتىجىدە بۇغداي، قوناق، شال ئوخشىدى، مەھسۇلاتى ئاشتى.

— باغۋەنچىلىك يېزىمىزدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ،—دېدى يېزا باشلىقى بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — يېزىمىز بويىچە ھازىر مېۋە بېرىۋاتقان باغ كۆلىمى 2700 مودىن ئاشىدۇ، بۇ يىل بىز يەنە يېڭىدىن 3074 مو باغ بىنا قىلدۇق، بۇنىڭدىن 2000 مودىن ئارتۇقراق تېرىلغۇ ئېتىزى باغ ـ ئورمانغا قايتۇرۇلدى.

يېزا باشلىقى يېزىنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا بىر نەچچە ئەمەلىي ئىشنى تونۇشتۇردى.

— بىز بۇ يىل 6 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ئائىلىلەرگە توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىدۇق، ھازىر كەنت ـ مەھەللىلەرگە ئىستولبا ئورنىتىش، يۇقىرى ـ تۆۋەن بېسىملىق توك سىملىرىنى تارتىش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، ئومۇمىي لىنىيە بويىچە توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن بۇرۇن تاماملىنىدۇ.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇھەممەت كامال ئېغىز ئاچتى:

— ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 1998 ـ يىل 10 ـ

ئايدا 526 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، بۇ يېزىغا بىر ساناتورىيە سالـ
غانىدۇق، بۇنىڭغا بۇ يېزا 100 مو تېرىلغۇ يەر ئاجرىتىپ بەردى. بۇ قالـ
تىس ئىش بولدى...

يېزا باشلىقى بىلەن خەلق ئىشلار كادىرى تۈنساخانلار مۇنداق
دېدى:

ـ ھازىر يېزىمىز توپلىغان ھەمكارلىق كاسسا ئاشلىقى 44 مىڭ
كىلوگىرامغا يەتتى. ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالغان دېھقانلار ئاشلىقتىن غەم
قىلمايدىغان بولدى، بىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 305 نامرات ئائىلىـ
نىڭ ئۆيىنى يېڭىلاپ بەردۇق، ئاپەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان 46 ئائىـ
لىنىڭ تۇرمۇشى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كۆز كىرگەندىن بۇيان
كەنتلەر 112 ئائىلىگە يېتەرلىك ئوتۇن ۋە 3 توننا كۆمۈر ھەل قىلىپ
بەردى. «5 تە كاپالەتلىك ئائىلە» لەرنى داۋالاش بويىچە تۆت ئائىلىگە
5800 يۈەن داۋالاش خىراجىتى تارقاتتۇق، بۇنىڭدىن مېيىپ قىز ھاـ
جىرەمنىڭ خوتەنگە بېرىپ داۋالىنىشى ئۈچۈن 2800 يۈەن ئاجرىتىپ
بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يېزا ـ كەنت كادىرلىرى بۇ قىز ئۈچۈن ئىـ
ئانە توپلىدى.

ئىشخانا ئىچىدىكى قىزغىن سۆھبەتتە مۇنداق بىر ئىش مېنى
ئالاھىدە جەلپ قىلدى:

بۇ يېزىنىڭ 9 ـ كەنت 1 ـ مەھەللىسىدىكى ئابلىكىم راخمان
1998 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ قەشقەر پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغان، بىراق ئاتا ـ ئانىسى ئىنتايىن نامرات
بولغاچقا مەكتەپكە بارالمىغان. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان يېزا باشلىقى يېزا
كادىرلىرىنى ئىئانە بېرىشكە چاقىرىپ، يېتەرلىك پۇل توپلاپ، بۇ بالىنى
مەكتەپكە ئەۋەتكەن. خەلق ئىشلار ئىشخانىسى، 9 ـ كەنت كومىتېتىمۇ
ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغان. ئىككى يىل توشقاندىن كېيىن
بۇ ئوقۇغۇچىغا بېيجىڭدىن چاقىرىق كەلگەن. ئەمدى قانداق قىلىش
كېرەك؟ بۇ چاغدا يېزا باشلىقى يېزا كەنت كادىرلىرىغا «يېزىمىزدىكى
15 مىڭ ئادەم ئىچىدىن بىر بالىغا بېيجىڭدا ئوقۇش پۇرسىتى كەپتۇ،
بۇ بىزنىڭ پەخرىمىز، بىز چوقۇم ئامال قىلىپ ئۇنى ئوقۇتۇشىمىز كېـ

رەك. چۈنكى، يېزىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىختىساس ئىگىلىرىگە موھتاج» دېگەن. بۇنىڭ بىلەن يېزىدا 2800 يۈەن ئىئانە توپلانغان، خەلق ئىشلار ئىشخانىسى 1000 يۈەن خىراجەت چىقارغان. نەتىجىدە ئابلىكىم راخمان شەرەپ بىلەن بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارغان. 9 ـ كەنتنىڭ 2 ـ مەھەللىسىدىكى ئىدرىس نىيازغا بۇ يىل مايتاغدىن چاقىرىق كەلگەن. بۇ نامرات ئوقۇغۇچىمۇ كەنتنىڭ ياردەم بېرىشى، يېزىلىق خەلق ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ 500 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن ئوقۇشقا بارالىغان.

يېزا باشلىقى مۇنداق دېدى:

ـ بۇ يىلدىن باشلاپ يېزىدىكى 306 كادىر (ئوقۇتقۇچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 306 نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئالدى. سىنىپ مۇدىرلىرىمۇ ئۆز سىنىپىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنى ھۆددىگە ئالدى.

يېزا باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا تۇنساخان ئېغىز ئاچتى:

ـ بۇ ئىشتا يېزا باشلىقى باشلامچى بولدى. ئۇ ئۆزى ھۆددىگە ئالغان تۇراق بىلەن مىجىتكە مائاشىدىن ئالتە قاپ ئوغۇت ۋە ياغ، گۆش ئېلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ قەلبى سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئىشلار ئىشخانىمىزمۇ نامرات ئائىلىلەرگە سوپۇن، تۇز، ياغ قاتارلىقلارنى ئېلىپ بەردۇق. ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەم نەرسىسىنى تولۇقلاپ بەردۇق. ئۇلار بىزدىن شۇنداقلا پارتىيىدىن، ھۆكۈمەتتىن رازى بولۇشتى. چوڭقۇر مېھىر ـ شەپقەت ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى.

زىيارەت ئاخىرلاشقان بولسىمۇ قەلبىمدىكى ھاياجان تۈيغۇسى بېسىقمىغانىدى. سۆھبەتتىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئەتراپتىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلدىم. بىپايان ئېتىزلاردىكى كۆكىرىپ ئۆسكەن بۇغداي مايسىلىرى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ، مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. مەن «ياكۆۋرۈك ھەقىقەتەن يۈكسىلىپتۇ، بۇ يەردە يېڭىلىق راستتىنلا كۆپ ئىكەن» دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە.

2000 ـ يىل دېكابىر، ئۈچتۇرپان

# ئاق تۇسكە كىرگەن ئايىغ

بۇلتۇر ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان، بىز ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئايىغ يېزىسىنى ئۇدا ئۈچ قېتىم زىيارەت قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق. تاسادىپىي بولسا كېرەك، ئۈچ قېتىملىق زىيارىتىمىزنىڭ ھەممىسى ئايىغ ئاق تۇسكە كىرگەن، كېۋەز غوزىلىرى ئاپئاق پورەكلەپ ئېچىلغان، تەبىئەت ئاق قاردىن تون كىيگەن، پاختىكارلار كېۋەزلىككە ئاق سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۇرۇق سېلىۋاتقان خاسىيەتلىك كۈنلەرگە توغرا كەلدى.

ـ ئۆتكەنكىگە ئوخشاشلا، بۇ قېتىممۇ ھەممە يەر ئاقىرىپ كېتىپتۇ، ـ دەپ چاقچاق قىلدىم مەن يېزا باشلىقى زەيدىن نىزامىدىنغا، بۇ يېزىنىڭ ئەلەمقۇدۇق كەنتىگە كېلىپ ماشىنىدىن چۈشكەچ يول بويىدىكى ئاق چېچەككە پۈركەنگەن ئۆرۈكلۈك باغ بىلەن پايانسىز كەتكەن كېۋەزلىكلەردىكى ئاق سۇلياۋ يوپۇقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ـ شۇنداق، ئۆتكەندە تەبىئەت بىزنى ئاققا بويىغان بولسا، ئەمدى بىز تەبىئەتنى ئاققا بوياۋاتىمىز، ـ دېدى ئۇمۇ بوش كەلمەي.

ـ بىر تەرەپتىن بوياپ، بىر تەرەپتىن ئۇچۇرتۇۋاتىمىز دېسەك بولارمىكىن، ـ دەپ سۆز قىستۇردى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى رۇستەم ئاكا چاقچىقىمىزغا تۇزىتىش كىرگۈزۈپ، ـ بىز تېخى يېقىندىلا يېزا بويىچە 5000 ئەمگەك كۈچى، 3000 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىنى ئۈچ كۈن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئېتىز ـ قىرلاردىكى كېرەكسىز سۇلياۋ پارچىلىرىنى تازىلىۋەتتۇق، بولمىسا ئۇ ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن بولاتتى.

ـ بۇ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىگە ئايلىنىپ قال-

دى، ـــ دېدى بىرنى بىرگە ئېلىپ كەلگەن ھاكىم مەمتىمىن شاھىدىن رۇستەم ئاكىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، ـــ بىزنىڭ سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىشىۋاتقىنىمىزغا بىر نەچچە يىل بولدى. بۇ پاختا ھوسۇلىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. لېكىن بۇ جەرياندا كۆپ مىقداردىكى سۇلياۋ پارچىلىرى ئېتىزدا قېلىپ، تۇپراقنى، مۇھىتنى بۇلغاشتەك يېڭى مەسىلە كېلىپ چىقتى. ئايباغ يېزىسىنىڭ 8000 كىشىلىك زور قوشۇن تەشكىللەپ، كېرەكسىز سۇلياۋ يوپۇق پارچىلىرىنى تازىلىشۋەتكەنلىكى كېڭەيتىشكە ياخشى تەجرىبە بولدى.

ـــ يىغىۋېلىنغان سۇلياۋ يوپۇقنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭلار؟

ـــ كۆيدۈرۈۋەتتۇق، چۈنكى ئۇنى قايتا ئىشلەتكىلى ياكى سېتىۋېتكىلى بولمىغاچقا شۇنداق قىلمايمۇ بولمىدى. بۇ جەھەتتە دېھقانلار ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ كېرەكسىز سۇلياۋ پارچىلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى يېڭى ئۇچۇر، يېڭى تەجرىبە بىلەن تەمىنلىشىگە موھتاج بولماقتا.

بىز سۇلياۋ يوپۇق ھەققىدىكى پارىڭىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سەككىز قۇرلۇق سيالكا بىلەن ئۇرۇق سېلىشىۋاتقان تۆت چاقلىق چوڭ بىر تراكتورنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ سالا ئېتىزنىڭ كۆلىمى 200 موچە بولۇپ، ئەينەكتەك تەكشى تۈزلەنگەنىدى. تۇپتۈز قىلىپ يېڭىلا يېپىلغان يول ـ يول سۇلياۋ يوپۇقلار قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى.

ـــ بۇ تراكتور بىلەن كۈنىگە قانچە مو يەرنى تېرىپ بولغىلى بولىدىكەن؟ ـــ دەپ سورىدىم مەن يېزا باشلىقى زەيدىن نىزامىدىنىدىن.

ـــ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 مو يەرگە ئۇرۇق سالغىلى بولىدۇ، ـــ دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـــ ئىلگىرى بىز كېۋەزنى كىچىك تۆت چاقلىق تراكتوردا ئىككى قۇرلۇق سيالكا بىلەن تېرىپ كەلگەن. بۇنىڭدا بىر تراكتور كۆپ بولغاندا كۈنىگە 20 مو يەرگە ئۇرۇق سالالايتتى، بۇ يىل ناھىيە يېزىمىزنى تۆت چاقلىق بىر چوڭ تراكتور بىلەن مۇكاپاتلىدى. بىزمۇ پىكاپ ئالماقچى بولغان پۇلغا بۇ تراكتوردىن يەنە بىرنى سېتىۋالدۇق. ئادەتتە بىر چوڭ تراكتور 10

نەچچە كىچىك تراكتورنىڭ ئىشىنى قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭ مەشغۇلاتى كىچىك تراكتورنىڭكىدىن سۈپەتلىك بولىدىكەن. شۇڭا بىز بۇنىڭدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا مۇھىم نۇقتىنى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە قاراتماقچى بولۇۋاتىمىز.

ـ يېزا بويىچە بۇ يىل كېۋەزنى قانچىلىك تېرىماقچى؟

ـ 40 مىڭ مو تېرىپ، بۇلتۇرقىدىن 8000 مو كۆپەيتمەكچى.

ـ بىرلىك ھوسۇل كۆرسەتكۈچىڭلار قانچە كىلوگرام؟

ـ 130 كىلوگرام.

ـ 130؟

ـ شۇنداق، ساپ پاختا ھېساباتىدىكى بىرلىك ھوسۇل كۆرسەتكۈچىمىز 130 كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلدى. بۇلتۇر يېزا بويىچە 32 مىڭ مو يەردىكى كېۋەزنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ پاختا بىرلىك ھوسۇلى 113 كىلوگرامغا، ئايرىم ئېتىزلارنىڭ 136 كىلوگرامغا يەتكەنىدى.

يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلتۇر ئايباغ يېزىسىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 442 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەمەلىي كىرىم 21 مىليون 893 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1100 يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14% ۋە 15% ئېشىپتۇ. مەھسۇلات قىممىتى ۋە ساپ كىرىمنىڭ كۆپىيىشىدە پاختىچىلىق كىرىمى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەپتۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ يىل كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمنى 1230 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، بۇلتۇرقىدىن يەنە 105 يۈەن كۆپەيتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كېۋەز كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، مۇھىم نۇقتىنى پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىپ، ھەر مو يەرگە ئاجرىتىلغان ئوتتۇرىچە سېلىنمىنى 215 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئۆتكەن يىلقىدىن 95 يۈەن كۆپەيتىپتۇ. ئۇلار ساپ پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتىنى 130 كىلوگراملىق نىشانغا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېزا ۋە ھەر قايسى كەنتلەردە

پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، پىلان، ۋەزىپە، كۆرسەتكۈچ، سىلىنما، مەھسۇلاتنى ھەر بىر كادىر، تېخنىك، شوپۇر ۋە دېھقانلارغىچە قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپتۇ. مەھەللىلەر تەييارلىغان كېۋەز يېرى كەنتنىڭ، كەنتلەر تەييارلىغان يەر يېزىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولسا، ئاندىن ئۇرۇق سېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدىكەن. يېزا بويىچە ئادەتتە ھەر بىر مو يەرگە بېرىلگەن مەھەللىۋى ئوغۇتنىڭ تۆت كۇب مېتىردىن، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ 50 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولۇشى، يەر تەكشى تۈزلەنگەن، يۇمشىتىلغان، ئۇرۇقلۇق چىگىتكە مەھسۇلات ئاشۇرۇش باكتېرىيىسى، ئوت ـ چۆپ، ھاشارات يوقىتىش دورىسى ئارىلاشتۇرۇلغان بولۇشى كېۋەز تېرىشقا رۇخسەت قىلىشتىكى ئاساسىي ئۆلچەم. ھەر بىر مو يەردىن ئۈنۈپ چىققان كېۋەز مايسىسىنىڭ 12 مىڭ تۈپتىن 13 مىڭ تۈپكىچە بولۇشى تېرىلغۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى قىلىپ بېكىتىلىپتۇ. يېزا، كەنت دەرىجىلىك كادىرلار تېخنىكا يېتەكچىلىكىنى ھۆددىگە ئالغان 10 مىڭ 500 مو ئۈلگىلىك كېۋەز ئېتىزىنىڭ ساپ پاختا بىرلىك مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى 150 كىلوگرام بولۇپ، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەن. يېزا بويىچە ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئاجرىتىلغان ئورگان كادىرلىرى، تېخنىك خادىملارنىڭ تۆت ـ بەش ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ بىر قىسمى، ئۇرۇق سېلىشقا قاتناشقان تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئىش ھەققىنىڭ ھەممىسى كېۋەز مايسىلىرى ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئالدىن بېكىتىلگەن ئۆلچەمدىكى تەلەپكە يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكىگە قاراپ بېرىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ يېزا كېۋەز تېرىلغۇسى باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈزگى بۇغداي مايسىلىرىنىڭ كۆكىرىش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ۋە ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلەپتۇ. ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، يېزىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى كەنت، مەھەللىلەردە يېتىپ ـ قوپۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلغاچقا، يېزىلىق پارتكومنىڭ

ئۈچ قېتىملىق يىغىنى ئېتىز بېشىدا ئېچىلىپتۇ.

ـ تېرىلغۇغا قويۇلغان تەلەپ ھەربىي تۈزۈمگە ئوخشاش مۇشۇنداق چىڭ بولمىسا، سۈپەتكە، مەھسۇلات كۆرسەتكۈچىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، ـ دېدى ھاكىم مەتىمىن شاھىدىن ئۇلارنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ـ بىز ناھىيە بويىچە بۇ يىلقى 310 مىڭ مو كېۋەزنى ئۆتكەن ھەر قانداق يىلدىكىدىن ياخشى تېرىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق بىر قاتار مۇكەممەل قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىزنىڭ ئومۇمىي تەلىپىمىز: تېرىلغۇ ۋەزىپىسىنى بىر ـ ئىككى كۈن كېچىكىپ ئورۇنداشقا يول قويۇلىدۇ، لېكىن ئۆلچەمگە توشمىغان يەرلەرگە ئۇرۇق سېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

بىز ئەلەمقۇدۇق كەنتىدىن ئايرىلىپ، كولاس كەنتىگە كەلسەك، ۋىلايەتلىك پاراۋانلىق سۇلياۋ زاۋۇتىدىن كەلگەن بىر نەچچە كىشى بۇ يەردىكى دېھقانلاردىن ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان سۇلياۋنىڭ سۈپىتى ھەققىدە پىكىر ئېلىۋاتقانىكەن.

ـ يېزىمىز بۇ يىل ئۇلاردىن پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى كۈزدە بېرىدىغانغا كېلىشىپ 100 توننا سۇلياۋ يوپۇق سېتىۋالغان. دەسلەپتە بىز پاراۋانلىق كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ئىشەنچلىك چىقماي قالارمۇ، دەپ ئەنسىرىگەن، ـ دەپ سۆز باشلىدى رۇستەم ئاكا مېنىڭ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالغىنىمنى سەزگەندەك، ـ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى ئىشەنچلىك ئىكەن. ئىلگىرى بىز باشقا جايلاردىن سېتىۋالغان سۇلياۋ يوپۇقلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلچەمگە توشمىغاچقا، بىر مو يەرگە بەش ـ ئالتە كىلوگىرامغىچە يوپۇق كەتكەن. بۇ يىل 3.5 كىلوگىرامدىن توغرا كېلىپ، خېلى كۆپ ئورۇنسىز چىقىمنى تېجەپ قالدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ زاۋۇتتىكىلەر مۇشۇنىڭ بىلەن يېزىمىزغا ئۈچ قېتىم كېلىپ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نەق مەيداندا ئۆزلىرى بىۋاسىتە تەكشۈردى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىغا قاراشلىق بىر پاراۋانلىق كارخانىسىنىڭ ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىگە، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە بۇنداق يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش روھى مەندە

چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

بىز ئايباغدىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، ۋاقتىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. مەن تېز كېتىۋاتقان ماشىنا دېرىزىسىدىن خۇددى پىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان ئاشۇ پايانسىز ئاق رەڭلىك سالا ئېتىزلارغا قاراپ يەنە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۈنۈپ چىقىدىغان دولقۇنلاپ تۇرغان ئاق رەڭلىك پاختا دېڭىزى، كۆز-نى قاماشتۇرىدىغان كۈمۈشتەك ئاق تاغ تىزمىلىرى ھاسىل بولىدىغان-لىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، ئۇ چاغدا ئايباغ تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىدۇ.

1994 ـ يىل ماي، ئاۋات

# ھايات مۇساپىسىدىن قالغان ئىزلار

ھاياتلىق مۇساپىسى چىغىر يولغا ئوخشايدۇ. كىمكى بۇ چىغىر يولنى ھارماي، ئازماي باسسا، ئۇنىڭ ھەر بىر قەدەم ئىزىدىن گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئىرادە، ئەقىدە، پاراسەتكە باي ئادەملەرنىڭ ئىزىدىن ئۈنۈپ چىققان بۇ خىل گۈل مۇشۇ زېمىننىڭ تۇپرىقىدا ئۇزاق ـ ئۇزاقلارغىچە خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. ھەتتا كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ يېقىلماس ئابىدە پەيدا قىلىدۇ. ۋايىت دالى دەل شۇنداق قىلدى. ئۇ ئەگرى ـ توقاي كىشىلىك ھاياتىدا ئۆزىنىڭ تالانتىغا، ئىقتىدارىغا، ئىرادىسىگە تايىنىپ، توقسۇدىن ئىبارەت ئۆتەڭ يولىدىكى بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان بىر ۋەيرانە ئورۇننى ئاخىرى گۈللەنگەن، مەدەنىيەتلىك «ئالتۇن قەلئە» گە ئايلاندۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئەجرى، مېھنىتى، ئەقىدىسى بەدىلىگە تەشكىل ۋە خەلق ۋايىت دالىغا ئۇن ـ تىنسىز مەدھىيە ئوقۇدى.

*　　　*　　　*

1983 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي قاتناش بېكىتى يولداش ۋايىت دالىنى كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاچال قاتناش بېكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىن توقسۇ قاتناش بېكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى. بۇ قارار ھاياتلىق مۇساپىسىنىڭ يېڭى يولىغا ئەمدىلا قەدەم باسقان 30 ياشلىق ۋايىت دالىنى سەل ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. چۈنكى توقسۇ قاتناش بېكىتى يىلمۇ يىل زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان، قەرزى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان، تاملىرى كونىراپ، ياتاقلىرىدىن توپا ـ چاڭ

ئۇچۇپ تۇرىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان ئورۇنغا باشلىق بولۇش ئالۋەتتە ئوڭاي ئەمەس ئىدى. لېكىن يەنە بىر ئىش ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەيتتى. ئۇ بولسىمۇ تەشكىلنىڭ ئۈمىدى، ئىشەنچىسى ئىدى. ئۇ ھازىرغىچىلىك تەشكىلنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇپ باقمىغانىدى. 1974 ـ يىلى ئۇ كەلپىن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ساجىڭزا مىللىي مەيدانىدا ئىككى يىل چېنىققاندىن كېيىن، ئاچال قاتناش بېكىتىگە ئاشپەزلىككە ئورۇنلاشقان. 1979 ـ يىل 1 ـ ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن ھەمدە كەلپىن ناھىيىلىك قاتناش بېكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى. ئارىدا ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە زىيان تارتىپ كېتىۋاتقان ئاچال قاتناش بېكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكىلىپ، ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، يىللىق زىيىنى 40 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان بۇ ئورۇننى ئىككى يىل ئىچىدىلا پايدىغا يۈزلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلغان ھەمدە تەشكىلنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇ بۇ قېتىم توقسۇغا بارمىسا تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالاتتى. قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، ئاخىرى ئۇنىڭ قەلبى ئۈمىدكە تولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ ئۇلۇغۋار ئىستەكلەر بىلەن توقسۇغا كەلدى.

توقسۇ قاتناش بېكىتى ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولى بويىغا جايلاشقان، ئەتراپى قايناق بازار بولىدىغان ئاۋات جاي ئىدى. مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بۇ ئورۇننىڭ مىسكىن قىياپىتى ۋايىتقا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ بىر مەزگىل كۆزىتىش، ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، مەسىلىنىڭ نېگىزىنىڭ باشقۇرۇشنىڭ ئۆلۈكلىكىدە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ كۆپ ئويلاندى، كېچىلىرى ئۇخلىماي پىلان تۈزدى، ئىزدەندى، ئۆگەندى. ئۇ بېكەتتىكى 22 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ۋەزىپە، مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش ئۈچۈن، بېكەتتە يولۇچىلارنى يولغا سېلىش گۇرۇپپىسى، ياتاق، مېھمان كۈتۈش گۇرۇپپىسى، مەمۇرىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپا تەسىس قىلىپ، ۋەزىپىنى ئادەم بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ياتاقلارنىڭ تازىلىقىنى، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە، شوپۇرلار بىلەن بولغان مۇناسى-

ۋەتنى ياخشىلاپ، يولۇچىلارنى كۆپلەپ جەلپ قىلدى. كېچىلىرى ياتاقلار-
نى ئارىلاپ، يولۇچىلار بىلەن سىرداشتى. ئۇلارنىڭ كۆتۈنۈش جەھەتتىكى
تەلپىنى قاندۇردى. بىخەتەرلىك، قوغداش تەرتىپىنى چىڭىتتى. كۆن ۋە
ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭى تۈزۈمنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى.
كېيىنكى يىلى بېكەت بارلىق قەرزلىرىنى قايتۇرغاننىڭ سىرتىدا 7300 يۈەن
پايدا ئالدى. شۇ يىلىلا بېكەت ۋىلايەت تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئىلغار كول-
لېكتىپلار قاتارىدا تەقدىرلەندى. دەسلەپكى نەتىجە ۋايتىنىڭ ئالغا ئىلگىرى-
لەش قىزغىنلىقىغا غايەت زور ئىلھام بەردى. 1985 ـ يىلى ئۇ بېكەت باش-
لىقلىقىغا ھەم شۇجىلىققا ئۆستۈرۈلدى. يولۇچىلارنىڭ كۆپلەپ جەلپ قىلد-
نىشىغا ئەگىشىپ، بېكەتنىڭ ياتاقلىرى يېتىشمەي قالغاندا، 50 مىڭ يۈەن
مەبلەغ سېلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق،
500 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش قىلىپ، ئەسلىدىكى 50 كارىۋاتنى
بىراقلا 450 كە يەتكۈزدى ھەمدە كېيىن بېكەتنى ئۆزى ھۆددىگە ئالدى،
شۇنداقلا قاتلاممۇ قاتلام ھۆددىگەرلىك توختامنامىسى ئىمزالاپ، بېكەت
قىياپىتىدە يېڭىچە، جانلىق مەنزىرە پەيدا قىلدى. باشقۇرۇش ئىزىغا چۈش-
كەندىن كېيىن، بېكەتنىڭ پايدىسى يىلمۇ يىل ئېشىشقا باشلىدى. 1991 ـ
يىلىغا كەلگەندە ئومۇمىي كىرىم 300 مىڭ يۈەندىن، پايدا 100 مىڭ يۈەن-
دىن ئېشىپ كەتتى. توقسۇننىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى، تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ
ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان قاتناش
بېكىتىنىڭ كونا، قىيسىق تاملىرىنى بارغانسېرى چاندۇرۇشقا باشلىدى.
يولداش ۋايىت دالى يىراقتا نەزەر تاشلاپ، يۇقىرىنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسا-
دىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ
توپلاپ، كونا تاملارنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ تاشلاپ، چوڭ تاشيول بويىغا
3650 كۋادرات مېتىرلىق بىنا سالدۇردى. ياتاق بىناسىغا 50 دانە تېلېۋى-
زور، 200 دانە بۇلۇتلۇق كارىۋات، 50 دانە شامالدۇرغۇچ سەپلىدى ھەمدە
يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور ئانتېنناسى ئورناتتى. بىنانىڭ ئاستىدىكى 20
نەچچە تىجارەت ئۆيىنى ئىجارىگە بەردى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۈچۈن
ئۈچ ئائىلىلىك ۋە بېكەت ئۈچۈن زامانىۋى شەكىلدە مۇنچا، ھاجەتخانا
سالدۇردى. توك ئۈزۈلۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چوڭ تىپتى-

كى دۆڭگاتېل سېتىۋالدى. شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بېكەتنىڭ كىرىمى تېخىمۇ كۆپەيدى. 1992 ـ يىلى پەقەت ياتاقنىڭ كىرىمىلا 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋايىتنىڭ ئىسلاھات مېۋىسى ئاقسۇ ۋە توقسۇدا زور تەسىر پەيدا قىلدى. ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك مەركىزىي قاتناش ـ ترانسپورت بېكىتى، توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ بېكەتنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 20 نەچچە قېتىم ئىلغار ئورۇن، دەپ تەقدىرلىدى. ۋايىت 30 نەچچە قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئىلغار كارخانا باشقۇرغۇچى بولۇپ تەقدىرلەندى. 1991 ـ يىلى قاتناش مىنىستىرلىكى ئۇنى مەملىكەتلىك ئەمگەك قەھرىمانى دەپ تەقدىرلىدى.

*　　　　*　　　　*

كۆلكىنىڭ يىغىسى بولغاندەك، ياخشى كۈننىڭمۇ يامىنى بولىدۇ. 1993 ـ يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان كېچىلىك ئاپتوبۇس قىزغىنلىقى قاتناش ـ ترانسپورت بازارلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. كېچىلىك ئاپتوبۇس توقسۇ قاتناش بېكىتىنى نۇرغۇن يولۇچىلاردىن مەھرۇم قىلىپ، ياتاقلارنىڭ بازىرىنى كاساتلاشتۇرۇپ، بېكەتنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادىنى سولغۇن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ۋايىت دالى بۇ خىل بېسىم ئالدىدا تېڭىرقىماي، يەنە كاللا ئىشلىتىپ، ناچار شارائىتنى ئوڭشاشقا بەل باغلىدى. ئۇ شاڭخەيدىن ئۈچ دانە ئالىي دەرىجىلىك مىنىبۇس سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ، ئۇنى ئاقسۇ، كۇچا، شايارغا قاتناتتى ھەمدە ھەر بىر مىنىبۇسنى ئايدا 10 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۈچ يىللىق ھۆددىگە بەردى. مۇنچىنىمۇ يىلدا 10 مىڭ يۈەنگە ھۆددىگە بەردى. ياتاقلارنى يىغىۋاشتىن ھۆددىگە بېرىپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، كىرىم ۋە پايدىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ۋايىت دالىنىڭ ئىزدىنىپ يول ئېچىش روھى تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

1995 ـ يىل فېۋرال، توقسۇ

# باتۇرلۇق بىلەن يېڭى يول ئېچىش

رەڭگارەڭ ئۆزگىرىشچان بازاردا، بىر خۇسۇسىي كارخانا قانداق قىلىپ رىقابەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تەرەققىي قىلالايدۇ؟ بۇ كۆپ-لىگەن كارخانىچىلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان مەسىلە. يەقەت بىر خىلدىكى پارچە سېتىش تىجارىتى بىلەن ئىش باشلىغان ئاقسۇ ۋىلا-يەتلىك جېيدا موتسىكلىت چەكلىك شىركىتى ئۈچ يىل جاپالىق تىجا-رەت قىلىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى موتسىكلىت سەپلىمە سايمانلىرىنى سېتىش، رېمونت قىلىش ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشنى بىر گەۋدە قىل-غان كارخانىغا تەرەققىي قىلىپ، ئۇدا ئۈچ يىل شىنجاڭ بويىچە موت-سىكلىتنى تورلاشتۇرۇپ سېتىشتا بىرىنچى دەرىجىلىك ئو-رۇن،شۇنداقلا سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتتە ئىلغار ئورۇن شەرىپى-گە ئېرىشتى. ئۆتكەن يىلى بۇ شىركەت سودا پۇرسىتىنى چىڭ تۇ-تۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ كارخانىسى—جۇڭگو جيالىڭ گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭ جيالىڭ موتسىكلىتى سېتىش چەكلىك شىر-كىتىنى قۇرۇپ، ئۇرۇمچى شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى. ئۈچ يىلدا سېتىش كىرىمىنى جەمئىي 107 مىليون يۈەن ئورۇنداپ، دۆلەت-كە 1 مىليون 530 مىڭ يۈەن باج پۇلى، 86 مىڭ يۈەن باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ موتسىكلىت پارچە سې-تىش كارخانىسى بولۇپ قالدى. جېيدا موتسىكلىت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى مىڭ شيەنچىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى بىر كارخانىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇردى؟ بۇنىڭ جاۋابى: «ئىنتىپاقلىشىپ ئەمەلىي

ئىشلەش، بىخەتەر بولۇش، يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش» تىن ئىبارەت كارخانا روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەڭ ياخشى ئوبراز تىكلەش، ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش، ئەڭ ياخشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئىبارەت.

## ئەلا مۇلازىمەت بىلەن مەدەنىيەتلىك تىجارەت قىلىش

ئەلا مۇلازىمەت كارخانا ئوبرازىنىڭ قانداق بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بەلگە. مىڭ شيەنچىڭ: بىر كارخانىچى نوقۇل ھالدا پايدا يارىتىشنىلا كۆزلىمەي، مۇھىمى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، دەپ قارىدى. ياخشى كارخانا ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن، ئۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «قوش مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇش مۇسابىقىسى» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خېرىدارلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، مەدەنىي مۇلازىمەت قىلىش، 365 كۈننىڭ ھەممىسىدە تىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇش، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجى قاچان چۈشسە، شۇ زامان ھازىر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

شىركەتتىكى خادىملار مۇلازىمەت قىلىشنى تۆھپە يارىتىش يۈكسەكلىكىدىن تونۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ رازى بولۇشىنى ئەلا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى قىلدى. بىر قېتىم بىر خېرىدارنىڭ موتسىكلىتى بۇزۇلۇپ قېلىپ، نۇرغۇن ماگىزىنلارنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، كېرەكلىك زاپچاسنى تاپالماي، ئاخىرىدا جېيدا شىركىتىدىن ياردەم سوراپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا شىركەت خادىملىرى ھېچ ئىككىلەنمەستىن بىر يېڭى موتسىكلىتنى چۇۋۇپ، زاپچاسنى ھېلىقى خېرىدارغا بېرىپ، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ. يەنە بىر قېتىم ۋاڭ چىڭشىڭ ئىسىملىك بىر كىشى جېيدا شىركىتىنىڭ ئارال شۆبە شىركىتىدىن بىر دانە موتسىكلىت سېتىۋېلىپ، خۇشاللىقىدا يولغا چىقىپلا ئوت ئالدۇرۇپ مىنىۋالىدۇ. ئەمما ئۇ 100 مېتىر ماڭا ـ ماڭمايلا قاتناش ساقچىسى تۇتۇۋېلىپ 200 يۈەن جەرىمانە قويىدۇ. چۈنكى موتسىكلىتقا تېخى نو-

مۇر تاختىسى ئېسىلمىغانىدى. دەل شۇ چاغدا خىزمەت تەكشۈرۈپ ئارالىغا كەلگەن باش دىرېكتور مىڭ شيەنچىڭ ئۇچراپ قېلىپ، ھېلىقى خېرىدار تۆلەشكە تېگىشلىك 200 يۈەن جەرىمانىنى ئۆز يېنىدىن بېرىۋېتىپ، خېرىدارنى يولغا سالىدۇ. چۈنكى ئۇ، پىركازچىك موتىسىكلىتنى ساتقاندا مۇناسىۋەتلىك ساۋاتلارنى، قاتناش قائىدە ـ نىزاملىرىنى ئىستېمالچىغا ئېيتىپ قويمىغان. شۇڭا مەسئۇلىيەت شىركىتىمىزدە، دەپ قارىغانىدى. ھېلىقى خېرىدار بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، باش دىرېكتورغا رەھمەت ئېيتىدۇ.

ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتا ياخشى كەسپىي ئەخلاق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا، سەۋىيە بولۇش لازىم. مىڭ شيەنچىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 20 نەچچە ئادەمنى جىنەن، چېڭدۇ، چۇڭچىڭ، رۇشى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا موتىسىكلىت رېمونت قىلىش تېخنىكىسى ۋە زاپچاس سەپلەش بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ، بىر تۈركۈم تېخنىكا تايانچلىرىنى تەربىيىلەش ئارقىلىق، ئەلا مۇلازىمەت قىلىشقا مۇستەھكەم ئاساس تۇرغۇزدى.

ئەلا مۇلازىمەت، سەمىمىي ھەمكارلىق خېرىدارلار بىلەن زاۋۇتلارنىڭ ئىشەنچىسگە ئېگە قىلدى. شۇڭا جيېدا شىركىتى جۇڭگو چىڭچى گۇرۇھىنىڭ دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، دۆلەت ئىچىدىكى موتىسىكلىت ئىشلەش سودىگىرىنىڭ شىنجاڭ (جەنۇبىي شىنجاڭ) دىكى باش ۋاكالەتچىسى ھەمدە مەملىكەت ئىچىدىكى 12 موتىسىكلىت ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان رېمونت مۇلازىمەت ئورنى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى.

## دېموكراتىك ئۇسۇلدا تەدبىر بەلگىلەپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش

باشقۇرۇشتا ئېھتىياتچان، قائىدە ـ تۈزۈمدە مۇكەممەل، مەسئۇلىيەت ئېنىق، خىزمەتتە تەرتىپلىك بولۇش جيېدا شىركىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا مىڭ شيەنچىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى بىر مۇھىم تەجرىبىسى.

جيېدا شىركىتىدە باش دىرېكتوردىن تارتىپ ھەر بىر ئىشچى ـ

خىزمەتچىلەرگىچە ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىچىدە باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ياخشى باشقۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ. شىركەت تۈزۈپ بېكىتكەن ھەرىكەت مىزانى، كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلغان تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئاكتىپ رىئايە قىلىش ھەر بىر خىزمەتچىنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئەگەر خىلاپلىق قىلىنسا، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەنقىد قىلىنىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ. بۇنىڭغا دىرېكتور باشلامچىلىق بىلەن ئەمەل قىلىدۇ. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرمۇ قائىدە بويىچە ئىش قىلىدۇ. بىر قېتىم باش دىرېكتور مىڭ شيەنچېڭ دەل مۇشۇنداق ئىشقا يولۇقتى. ئۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مالىيە بۆلۈمى ئۇنىڭ مائاشىدىن 1000 يۈەن تۇتۇپ قالدى. سەۋەبى ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى تېلېفون ئاممىۋى ئۇچۇر مۇلازىمەت ئىستانسىسىغا ئۇرۇلۇپ، 600 يۈەن چىقىم بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە مىڭ شيەنچېڭ بۇنداق تېلېفون ئۇرۇپ باقمىغان. كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئوينىغىلى كەلگەن جيەنى قىلغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. نەتىجىدە مىڭ شيەنچېڭ سەۋەنلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ، جەرىماننى رازىمەنلىك بىلەن تۆلەيدۇ.

مىڭ شيەنچېڭ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ داگۇاڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، گەنسۇدىكى ليەنچېڭ چېگيۈەن ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىمى، مۇئاۋىن رەئىس ۋە بېيجىڭ مۇھاجىرلار بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدە مۇدىر، باي مىس كېنىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى غەربىي كوچا سودا سارىيىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش تەسىراتىغا ئاساسەن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبە ـ ئۇسۇللىرىنى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىدا قوللاندى. كارخانىنى قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا جيېدا شىركىتىدە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلىشى ئارقىلىق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى، ئەزالىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. يەنە باش دىرېكتور

نامزات ئىسىملىكىنى كۆرسىتىپ، پەرقلىق سايلام ئېلىپ بېرىش ئارقى-لىق، مۇئاۋىن باش دىرېكتورنى سايلاپ چىقىپ، باش دىرېكتورنىڭلا گېپى گەپ بولۇش ئەھۋالىنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ساقلاندى. شىركەت كارخانىنىڭ ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە چې-تىلىدىغان مۇھىم، چوڭ ئىشلارنى چوقۇم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر چوڭ يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ تەك-شۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتمىگەن ھەر قانداق ئىشنى ئوتتۇرىغا قوي-ماسلىق، يولغا قويماسلىق، قارار قىلماسلىقنى بەلگىلىدى. دىرېكتورنىڭ سايلام ئۆتكۈزۈشى، دېموكراتىك ئۇسۇلدا قارار چىقىرىشى، دېموكرا-تىك باشقۇرۇشى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى ئورنىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانا ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئېڭىنى، ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇردى. ۋەزىيىتى، ئىش تەقسىماتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتتە ھەممەيلەن باراۋەر بولدى. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن پەخىرلەنگەن ھالدا: «بۇ يەردە ھەممىمىز كارخانىنىڭ خوجايىنى» دېيىشىدۇ.

ئىلگىرى ئۇدا ئۈچ يىل پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا «ئىلغار خىزمەتچى»، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىكى ئاكتىپ»، گەنسۇ ئېلېكتر ـ ئېنېرگىيە ئىدا-رىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «گەنسۇ ئۆلكىسى ئېلېكتر ـ ئې-نېرگىيە سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشما كادىرى» قاتار-لىق شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن خۇسۇسىي كارخانىچى مىڭ شيەنچىڭ پەقەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنى كارخانا بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە كارخانا ئۈچۈن كۈچ چىقارغاندىلا كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. كارخانىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇش ئۈچۈن مىڭ شيەنچىڭ ھەر ۋاقىت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ غېمىنى يېدى، ئۇلارنىڭ شادلىق ھەم غەم ـ قايغۇسى بىلەن ئور-تاقلاشتى، دائىم دېگۈدەك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئات-لىرىنى شىركەتكە تەكلىپ قىلىپ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنلىرى-

نى ئۈيۈشتۇردى، ھال سوراش پۇلى بەردى. ھەر پەسىلدە بىر تۇتاش خىزمەت فورمىسى تارقىتىپ بېرىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كوللېكتىپىزملىق قارىشىنى ۋە شەرەپ تۇيغۇسىنى ئاشۇردى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن شىركەت نامىدىن 51 نەپەر خىزمەتچىنى جىسمانىي سۇغۇرتا ۋە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇردى. ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ كىرىمى ئوخشاشلا ئاشتى. نۆۋەتتە بۇ شىركەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش يولىدا تىرىشماقتا.

## جەمئىيەتكە قەلب ئىزھار قىلىش

يىراقنى كۆرەلەيدىغان بىر كارخانىچى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى بۇرچى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇنىڭدىن 27 يىل ئىلگىرى مىڭ شيەنچېڭ جەمئىيەتتىكى تۆۋەن قەدىمىنى بېسىپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قۇمباش يېزىسىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشكەن. جاپالىق ئەمگەك ۋە چېنىقىش جەريانىدا دېھقانلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئۇلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ناچارلىقى، يېزىلارنىڭ قالاقلىقىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ ھازىر ئۇ يەردىكى نامرات قېرىنداشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە چامىسىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بەرمەكتە. ئۇ شىركەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى پۇل، ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىشقا تەشكىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ، 6200 كىلوگرام گۈرۈچ، ئۇن، بىر دانە كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسى، ئىككى دانە كۆلتىۋاتسىيە ماشىنىسى،

40 دانە دورا پۈركۈش ماشىنىسى، ياغ، چاي، قەنت، شېكەر قاتارلىق بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ، قۇمباش يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئارقىلىق 200 نەچچە نامرات، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. دېھقانلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى، كىنو قويۇش ئەترىتىنى قۇمباش يېزىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ھال سوراش ئويۇنى ۋە كىنو قويدۇرۇپ بەردى. ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تۆمەنلىگەن كەنتتە نامراتلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، شىركەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئىئانە قىلغان 20 مىڭ يۈەنگە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇيغۇرچە پەن ـ تېخنىكا ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسىدىكى دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى ھەم شۇ يەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتى بىلەن «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كېلىشىمى» ئىمزالاپ، يېزا بىلەن شەھەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

مىڭ شيەنچىڭ دائىم «جىيىدا شىركىتىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلالىشى ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتىگە تايانغانلىقىمىزدىن، ئاندىن جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قوللىشىدىن بولغان. شۇڭا بىز جەمئىيەتكە ئازراق بولسىمۇ تۆھپە قوشۇشىمىز، قەلب ئىزھار قىلىشىمىز كېرەك» دەيدۇ. ئۇ قۇمباش، ئاقيار ئىككى يېزىدىكى كەنت كادىرلىرىنىڭ قاتناش قورالى جەھەتتە قىيىنچىلىقى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، شىركەت نامىدىن بۇ ئىككى يېزىغا 70 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى بىر تۈركۈم موتسىكلىتنى نىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللايدۇ.

1995 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا مىڭ شيەنچىڭ شىركەت نامىدىن پۇل چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە تۇنجى قېتىملىق «جىيىدا لوڭقىسى» شەھەر ئايلىنىپ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ماشىنا، ئادەم ئاجرىتىپ، مۇسابىقىنىڭ تەشكىللەش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئاقسۇ

شەھەر رايونى تارىخىدا ئېلىپ بېرىلغان كۆلىمى ئەڭ چوڭ، قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بىر قېتىملىق ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ھەم ۋىلايىتىمىزنىڭ ئومۇم خەلق ساغلاملىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى ھەم كارخانىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆستۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جىيېدا شىركىتى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ھەم كەڭ كادىر، ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. مىڭ شيەنچىڭ بۇنىڭدىن جەمئىيەت بىلەن كارخانىنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەمئىيەتنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى، كارخانا گۈللەنسە جەمئىيەت ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

يۇقىرىقى نەتىجىلەرگە ئاساسەن، جىيېدا شىركىتى ھەم بۇ شىركەتنىڭ قۇرغۇچىسى مىڭ شيەنچىڭ كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، جەمئىيەت ۋە تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە مۇيەسسەر بولدى. 1997 ـ يىلى جىيېدا شىركىتى دۆلەت ئەمگەك مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو ئەمگەك مۇلازىمەت كارخانىلىرى بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات» شەرىپىگە ئېرىشتى.

1997 ـ يىلى مىڭ شيەنچىڭ مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «جۇڭخۇا نۇرى» ئاخبارات پېرسوناژى نامىغا ئېرىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

1998 ـ يىلى مىڭ شيەنچىڭ سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ شەھەرلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

1997 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش شەرەپ مېدالى» غا ئېرىشتى.

1998 ـ يىل نويابىر، ئاقسۇ

# مۇقەددەس تۇيغۇ، شەرەپلىك ھايات

بۈيۈكلۈككە ئەڭ يېقىنى ھالاللىقتۇر.

— گيوگو

ھايات گويا ئاتقان ئوق، ئاققان سۇ، بۇنى ھېس قىلالىغان ئادەملا ھاياتىنىڭ ھەر بىر سائىتى، ھەتتا ھەر بىر مىنۇتىنىمۇ قەدىرلەشنى بىلىدۇ ھەمدە كىشىلىك ھايات مۇساپىسىنى ئاداشماي بېسىپ، پارتىيە، خەلق تاپشۇرغان مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنى بەجانىدىل ئادا قىلىدۇ. تارىخنىڭ، ئۆتمۈشنىڭ شۇنداقلا بۈگۈنىنىڭ ھەر ساھە، ھەر كەسىپلىرىگە بىر ـ بىرلەپ نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بىر ئۆمۈر خەلقنىڭ، ئومۇمنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، مول تۆھپە ياراتقان ۋە يارىتىۋاتقان كىشىلەر ئاز ئەمەس. پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم رەھبىرىي كادىر مامۇت ھاشىرمۇ دەل شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ 42 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنى ھەم پۈتۈن زېھنىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بېغىشلاپ، پارتىيە تەشكىلى ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مالىيە باشقارمىسىدىن ئىبارەت خىزمەت سىجىللىقى يۇقىرى، نازۇك ئورۇننىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن 20 يىل جەريانىدا، «ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش»، «تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش» تىن ئىبارەت مالىيە

فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، چەكلىك مەبلەغنى جىدـ
دىي ئېھتىياجلىق ئورۇنغا بېرىش، تولۇق ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاش
پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مالىيە جىددىيلىكىنى
پەسەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىغا تېـ
گىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى.

مالىيە خىزمىتى يۇقىرى سەزگۈرلۈك، ئىقتىدار ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە ھەم جىددىي خىزمەت. ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس. مامۇت ھاشىر بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى بىلىمى ۋە ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، داۋاملىق ئىزدەندى. بولۇپمۇ، ئۇ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە بەكرەك ئەھمىيەت بەردى. چۈنكى مالىيە، باج ساھەسىدىكى ماتېرىياللار، ھۆججەتلەر ئاساسەن خەنزۇچە بولغاچقا، ئادەتتىكى سەۋىيە بىلەن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش قىيىن ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىگە تەۋە ئىدارىلارنىڭ خىزمىتىنى چىڭ تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەسپىي بىلىملەر، سىياسىي نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى شۇنداقلا خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى بىلىمى بېيىپ، تەجرىبىسى موللاشتى. خەنزۇ تىلىدا راۋان سۆزلىشەلەيدىغان، خەنزۇچە ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى بىمالال كۆرەلەيدىغان بولدى. ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە، ۋىلايىتىمىزدىكى يىلمۇ يىل زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان 25 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەھسۇلاتىنى ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەشكە ئۈندىدى. كارخانىلارنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى، ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى، باغۋاران قۇرۇلۇشىغا پائال مەدەت بەردى. بىر نەچچە يىللىق مەدەت بېرىش ھەم ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ، بۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسى زىياننى تۈگىتىپ، پايدا ئېلىش يولىغا كىردى.

1981 ـ يىل 4 ـ ئايدا ماموت ھاشىر ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، تېخىمۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ياخشىلاشتىن قول سېلىپ، ئىچكى جەھەتتىكى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى ۋە ئۇنىڭغا پائال ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، باشقارمىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ تەڭ يۈكسىلىشىنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

ئۇ گەرچە مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ، ھەرگىز ئۆزىنى بىلگەنچە ئىش قىلماي، ھەر قانداق ئىشتا پرىنسىپنى، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى تەكىتلىدى. پۇل ھەققىدە يېزىلغان دوكلاتلار، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرىنى سىياسەت سۆزلەپ قايىل قىلدى. دائىم تۆۋەنگە بېرىپ، قەيەردە قىيىنچىلىقنىڭ ئېغىرلىقىنى، قەيەردە ئانچە ئېغىر ئەمەسلىكىنى تېپىپ چىقتى. ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ سۇ ئىچىش، ئىسسىنىش جەھەتلەردە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بارلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، دەرھال يىغىن چاقىرىپ، كوللېكتىپ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق، ئۇلارغا يېتەرلىك مەبلەغ ھەل قىلىپ بەردى. ماموت ھاشىر مۇنداق دەيدۇ: پۇل دەپ كەلگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىدە دېگۈدەك ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. مالىيەدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە سىياسەت سۆزلەشكە، مالىيەدىكى قىيىنچىلىقنى سۆزلەشكە توغرا كەلدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەنجىيدۇ. ۋىلايىتىمىزنىڭ مالىيە كىرىمى يىلمۇ يىل ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ چىقىمىنىڭ 30 پىرسەنتىنىمۇ قاپلىيالمايدۇ. ھەر يىلى ئاشقان كىرىم بىلەن شۇ يىللىق ئاشقان چىقىمنى تەمىن ئېتەلمەيدۇ. 1994 ـ يىلى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققىگە يېڭىدىن قوشۇپ بېرىلگەن ئىش ھەققى ئۈچۈنلا 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل كەت-

تى. 1994 ـ يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ مالىيە كىرىمى 135 مىلـيـون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭغا ئاپتونوم رايون بېرىدىغان مۇقىم ياردەمنـى قوشقاندا، 340 مىليون يۈەن ئەتراپىدا بولغان. ئەمەلىيـەتـتـە 1994 ـ يىلى دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشىغىلا 400 مىليون يۈەن چىقىم قىلدى. بۇنىڭغا باشقا چىقىملارنى قوشقاندا 500 مىليـون يـۈەنـ دىن ئېشىپ كەتتى. مانا بۇ خىل سىلىشتۇرمىدىنلا قىيىنچىلىقنىڭ نـەـ قەدەر ئېغىرلىقى بىلىنىپ تۇرمامدۇ!

ئۆتكەن يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ مامۇت ھاشىر ۋىلايـەتـلـىـك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستـىـگـە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى، يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

مامۇت ھاشىر 42 يىللىق خىزمەت ھاياتىنى ئاددىـي ـ سـاددا، پاك ـ دىيانەتلىك ئۆتكۈزدى. ئىستىلدا دۇرۇس، ئىدىـيـىـدە ساغـلام بولدى. مالىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشنى ئۆزىنىڭ ۋە باشقارمىنىڭ ھەـ رىكەت قائىدىسىگە ئايلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مالىيە مۇھىتىنىڭ ساپلىقىـ نى قوغدىدى. ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىـغـان، پرىنسىپتىن ھالقىپ پۇل تەستىقلايدىغان ئىشنى قىلمىدى.

مامۇت ھاشىر جاپالىق خىزمەت ھاياتىدا كۆپ قېتـىـم شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى. 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيـە ئـىـلـمـىـي جەمئىيىتى بىلەن مالىيە تەتقىقات ئورنى ئۇنىڭ «ئاشلىق ئىشلەپچىقىـ رىش بازىسى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا تەھلىل» دېگەن ماقالىسىغا «ئىلغار پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇكـاپـاتـى» بـەردى. 1989 ـ ، 1990 ـ ، 1991 ـ ۋە 1994 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە، باج، مال باھاـ سىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچـىـلار ئـۇـ يۇشمىسى ئۇنى ئىلغار شەخس، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قوللىغان رەھـ بەر، دەپ تەقدىرلىدى. 1994 ـ يىلى شىنجاڭ جۇڭخۇا بوغالتىرلـىـق ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش مەكتىپىمۇ مامۇت ھاشـىـرنـى ئـالاھـىـدە تەقدىرلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمـە 1987 ـ يـىـلـى ئۇنىڭغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسـى» دەپ نـام بـەردى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى تەشكىللـىـگـەن ئۆمـەك

تەركىبىدە ئاۋستىرالىيىگە بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

مامۇت ھاشىر ھەمىشە باشقىلارغا «ئۆمۈر بويى بەختلىك بولاي دې-سەڭ، ھالال ئادەم بول» دېگەن گەپنى دەپ كەلدى ۋە ئۆزىمۇ بۇ گەپكە ئەمەل قىلىپ، كىشىلىك ھاياتىنى ھالاللىق بىلەن ئۆتكۈزدى ھەم ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى پاكلىق ئۆلچىمى بويىچە ئادا قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى نام قالدۇردى.

بىر ئىنسان ئۈچۈن ھالاللىق—كۆپچىلىكنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ياشاش ۋە ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتتىنمۇ ۋاز كېچىش دېگەنلىكتۇر.

ـ ن. پېئوگارف

1995 ـ يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ

# ئۈمىد نۇرىدا پارلىغان زېمىن

بىر ئولتۇرغان ماشىنا قاراتال يېزا ئورگىنىدىن چىقىپ ساتقا قاراپ يول ئالدى. بىر بەش كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن بىر بازارغا يېتىپ كەلدۇق. ماڭا يول باشلاپ ماڭغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ھۇسەن زايىت:

ـ بۇ ساتنىڭ چارشەنبە بازىرى، ـ دېدى. مەن ھەيران بولغان ھالدا: ـ كەنتلەردىمۇ بازار بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ـ شۇنداق، بۇ بازارنى 1993 ـ يىل 2 ـ ئايدا 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن قۇرغان. ھەر چارشەنبە كۈنى پۈتۈن يېزا بويىچە مۇشۇ يەردە بازار بولىدۇ. بۇ بازارمۇ ئىنتايىن ئاۋات دەڭە، ـ دېدى ئۇ بىر نەچچە يولداش بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، ئارقىدىنلا ئۇ بۇغدايئۆڭ بىر تەمبەل كىشىنى ماڭا تونۇشتۇردى، ـ بۇ كىشى سات باشقۇرۇش رايونىنىڭ شۇجىسى سەمەت سالى بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئادەم بۇ يەرنى گۈللەندۈردى. ئۇنى گېزىتتە قانچە ماختىساق ئەرزىيدۇ، ـ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. سەمەت شۇجى بېشىغا ئاق شلەپە كىيگەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرى چاقنايتتى. بىز مەقسىتىمىزنى بىلدۈرگەندىن كېيىن يۇقىرىقى سات كەنتىنىڭ چىرايلىق بېزەلگەن، ئازادە ئىشخانىسىدا رەسمىي سۆھبەت ئېلىپ باردۇق.

سەمەت شۇجى ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتىگە خېلىلا پىشقان كىشى ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ھەر بىر سوئالىمغا تولىمۇ راۋان جاۋاب بېرەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ سات باشقۇرۇش رايونى تەۋەسىدە تۆت كەنت، 570 ئائىلە،

3700 دىن ئارتۇقراق نوپۇس، 790 ئەمگەك كۈچى بار. ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 16 مىڭ 800 مو بولۇپ، بۇنىڭدىن دانلىق زىرائەت كۆلىمى 4463 مونى، قوغۇن ـ تاۋۇز، سەي ـ كۆكتات كۆلىمى 250 مونى ئىگىلەيدۇ، قالغىنىنىڭ ھەممىسى كېۋەز.

سەمەت شۇجىنىڭ ساتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە يېڭى ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدىكى سۆزلىرىدىن مۇنۇلارنى بىلگىلى بولاتتى: ساتمۇ ئىلگىرى باشقا جايلارغا ئوخشاش بېكىنمە، نامرات ھالەتتە ئىدى. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ باھار شامىلى ۋە يېزا ئىقتىسادىي سىياستىنىڭ پارلاق نۇرى ساتتىن ئىبارەت بۇ كىچىك يۇرت باغرىنى ئىللىتتى. يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ساتنىڭ ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە پائال مەدەت بېرىپ، سات باشقۇرۇش رايونى پارتىيە باش ياچېيكىسىغا قابىل، پىشقان، تەجرىبىلىك كىشىلەرنى شۇجىلىققا قويىدى. 1993 ـ يىلى باشقۇرۇش رايونى بويىچە 6500 مو يەرگە تېرىلغان بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئاز كەم 380 كىلوگرامغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن 5000 مو يەردىكى كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 80 كىلوگرامدىن ئاشمىدى. باشقۇرۇش رايونى بويىچە نامرات ئائىلىلەرنىڭ سانىدا ئازىيىش بولمىدى. شۇ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم ئاران 1200 يۈەنگە يەتتى. بۇ سان قاراتالدەك بىر ئۆلگىلىك يېزىغا نىسبەتەن يەنىلا ئاز ھېسابلىناتتى. سات باشقۇرۇش رايونى پارتىيە ياچېيكىسى يېزا رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن دېھقانلارنى پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىشكە، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، يەرگە ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى ھەمدە كېۋەز كۆلىمىنى يىلمۇ يىل كۆپەيتتى. 1994 ـ يىلى كېۋەز كۆلىمىنى 9700 موغا كېڭەيتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتىنى 105 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. 1995 ـ يىلى كۆلەمنى 11 مىڭ 500 موغا، بىرلىك مەھسۇلاتىنى 125 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. شۇ يىلى يۇقىرىقى سات كەنتى ساپ پاختا بىرلىك مەھسۇلاتىنى 130 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. يەردىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى كەنتلەر ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلارنى پائال كىرگۈزدى ۋە يەرگە بېرىلىدىغان ئو-

غۇت مىقدارىنى يىلمۇ يىل كۆپەيتتى. 1995 ـ يىلى بىر مو كېۋەز ئۈچۈن 70 كىلوگىرامدىن خىمىيىۋى ئوغۇت، 60 كىلوگىرامدىن كۈن- جۇرە، تۆت كۇب مېتىردىن مەھەللىۋى ئوغۇت بەرگەن بولسا، بۇ يىل 100 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 80 كىلوگرام كۈنجۈرە، بەش كۇب مېتىردىن مەھەللىۋى ئوغۇت بەردى. بۇلتۇر «ئارمىيە 12 ـ نومۇر» نى كېڭەيتكەن بولسا، بۇ يىل «ئارمىيە 191 ـ نومۇر» لۇق سورتىنى تې- رىدى.

سەمەت شۈجى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا قولغا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەر ئالدىمىسا يەرنى، يەر باقىدۇ ئەرنى» دېگەن گەپ راست ئىكەن. دېھقان جاپالىق ئەمگەكنىڭ راھىتىنى كۆردى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 1994 ـ يىلىدىكى 1700 يۈەندىن 1995 ـ يىلى بىراقلا 3000 يۈەن- دىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرىقى ساتىنىڭ 3800 يۈەنگە يەتتى. باشقۇرۇش رايونى بويىچە ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر يىلمۇ يىل كۆپەيدى. ھازىر 500 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن يەتتىسى، 300 مىڭ يۈەن- لىك ئائىلىدىن 25 ى، 200 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 50 ى، 100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 100 ى بار.

سەمەت شۈجى مۇنداق دېدى: يۇقىرىقى ساتىنىڭ 1 ـ ئىشلەپ- چىقىرىش گۇرۇپپىسى ئىلگىرى يېزا تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان نامرات مەھەللە ئىدى. بازارا ئىگىلىكى دولقۇنىدا بۇ يەرنىڭ دېھقانلىرى بورا توقۇشتىن يىغقان پۇللىرىنى يەرگە ئىشلىتىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلغاچقا، ئۆتكەن يىلغا قەدەر بۇ مەھەللىدىكى 30 ئائىلى- نىڭ ھەممىسى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى. ھازىر بۇ 30 ئائىلىنىڭ 33 تراكتورى، ئىككى ماشىنىسى بار. دۆڭچوناق 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىدىكى نامراتلىقتا نام چىقارغان ئەلا دانى بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىپ تراكتور سېتىۋېلىپ يەرگە ئىشلەپ، 200 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە- گە ئايلاندى. ئۈيچوناق كەنتىدىكى مۇسا ئەيسا ئىلگىرى جېنىنى باقال- ماي، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنىدى. يەر ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللاندى

ھەممە تاپقان پۇلى بىلەن يەر تېرىپ، ئاخىرىدا 200 مىڭ يۈەنلىك باي ئائىلىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئىگىلىنىشچە، ھازىر سات باشقۇرۇش رايونىدا چوڭ ـ كىچىك تراكتوردىن 305 ى، ماشىنىدىن 28 ى بار ئىكەن. موتسىكلىت مىنگەن ئادەم 215 تىن ئېشىپ كېتىپتۇ. 98 پىرسەنت ئائىلىدە تېلېۋىزور بار ئىكەن. 80 دىن ئارتۇق ئائىلە توڭلاتقۇ سېتىۋاپتۇ.

باشقۇرۇش رايونىدىكى ھەر قايسى كەنتلەر دېھقانلارنىلا باي قىلىپ قالماي، كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىنىمۇ تېز زورايتىپتۇ. پەقەت ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئويچوناق كەنتىنىڭ يىللىق كوللېكتىپ ئىقتىسادى 190 مىڭ يۈەندىن، يۇقىرىقى سات ۋە دۆڭچوناق كەنتىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 120 مىڭ يۈەندىن، سات كەنتىنىڭ يەرلىرى ئاز بولسىمۇ 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئۆتكەن يىلغا قەدەر باشقۇرۇش رايونى بويىچە 13 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسىلىپ بولغان. 23 ئورۇندىكى زاكۇ، كۆۋرۈك قۇرۇلمىسى پۈتۈپ، سۇ ئىنشائاتى سىستېمىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن. 190 مو كونا باغ يېڭىلانغان. باشقۇرۇش رايونى چارۋىچىلىق، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپتۇ. ھازىر تۆت كەنتتە 100 دىن يۇقىرى ئۇششاق چارۋا، 10 دىن يۇقىرى كالا بورداپدىغان بورداقچىلىق ئائىلىسىدىن 15 ى بار ئىكەن. بۇلارغا كەنت يەم ـ خەشەكنى ئېتىبار باھادا ھەل قىلىپ بەرگەندىن باشقا، خالىسانە ئەمگەكنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق ئېتىبار بېرىش چارىسىنى يولغا قويغاچقا، چارۋىچىلىق تېز تەرەققىي قىلىپ، ھازىر ئومۇمىي چارۋا ـ مال ئاز كەم 12 مىڭ تۇياقتا يەتكەن. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: سات دېھقانلىرىنىڭ كۆزىدە ئۈمىد نۇرى چاقناپتۇ، ئىشچان قولى بۇ زېمىنغا بەرىكەت ياغدۇرۇپتۇ...

## ئەل غېمى ئۇنىڭ قەلبىدە

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال يېزا سات باشقۇرۇش رايونى پارتىيە

باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سەمەت سالى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يۈرەك قېنىنى يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، دېھقانلارنى بېيىتىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقتىن، يېزا ۋە ئاقسۇ شەھىرى بويىچە تونۇلغان ياچېيكا شۇجىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

*　　　*　　　*

سەمەت سالى 1974 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ساتقا كېلىپ دېھقان بولۇپ ئۆزۈن ئۆتمەي ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، يەردىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش جەھەتلەردە كەنتتىكىلەرگە ئۈلگە بولۇپ، ناھايىتى تېزلا كەنت كادىرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. 1976 ـ يىلى ئۇ 2 ـ ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ بوغالتىرلىقىدىن كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا قويۇلدى. ئۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، بوز يەر ئېچىش، يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردە زور كۈچ چىقاردى ھەمدە 1986 ـ يىل 9 ـ ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. تەشكىل سەمەت سالىنى ئۈمىدلىك ياش، دەپ قاراپ، ئۇنى شۇ يىلى 10 ـ ئايدا سات باشقۇرۇش رايونى تەۋەسىدىكى ئويچوناق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ كەنت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى يېتەكلەپ، قىسقىغىنە ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە كەنتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، كەنتنى يېزا بويىچە ئىلغار كەنتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزدى. سەمەت سالى يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، يېزا بويىچە ئەڭ ئارقىدا قالغان دوسقۇل باشقۇرۇش رايونىغا شۇجى، كۇكۇل باشقۇرۇش رايونىغا شۇجى، يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانىغا باشلىق بولۇپ ئىشلەپ، ئۇ يەرلەرنىڭ خىزمىتىنىمۇ جانلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، تەشكىلنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەشكىل سەمەت سالىنى سات باشقۇرۇش رايونى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

يېزا خىزمىتىگە خېلىلا پىشىپ قالغان سەمەت سالى باشقۇرۇش رايونى تەۋەسىدىكى تۆت كەنتنىڭ خىزمىتىدە يېڭى بۇرۇلۇشنى قولغا كەلتۈ-رۈش ئۈچۈن، ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەرلەرنى پائال ئېچىپ، كېۋەز كۆلىمىنى تەدرىجىي كېڭەيتتى. دانلىق زىرائەتتە بىرلىك مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇ سېلىنمىنى كۆپەيتىش، يې-ڭى تېخنىكىنى قوللىنىش، يۇقىرى ھوسۇللۇق سورتلارنى تاللاپ كىرگۈزۈش جەھەتتە ئاممىنى تەشكىللىگەچكە، مەھسۇلات مىقدارى، كىرىم يىلمۇ يىل ئاشتى. 1994 ــ يىلى كېۋەز 9700 مو تېرىلىپ، بىرلىك ھوسۇلى 105 كىلوگرامغا يەتتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 1700 يۈەندىن ئاشتى. 1995 ــ يىلى بۇ ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا 11 مىڭ 500 مو، 125 كىلوگرام ۋە 3000 يۈەنگە يېتىپ، باشقۇرۇش رايونىنىڭ قىياپىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. بۇ يىل كىشى بې-شىغا توغرا كەلگەن كىرىم 3300 يۈەندىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن.

سات دېھقانلىرى خېلىلا ھاللىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنە بەزى-لەر تېخىچە نامرات ھالەتتە كۈن كەچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. مۇشۇ رايون-نىڭ ئويچوناق كەنت 2 ــ گۇرۇپپىسىدىكى مۇھەممەت تۆمۈر دەل مۇشۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى. سەمەت شۇجى بىر نەچچە يىلدىن بۇ-يان، ئۇنىڭغا پۇل قەرز بېرىپ تۇرغاندىن سىرت، ھەر يىلى 4 ــ 5 يۈز يۈەن پۇل ۋە 2 ــ 3 خالتا ئوغۇت ياردەم قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ خىل روھىدىن تەسىرلەنگەن باشقا پارتىيە ئەزالىرىمۇ ئارقا ــ ئار-قىدىن ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان دائىرىدىكى نامراتلارغا ياردەم قىلدى. ئويچوناق كەنتنىڭ 2 ــ ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى ئېتىزلىرى سالالاشمىغان، يەرلىرى سازلىق، ئۆيلىرى كونا، نامرات مەھەللە ئى-دى. ئۇ كەنتتىكى ياچېيكا ھەيئەتلىرى بىلەن قايتا ــ قايتا مۇزاكىرى-لىشىپ، بۇ يەردىكى دېھقانلارنى سودا ــ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكىلەر پۇل تاپتى. تاپقان پۇللى-رىنى يەرگە ئىشلىتىپ، ئۆتكەن يىلىغا كەلگەندە يېزا بويىچە «سودا ــ سېتىق» تا نامى بار باي مەھەللىگە ئايلاندى. مەھەللىدىكى 28 ئائىلى-نىڭ ھەممىسى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى.

سەمەت سالى باشقۇرۇش رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت ئامانلىقى قاتارلىق ساھەلەردىكى خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، 1 ـ دېۋىزىيە دەريا باشقارمىسى بىلەن دوستلۇق ئورناتتى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن رايوندىكى خەنزۇ دېھقان شۇ چاڭ مىجىت ئىمامنىياز قاتارلىق نامراتلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ھازىر سات باشقۇرۇش رايونى بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىمى 1000 يۈەندىن تۆۋەن ئائىلىدىن بىرىمۇ قالمىدى. 215 ئائىلە موتسىكلىت، 28 ئائىلە چوڭ ـ كىچىك ماشىنا سېتىۋالدى. تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98% كە، بۇنىڭدىن رەڭلىك تېلېۋىزورى بارلار 70 پىرسەنتتىن ئاشتى. 98 پىرسەنت ئائىلە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى. باشقۇرۇش رايوندىكى 13 ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى 11 گېنېراتور سېتىۋېلىپ، توك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

ساتنىڭ نامى چىقتى. بۇنىڭ بىلەن سەمەت سالىنىڭمۇ مەيدىسىگە ئارقا ـ ئارقىدىن شان ـ شەرەپ گۈلى تاقالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە تىنىمسىز يالقۇنجاۋاتقان ئارزۇ ـ ئارمان ئۇچقۇنلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى.

1996 ـ يىل ئاۋغۇست ـ سېنتەبىر، ئاقسۇ

---

ئىزاھات: قاراتال ئەينى چاغدا يېزا ئىدى، كېيىن بازارغا ئۆزگەردى.

# تاغلىق يۇرتنىڭ يېڭى باھارى

دېڭىز يۈزىدىن 1800 مېتىر ئېگىزلىكتىكى باي نەسىللىك قوي فېرمىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا، مۇزات دەرياسىنىڭ شىمالىغا، باي چېگراسىنىڭ غەربىي تاغ باغرىغا جايلاشقان چەت رايون. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 150 ـ 180 مىللىمېتىر، تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 400 مىڭ مو بولۇپ، يايلاق ئورنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 ـ 2900 مېتىر. يازلىق يايلاقتىن پايدىلىنىش مۇددىتى ئاران 90 كۈن. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلى يايلاقلار قاقاسلىشىپ، پەقەت ياۋا ئۆسۈملۈك بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. 1955 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇ فېرمىدا ھازىر 452 ئائىلە، 2410 نوپۇس، 5500 مو تېرىلغۇ يەر ھەمدە تۆت چارۋىچىلىق ئەترىتى، بىر دېھقانچىلىق ئەترىتى، بىر تراكتور پونكىتى، بىر كۆمۈركان بار. ناھىيە بازىرىدىن 90 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بۇ يۇرتنىڭ قاتنىشى ۋە تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ناچار...

ئۆزاقتىن بۇيان فېرما كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، مەلۇم كۆلەم ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بازار رىقابىتى ۋە دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالماي، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ، ۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى. يېڭى رەھبەرلىك ھەر تەرەپتىن ئىزدىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە فېرمىنى «ھالاكەت دېڭىزى» دىن قۇتقۇزۇۋالدى. رەھبەرلىكنىڭ شىجائەت بىلەن كاللا ئىشلىتىشى، باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، فېرما ئۆزىنىڭ يېڭى بىر باھارىنى كۈتۈۋالدى. بولۇپمۇ، 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا

تەشكىل مەخسۇس چارۋىچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان، بۇ ساھەدە كۆپ يىل ئىشلەپ، مول نەتىجە قازانغان قەھرىمان ئاۋۇتنى قاراباغ يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىن بۇ فېرمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرگەندىن كېيىن، فېرمىنىڭ ئىقتىسادى سەكرەش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، تۆرلۈك كۆرسەتكۈچلەر ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، بىر يىل ئىچىدە فېرمىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قەرزى پۈتۈنلەي تۆگىگەندىن سىرت، فېرما 386 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ياراتتى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا چارۋا قوتان قالدۇقىنى 39 مىڭ 385 تۇياققا يەتكۈزۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.28% ئاشۇردى. تۇغار چارۋا سانىنى 24 مىڭ 24 تۇياققا، يۇڭ مەھسۇلاتىنى 85 توننىغا يەتكۈزۈشتەك شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. زىيانى پايدىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭراتتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمنى 1920 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 310 يۈەن كۆپەيتتى. بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چارۋا قوتان قالدۇقىنى 41 مىڭ 450 تۇياققا يەتكۈزۈپ، بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن يەنە 8% ئاشۇردى.

فېرما باشلىقى قەھرىمان ئاۋۇت مۇنداق دېدى: بازارغا يۈزلىنىش، رىقابەتكە قاتنىشىش بىزگە تەرەققىيات پۇرسىتى ئاتا قىلدى. بۇلتۇر فېرمىمىز شەرەپ بىلەن دۆلەت يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى» قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ سۈپىتى، رىقابەت كۈچى ئاشتى. بۇلتۇر بىز 14 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ياراتتۇق. دۆلەتكە 174 مىڭ يۈەن پايدا ـ باج تاپشۇردۇق. نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ۋەزىيىتى كىشىنى يەنە خۇشال قىلىدۇ...

جانلىق مېخانىزم ھەر قانداق خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. فېرما رەھبەرلىكى بۇ تاغلىق دالىدا ئىشنى قائىدە ـ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتىن باشلىدى. 18 تۈرلۈك فېرما باشقۇرۇش، 31 تۈرلۈك مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئىلگىرىكى بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى

كۆچەيتىپ، ۋەزىپە، ھوقۇق، مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق بېكىتىپ، مۇكاپاتلاش، جازالاش تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ھۆكۈمەت ئىشى، مالىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلدى. پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە چوڭقۇر تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، كادىرلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى ھەم فىرما بويىچە يېڭى كەيپىيات ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، فىرمىدا زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى تېزلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشنى تەرەققىياتنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلدى. ئاۋستىرالىيىدىن ئىنچىكە يۇڭلۇق نەسىللىك قوچقاردىن 20 نى كىرگۈزۈپ (ھەر بىرىنىڭ باھاسى 10 مىڭ يۈەن)، فىرمىدىكى قويلارنىڭ قېنىنى ئالماشتۇردى ۋە شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلىدى. ھازىر فىرمىداسۈپەت ئۆلچىمى 66 دىن 70 كە يېتىدىغان قوي 7300 تۇياقتىن ئاشتى. فىرما رەھبەرلىكى جۇڭگو مېرىنوس قويى (جەنۇبىي شىنجاڭ تىپى) يۇڭىنىڭ ئىنچىكىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، تەن ئېغىرلىقى يۇقىرى نەسىللىك ئاتىلىق قوچقارلارنى پائال كىرگۈزۈپ، فىرمىدىكى تەن ئېغىرلىقى تۆۋەن ئانىلىق قويلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشقا تەشكىللىدى. ئۈچ يىل تاللاپ چېتىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، يېتىلگەن قوچقارلارنىڭ تەن ئېغىرلىقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 68 كىلوگرام، 74 كىلوگرام ۋە 89 كىلوگرامغا يەتتى. يېتىلگەن ساغلىقلارنىڭ تەن ئېغىرلىقى 48 كىلوگرامدىن ئاشتى. يەنە ئاۋستىرالىيىدىن يۇڭ مىقدارى يۇقىرى، يۇڭ قۇرۇلمىسى سەرخىل، يۇڭ ئۇزۇنلۇقى بىر قەدەر ئۆلچەملىك مېرىنوس نەسىللىك قوچقىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۇنى يۇڭ مىقدارى تۆۋەن، يۇڭ قۇرۇلمىسى ناچار، يۇڭ ئۇزۇنلۇقى قىسقا ساغلىقلار بىلەن چېتىشتۇردى. نەتىجىدە يېڭى ئەۋلادلارنىڭ يۇڭ مىقدارى، يۇڭ ئۇزۇنلۇقى تەڭ ياشتىكى قويلاردىن روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يەككە يۇڭ مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 4 كىلو 400 گرام ۋە

4 كىلو 350 گرامغا، يۇك ئۇزۇنلۇقى ئەسلىدىكى 7.5 سانتىمېتىردىن 9.5 سانتىمېتىرغا، ھەتتا 10.5 سانتىمېتىرغا يەتتى.

فېرما رەھبەرلىكى نۆۋەتتىكى بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 1999 ــ يىلىدىن باشلاپ شىمالىي شىنجاڭدىن، ئاۋستىرالىيەدىن تۆرەلمە يۆت- كەپ كىرگۈزگەن ئەلا سۈپەتلىك قوچقاردىن 12 تۇياق (ھەر بىرىنىڭ باھاسى 11 مىڭ يۈەن) كىرگۈزۈپ، فېرمىدىكى سۈپەت ئۆلچىمى تۆ- ۋەن ساغلىقلار بىلەن قان ئالماشتۇرۇپ شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. قويلارنى ئومۇميۈزلۈك بانتروپكا قىلىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، سۈپەت ئۆلچىمى 70 كە يېتىدىغان قويىنى 6720 تۇياققا، سۈپەت ئۆلچىمى 66 گە يېتىدىغان قويىنى 15 مىڭ 680 تۇياققا يەتكۈزدى.

بۇ فېرما 1999 ــ يىلىدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىلمىي جەمئىيىتىگە ئەزا بول- غانىدى. فېرما رەھبەرلىكى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە ھەقىقىي كۈچ سەرپ قىلدى ھەمدە يۇڭلىرىنى نەنجىڭ خەلقئارا يۇڭ يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. 1999 ــ يىلى 36 توننا، 2000 ــ يىلى 43 توننا، 2001 ــ يىلى 47 توننا يۇڭنى يەرمەنكىدە ساتتى. يۇڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، فېرما بۇلتۇر 88 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ 22 مىڭ تۇياق قويغا «چاپان» كىيدۈردى. بۇ ئارقىلىق يۇڭنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. نەتى- جىدە بۇ يىل ئېلىپ بارغان 58 توننا يۇڭ يەرمەنكىدىكى ئەڭ بازارلىق مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ، زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يۇڭنىڭ سۈپىتى، مىقدارى جەھەتتە يىلمۇ يىل ئىلگىرىلەش بولغاچقا، فېرما شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن كۆپ قې- تىم تەقدىرلەندى. 2001 ــ يىلى دۆلەت يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بۇ فېرمىغا «ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى» دېگەن شەرەپنى بەردى.

فىرما شان ـ شەرەپ ئالدىدا مەغرۇرلانماي، تەرەققىياتنى تىزلە-تىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. نەسىللىك ئاتلىق چار-ۋىلارنى باشقۇرۇش تىزىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، چارۋا باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇردى. سۈپەتسىز ئاتلىق چارۋىلارنىڭ تەكتىنى يىلدا بىر-قېتىم ئېنىقلاپ، تۈراقلاشتۇرۇش، كاستراتسىيە قىلىش ئارقىلىق، ئۆلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلىدى. سۈپەتلىك ئاتلىق چارۋىلارنى تاللاشتا، تۇغۇتتىن كېيىنكى بانتروپكا قىلىش، بىر ياش مەزگىلىدىكى بانتروپكا قىلىش قاتارلىق ئۈچ قېتىملىق ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلىدى. سۈپىتى يۇقىرى، ئىرسىيەتچانلىقى كۈچلۈكلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆلچەمگە يەتمەيدىغانلىرىنى بورداپ چىقاردى. ئالاھىدە دەرىجىلىك ۋە 1 ـ دەرىجىلىك قوچقارلارنى ئايرىم ـ ئايرىم قورۇلاشتۇرۇپ، ئۆلچەملىك ئۇزۇقلاندۇرۇش رېتسېپى بويىچە بېقىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇڭ مەھسۇلاتلىرىنى ماشىنا بىلەن بىر تۇتاش قىرقىش، بىر تۇتاش پىريوم قىلىش، بىر تۇتاش تايلاش، بىر تۇتاش سېتىپ چىقىرىش، بىر تۇتاش ھېسابلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھۆكۈمەت چارۋىسىنى باشقۇرۇشتا، قوش قاتلاملىق ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى ۋە چارۋا سانىنى ئايدا بىر قېتىم ستا-تىستىكا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى خۇددى پىلانلىق تۇغۇت خىزمە-تىنى تۇتقاندەك چىڭ تۇتتى. بۇراق چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىشتا يىل ئاخىرىدىكى قوتان قالدۇقىغا كاپالەتلىك قى-لىشنى ئالدىنقى شەرت قىلدى ھەمدە فىرما باشلىقىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن بىر تەرەپ قىلدى.

فىرما پارتكومى ۋە فىرما مەمۇرىيىتى مەۋقەنى چارۋىچىلىق ئۇل قۇرۇلۇشىغا قارىتىپ، چارۋىچىلىق ئاساسىي شارائىتىنى ياخشىلاشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى. بۇلتۇر 88 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىككى دانە چوڭ تىپتىكى سىلوس ماشىنىسى سېتىۋالدى. ھازىر فىرما بويىچە 80 تونىندىن يۇقىرى، 100 تونىندىن تۆۋەن بېتون قۇرۇلمە-لىق سىلوس كارىزىدىن 79 ى، 30 تونىندىن يۇقىرى، 50 تونىندىن

تۆۋەن سىلوس كارىزىدىن 32 سى بارلىققا كەلدى. چوڭ ـ كىچىك سىلوس ماشىنىسى 13 كە يەتتى. بۇ يىل 7 ـ ئايدا فىرما 72 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، 250 تۇياقتىن 300 تۇياقىچە چارۋا سىغىدىغان، كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان خىش قۇرۇلمىلىق پارنىك قوتان سالدى. بۇنىڭ بىلەن فىرما بويىچە ھازىر بار بولغان ئومۇمىي پارنىك قوتان سانى 79 غا يەتتى. بۇنىڭدىن خىش قۇرۇلمىلىقى 57 نى تەشكىل قىلدى. ئىگىلىنىشىچە، فىرما يېقىن كەلگۈسىدە كېسەك قۇرۇلمىلىق 22 قوتاننى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ چىقىدىكەن. فىرما يەنە يېڭىدىن يۈرۈشلەشكەن تۆت قىرقىمخانا سالدۇردى ھەمدە ھەر بىر قىرقىمخانىغا تولۇق بىلەن پرېسلاش ماشىنىسى، پىريوم جازىسى سەپلىدى. بۇلتۇر 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ھەر قايسى ئەترەتلەرنىڭ يايلاقلىرىغا بىردىن يۈرۈشلەشكەن ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى سالدى. بۇنىڭ بىلەن فىرما بويىچە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى سەككىزگە يەتتى. ئۆلچەملىك ۋانىنا كۆلچىكىدىن ئالتىسى سېلىندى. فىرما مۇداپىئە، داۋالاش دورا سايمانلىرىنى بىر تۇتاش كىرگۈزۈش، بىر تۇتاش تارقىتىش، بىر تۇتاش ئىممۇنىتېتلاش، بىر تۇتاش ھېسابات قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىلگىرىكىدەك چېرىكلىشىش ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئالدى. دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن دورا، ۋاكسىنا پۇلىدىن باشقا ھېچقانداق ھەق ئالمىدى. فىرمىنىڭ قوي يۇڭى قىرقىشىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، قويغا «كىيىم» كىيدۈرۈش، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش خىزمىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 100% كە يېتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

يۇقىرىقىدەك ئىلمىي باشقۇرۇش تەدبىرى نەسىللىك قوي فىرمىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى، چارۋا نەسلىنى سەرخىللاشتۇردى. 1997 ـ يىلىدىن بۇ يىل 7 ـ ئايغىچە سېتىپ چىقىرىلغان نەسىللىك قوچقار 1684 تۇياققا، بۇنىڭدىن ئالاھىدە دەرىجىلىكى 1117 تۇياقـقا، 1 ـ دەرىجىلىكى 567 تۇياققا يەتتى ھەمدە نەسىللىك قوچقار يېتىشتۈرۈشتە فىرما شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن نەسىللىك قوچقار سېتىپ چىقىرىش ئىجازەتنامىسى

ئالدى.

فىرما رەھبەرلىكى چارۋىچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەلرازى قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويىدى. بۇلتۇر ھەر بىر ئىشچى ـ خىزمەتچىگە بىر دەرىجىدىن مائاش قوشۇپ بەردى. 60 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، تۆھپىسى گەۋدىلىك كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلىدى. «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلدە ئەتە كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇلتۇردىن باشلاپ 451 نەپەر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ يىلدا تۆلەيدىغان 19 مىڭ 540 يۈەن ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلدى ھەم بۇنى فىرما ئۈستىگە ئېلىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى. چەت، يىراق ئەترەتلەردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، فىرما بۇ جايلارغا تېببىي خادىم سەپلەپ بەردى ھەم مائاشىنى فىرما ئۈستىگە ئالدى. فىرما 11 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئالتە دانە ئاۋاز چوڭايتىش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىپ، تاغلىق رايوندىكى خەلقنى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. چارۋىچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش جەھەتتە تۆتنى بىر تۇتاش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ دورا چىقىمىدىن ھەر يىلى 60 مىڭ يۈەندىن 70 مىڭ يۈەنگىچە تېجەپ قالدى. فىرما بىر تىيىنمۇ ئارتۇق باھا قوشمىدى. جەمئىي 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ چارۋىچىلىق 4 ـ ئەترەتكە يېڭىدىن ئارشاڭ، مۇنچا، مېھمانخانا، كۆۋرۈك سېلىپ بەردى. 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ تۈۋرۈك كۆۋرۈكنى رېمونت قىلىپ، خەلقنىڭ يول يۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى. يەنە 100 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، كۆمۈر كانىنىڭ شەرقىي تۆشۈكىنى ئۆزگەرتىپ چىقتى. فىرما رەھبەرلىكى دائىم نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، «ئۈچ پېشقەدەم» لەر، «5 تە كاپالەتلىك ئائىلە» لەر، مېيىپلار ئائىلىسىگە بېرىپ ئۇلاردىن ھال سوراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. بۇلتۇر قىش ۋە بۇ يىل ئەتىيازدا فىرما 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ، ئۇلارغا ئۇن،

كۆمۈر، ئوتۇن قاتارلىقلارنى ئېلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قەلبى يايراپ، كۆڭلى ئەمىن تاپتى. بىرمۇ ئادەم يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ بارمىدى، ئامما فېرما رەھبەرلىكىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولدى. شۇڭا، فېرما پارتكومى ناھىيە تەرىپىدىن ئۇدا ئۈچ يىل «ئىلغار پارتكوم» بولۇپ باھالاندى. فېرمىنىڭ پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى، يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئۇدا ئۈچ يىل ناھىيىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. فېرما جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ تەقدىرلەندى. باھار نۇرى بۇ تاغلىق يۇرتقا ئاخىرى ھارارەت بەخش ئەتتى.

2002 ـ يىل ئۆكتەبىر، باي

# يېڭى دەريا ۋادىسىدا...

بىز كۇچا ناھىيە بازىرىدىن غەربكە قاراپ يولغاچقىپ 30 نەچچە كىلومېتىر يۈرگەندىن كېيىن يىراقتىن بىر بۆك ـ باراقسان مەھەللە كۆرۈندى.

ـ بىز زىيارەت قىلماقچى بولغان بارات ھەسەننىڭ ئۆيى ئاشۇ بۆك ـ باراقسانلىق ئىچىدە، بۇ يېشىل بۆك ـ باراقسانلىقنى بارات ھەسەن ئۆزى بىنا قىلغان، ـ دېدى ماڭا ھەمراھ بولۇپ بارغان ئابلا ھاشىم ئالدىن ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ.

ـ پاھ! ـ دەۋەتتىم مەن خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي.

بىز بىردەمدىن كېيىنلا بۇ بۆك ـ باراقسانلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىردۇق. جىپ ئۇدۇل بىرچوڭ سەيناغا كېلىپ توختىدى.

ـ مانا بارات ئاكامنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق، ـ دېدى يېنىمدىكى ھەمراھىم ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ. مەنمۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە ماشىنىدىن چۈشتۈم ـ دە، ئەتراپقا تەكشى نەزەر تاشلىدىم.

بارات ئاكىنىڭ ھويلىسى بەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك مېۋىلىك ھەم مېۋىسىز دەرەخلەر، چوڭ سەينادا ئېسىلىپ تۇرغان قويۇق ئۈزۈم باراڭلىرى كىشىنى خۇددى چاھارباغلارغا كىرىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرەتتى.

ـ دۆت مەھەللە دۆڭقوتان يېزىسى بويىچە ئەڭ چەت، ئەڭ چۆل، ئەڭ نامرات مەھەللە ئىدى، ـ دەپ سۆز باشلىدى بۇ يىل 67 ياشقا كىرگەن بارات ھەسەن مېنىڭ زىيارىتىمنى قوبۇل قىلىپ. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدىم.

بارات ھەسەن ئەسلى بېھشباغ يېزىسىدىن بولۇپ، ئىلگىرى كەنت باشلىقى، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى، باشقۇرۇش رايونى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەندىن كېيىن، 1975 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچىلىك دۆڭقوتان يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، دېھقانلارنى بېيىشقا يېتەكلەپ، بۇ يېزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ 1981 ـ يىل 11 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، بۇ يېزىنىڭ ئەڭ يىراق، ئەڭ چۆل دەپ ئاتالغان دۆت مەھەللىسىگە كېلىپ ماكانلىشىدۇ. دۆت مەھەللىسى ھەقىقەتەن قۇرغاق، چۆل مەھەللە بولغاچقا، بۇ يەردە پەقەت ئۈچلا ئائىلە بار ئىكەن. بارات ھەسەن كىشىلەر كېلىپ ماكانلىششقا جۈرئەت قىلالمىغان بۇ مەھەللىگە كېلىپلا، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، سۇيى قىس، تۇپرىقى شورلۇق بولغان بۇ قاقاسلىقنى گۈللەندۈرۈش ئىرادىسىگە كەپتۇ. ئىرادە ئادەمگە قانات بېغىشلايدۇ. ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن 31 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇ يەرگە ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىپ، تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ، پېنسىيىگە چىققان تۇنجى يىلىلا ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىپ، يېزا بويىچە ئاشلىقتىن يۇقىرى مەھسۇلات ئالغان ئائىلىلەر قاتارىغا ئۆتتۈپتۇ. شۇ يىلى دۆلەتكە 3500 جىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە دۆلەتكە ھەر يىلى 2000 جىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىش توختامنامىسى تۈزگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سېتىپ بېرىۋاتقان ئاشلىقى 4000 جىڭغا يېتىدىكەن. ئۇ ئۆزى ھۆددە ئالغان يەرنى سۇپەتلىك باشقۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە باشقىلار تېرىقچىلىق قىلالمىغان 40 نەچچە مو يەرنى ھەر موسىغا 200 جىڭدىن ئاشلىق بېرىش شەرتى ئاستىدا دادىللىق بىلەن ھۆددىگە ئاپتۇ.

بارات ھەسەن دېھقانچىلىق ئارقىلىق ئائىلە كىرىمىنى ئاشۇرغاندىن كېيىن، بۇ قاقاسلىققا ئورمان بىنا قىلىش قارارىغا كەپتۇ.

1982 ـ يىلى ئۇ كوللېكتىپتىن يەنە 10 مو يەرنى ھۆددىگە ئې-

لىپ، ئۇنىڭغا 400 تۈپ نەشپۈت، 150 تۈپ ئۈرۈك كۆچىتى تىكىپ، باغ بىنا قىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەتراپتىكى بىكار يەرلەرنى ئۆز- لەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا 1000 تۈپتىن ئارتۇق ھەر خىل كۆچەت تىكىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ قاقاس جاي ئىككى يىلدىلا يېشىللىققا پۈركەنگەندىن كېيىن، بۇ يەرگە 20 نەچچە ئائىلە كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. بۇ مەھەللە- نىڭ سۈيى قىس بولغاچقا، ئائىلىلەر كۆپەيگەنسېرى سۇ ئىچىش مە- سىلىسى تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىپتۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بارات ھەسەن 100 يۈەن چىقىم قىلىپ، بىر ناسۇسلۇق قۇدۇق سېتىۋېلىپ، مەھەل- لىدىكىلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپتۇ. بۇ مەھەللىگە كېلىپ ماكانلاشقان ئائىلىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ كۆپىيىپتۇ. بىراق يېقىن ئەتراپتا بىرەر مەكتەپ بولمى- غاچقا، پەرزەنتلەر ئوقۇشسىز قاپتۇ. بارات ھەسەن بۇ ئىشقا قارىتا كۆڭلىدە تىت ـ تىت بوپتۇ. بولۇپمۇ، پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تە- رەققىي قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەت پەن ـ تېخنىكىغا يۈزلىنىش قىلىۋاتقان، ئىسلاھات دولقۇنى شەھەر، يېزىلارنى زىلزىلىگە سېلىپ، كىشى- لەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۆسمۈر ـ باللارنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشى دەۋرنىڭ كەلگۈسى تەرەققى- ياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇلارنى ئويلاش بارات ھەسەن ئۈچۈن ئېغىر كېلەتتى. ئۇ بۇ ئېغىر خىيالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مە- ھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى ئاجرىتىپ، ئۇلارغا ئۆزى بىر يىل دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق، 16 نەپەر بالىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ بوپتۇ. بۇ تەسىرلىك خەۋەر يېزا ئارقىلىق ناھىيىگە تارقالغاندىن كېيىن، ناھىيە بۇ مەھەللىگە مەكتەپ قۇرۇش توغرىسىدا مەخسۇس قارار چىقىرىپتۇ ھەم بارات ھەسەننىڭ بۇ خىل تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىپتۇ، بارات ھەسەننىڭ ئويغىتىشى بىلەن تۆت يىلدىن بېرى، بۇ چەت مەھەللىدە پۈتۈن كۈنلۈك مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت چىرىغى يورۇپ كەلمەكتە.

بارات ھەسەن بېيىغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى نامرات دېھقانلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا پەن ـ تېخنىكا

جەھەتتىن ياردەم بېرىشنىمۇ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، يەردىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تەجرىبىسىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بېيىشىغا ھەقىقىي يار ـ يۆلەك بوپتۇ. بۇ مەھەللىدە زاكىر ئىسىملىك بىر ئاجىز دېھقانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭ يەرلىرىنى تېرىشقا ياردەملىشىپتۇ. ئۇنىڭغا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىدىن مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بارات ھەسەنىنىڭ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى بۇ خىل تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرى يېڭى دەريا ۋادىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

1988 ـ يىل ئىيۇن، كۇچا

# مەدەتكار

ــ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى بولمىغان بولسا قانداقمۇ قىلاتتۇق، ئۇ ھەقىقەتەن قولغا يېقىن جاي ئىكەن. قاچانلا بارسا قەرز پۇل بېرىدىكەن، ھازىر رەسمىيەتلىرىمۇ ئاددىيلىشىپ كېتىپتۇ. مانا بىزمۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شۇلارنىڭ قەرز پۇلىغا تايىنىپ ئىش ـ ئوقەت قىلىۋاتىمىز. تۇرمۇشىمىزمۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

ــ راست، يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ، ئۇسسىغان يېرىگە بارىدۇ. ھازىر ئۇرۇق ـ تۇغ-قان، يېقىن ـ يورۇق دېگەنلەردىنمۇ قەرز سورىماق تەس بولۇپ كەت-تى. يەنىلا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ياخشى ئىكەن... قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرسىلا يەنە قەرز بېرىدۇ ئەمەسمۇ.

ــ توغرا، ھازىر ئۇلارنىڭ مۇلازىمىتىمۇ شۇنداق قىزغىن بوپ كېتىپتۇ، بۇرۇنقىدەك ئادەمنى يول ماڭدۇرىدىغان، بىزار قىلىدىغان، يالۋۇرتىدىغان ئىش قالماپتۇ. بولۇپمۇ مىجەت ئاۋۇت مۇدىر بولغاندىن كېيىن قائىدە ـ تۈزۈم چىڭىپ، ئىش ئاسانلىشىپ كېتىپتۇ. تېخى ئازراق پۇل ئامانەت قويغانلارغا خېلى كۆپ قەرز پۇل بېرەرمىش...

مانا بۇ باي ناھىيىسىنىڭ ئونباش يېزا يېڭىئۆستەڭ كەنتىدىكى بىرقىسىم دېھقانلارنىڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى توغرىسىدىكى دېيىشكەن گېپى.

دەرۋەقە، بۇ كەنتتە نۇرغۇن نامرات دېھقان يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ ياردىمىدە بېيىدى. گايىت ياغ زاۋۇتى، ھەسەنجان ئۈن زاۋۇتى قۇردى، ئابدۇگېلى چارۋا باقتى، توختى ياسىن كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار ھەر يىلى ئاز ـ ئازدىن قەرز ئې-

لىپ، تەدرىجىي يول تاپتى، پۇل تاپتى، يۈز تاپتى. بۇنداقلارنى ھازىر باي ناھىيىسىنىڭ ھەممە يېزا ـ كەنتىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىنىڭ مەدەتكارلىق رولى باي ناھىيىسىدىكى مۇشۇلارغا ئوخشاش نەچچە مىڭ كىشىنىڭ بېيىشىغا «شوتا» بولۇپ بەردى. تالاي ئادەمنىڭ تېرىلغۇ مەزگىلىدىكى غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى.

پاكىت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. باي ناھىيىسىدىكى يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ قىزغىن، ئەلا مۇلازىمىتى بۇ دىياردىكى خەلقنىڭ ئالقىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. يېزا، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارغا كۆپلەپ مەدەت بېرىش مۇشۇ يىللاردا يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئېغىشماي ماڭغان يولى بولۇپ كەلدى. باي ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى مەجىت ئاۋۇت خۇشاللانغان ھالدا مۇنداق دېدى: بىز تەرەققىياتتا يېڭى پىكىر يولى، ئىسلاھاتتا يېڭى بۆسۈش، تۈرلۈك خىزمەتتە يېڭى تەدبىر بولۇش تەلىپى بويىچە، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، بىر قولدا تىجارەت باشقۇرۇشنى، يەنە قولدا يېڭىلىق يارىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، «3 كە ئەلا مۇلازىمەت قىلىش» مەۋقەسىدە قەتئىي چىڭ تۇردۇق. ناھىيىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش بىلەن بىرگە، يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردۇق.

باي ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى بىرلەشمىسى تەۋەلىكىدە 18 شۆبە كوپىراتىپ، 136 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىرلەشمە كوپىراتىپ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، زور كۈچ بىلەن مەبلەغ توپلاپ، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىنىڭ مەبلەغ ئەمەلىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈرلۈك ئامانەت قالدۇقى 334 مىليون 582 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى 272 مىليون 569 مىڭ يۈەندىن 62 مىليون

13 مىڭ يۈەن ساپ ئاشتى. ئېشىش نىسبىتى 23% بولدى. تۆۋەن تەننەرخلىق ئامانەت پۇل قالدۇقى 200 مىليون 749 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي ئامانەتنىڭ 67% تىنى ئىگىلىدى.

ئۈنۈم يارىتىشتا مۇلازىمەت ئاچقۇچ، تەدبىر كاپالەت. باي ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى ئامانەت توپلاش خىزمىتىنى پۈتكۈل خىزمەتلەرنىڭ بۆسۈش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇپ، «ئامانەت ئارقىلىق كوپېراتىپنى مەۋجۇت قىلىش»، «ئۈنۈم ئارقىلىق كوپېراتىپنى گۈللەندۈرۈش» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، كەڭ مۇئامىلىدارلار ئارىسىدا ياخشى ئوبراز تىكلىدى. كەڭ ئامما ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپنى قوللىشى ۋە ئاكتىپلىق بىلەن پۇل ئامانەت قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كوپېراتىپنىڭ مەبلەغ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىشقا پۇختا ئاساس سالدى. ئامانەت توپلاشتا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى تۇرغۇزدى. كادىرلارنىڭ ئامانەت توپلاش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن ئامانەت پىلان، كۆرسەتكۈچنى ئادەم بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پەسىل، يىل بويىچە سۈرۈشتە قىلىپ، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تۈزۈمىنى جانلىق ئىجرا قىلدى. ھەر ئايدا كادىرلارنىڭ ئىش ھەققىدىن 20% تۇتۇپ قېلىپ، ئۇنى ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىغا قاراپ تارقىتىشنى يولغا قويدى ھەمدە ئىش ئورنى نىشانلىق ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارغا كۆپلەپ مۇكاپات تارقاتتى. ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغانلارنىڭ ئىش ھەققىدىن 20% تۇتۇپ قالدى ۋە ئىش ئورنى نىشانلىق ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىش چارىسىنى يولغا قويدى. يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، پاختا سېتىۋېلىش قاتارلىق مەزگىللەردە بىرلەشمە كوپېراتىپ ھەر قايسى سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاشلىق، پاختا ساتقان پۇلىنى ئامانەت قويۇشقا جەلپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كوپېراتىپ مەبلەغنى كۆپلەپ خەزىنىگە كىرگۈزۈپ، ئامانەتنى تېز كۆپەيتتى. تۆۋەن تەننەرخلىق ئامانەت پۇل

جەلپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن پۇل مۇئامىلىسى-
دىكى پاسسىپ قۇرۇلمىنى تەڭشىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە راسچوت
يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئامانىتىنى
كۆپلەپ جەلپ قىلىپ، پۈتكۈل تۆۋەن تەننەرخلىق ئامانەت پۇلنىڭ
ئېشىشىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇردى. 2005 ــ يىلى يىل ئاخىرىدىكى
تۆۋەن تەننەرخلىق ئامانەت پۇل قالدۇقى 149 مىليون 962 مىڭ يۈ-
ەنگە يەتتى. بىر يىلدا 23 مىليون 611 مىڭ يۈەن ساپ ئاشتى. بىر-
لەشمە كوپېراتسىپ مۇدىرى مىجىت ئاۋۇت مۇئامىلىدارلارغا تېخىمۇ ئەلا
مۇلازىمەت مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى يې-
ڭىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. 2004 ــ يىلى بىرلەشمە كو-
پىراتسىپ زور دەرىجىدە مەبلەغ ئاجرىتىپ، كانچى ۋە داۋانچى كوپېرا-
تىپلىرىنىڭ ئىشخانىلىرىنى يېڭىلاپ سالدى. قىزىل يېزىلىق كوپېرا-
تىپىنىڭ ئىشخانىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىپ زىننەتلىدى. بۇ-
نىڭ بىلەن بىرلەشمە كوپېراتسىپ تەۋەلىكىدىكى ئىشخانىلار ئومۇمىيۈز-
لۈك يېڭىلاندى. پار بىلەن ئىسسىنىش ئىشقا ئېشىپ، مۇئامىلىدارلار
ئۈچۈن كۆركەم، ئازادە، ئىسسىق بىخەتەر مۇھىت يارىتىلدى. قېيىر
شۆبە كوپېراتسىپتىن باشقا كوپېراتىپلارنى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە
تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قانداق يېرى-
دە پۇل قويۇپ، پۇل ئالغىلى بولىدىغانلىقى دېھقانلارنىڭ قىزىقىشىنى
قوزغىدى. تىجارەت سورۇنلىرىدا سەممىي، قىزغىن بولۇش، مەدەنىي
سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە
ئايلاندى. شۇڭا يېزا ئامانەت ــ قەرز كوپېراتىپىنىڭ جەمئىيەتتىكى،
ئاmma ئارىسىدىكى ئوبرازى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باقمىچىلىق تەرەققىياتىنى قوللاش
بايىدىكى يېزا ئامانەت ــ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھۆججەت
ئوبىيكتى بولۇپ كەلدى. كوپېراتسىپ كرېدىت ئاساسىي نىشانىنى يېزا
ئىگىلىكىگە قاراتتى. «يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئاساس» دېگەن
ئىدىيىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، كرېدىت جەھەتتە «يېزا، يېزا ئىگىلىكى،
دېھقانلار» غا مايىللىشىش سىياسىتىدە قەتئىي چىڭ تۇردى. «يېزا ئى-

گىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزىلارغا يۆزلىنىش، دېھ-قانلارغا مۇلازىمەت قىلىش» يولىدا تەۋرەنمەي ماڭدى. 2005 ـ يىلى كوپېراتىپ باي ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، دېھقانچى-لىق، قوشۇمچە كەسىپ ھەم يەككە سودىسى ئۈچۈن جەمئىي 218 مىليون 430 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگى-لىكىگە تارقىتىلغىنى 145 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، بورداقچىلىققا تارقىتىلغىنى 13 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي قەرز پۇل-نىڭ 70% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىغىچە يىغىۋېلىنغان قەرز پۇل 184 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى تۇر-لۈك قەرز پۇل قالدۇقى 147 مىليون 270 مىڭ يۈەن ئىچىدە تىزگىن-لەندى.

كىچىك سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقىتىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى، رەسمىيەتلەر ئاددىيلىشىپ، دېھقانلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشى ئاسانلاشتى. ھەر قايسى كوپېراتىپلار دېھقان ـ چارۋى-چىلارنى بېكىتىلگەن چەك ئىچىدىكى خالىغان ۋاقىتتا ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 2005 ـ يىلى پەنە ناھىيە بو-يىچە 26 مىڭ 511 دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئارخىپى تۇرغۇزۇ-لۇپ، ئىناۋىتىنى باھالاش ئېلىپ بېرىلدى ھەم ئۇلارغا ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئېلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە ئىناۋىتى باھالاپ بېكىتىلگەن بۇ دېھقان ئائىلىلىرىگە 103 مىل-يون 730 مىڭ يۈەن كىچىك سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقى-تىلدى. بۇ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي قەرز پۇلىنىڭ 47% تىنى ئىگىلى-دى. ئىناۋەتلىك يېزا (بازار)، كەنت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. 2005 ـ يىلى ئۈچ يېزىنى ئىناۋەتلىك يېزا، 28 كەنتنى ئىناۋەتلىك كەنت قىلىپ باھالاپ چىقتى. ھازىر نا-ھىيە بويىچە ئىناۋەتلىك يېزا (بازار) بەشكە، ئىناۋەتلىك كەنت 75 كە يەتتى. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىش يوللىرى تېخىمۇ راۋانلاشتى.

كىچىك سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلنىڭ ئەھمىيىتى توغرى-

سىدا توختالغاندا مىجىت ئاۋۇت مۇنداق دېدى: بۇ تەدبىر دېھقانلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپلا قال-ماستىن، ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. پار-تىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى. شۇڭا دېھقانلار بىزدىن رازى بولدى. مىجىت ئاۋۇت مۇنداق دېدى: بىز كرېدىت باش-قۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كرېدىت خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مېخا-نىزمىنى تۇرغۇزۇپ، كرېدىت مۇلكىنىڭ سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدۇق. سۈپەتسىز قەرز پۇللارنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش خىزمىتى-گە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردۇق. ھەر قايسى شۆبە كوپىراتىپلار بىلەن سۈپەتسىز قەرز پۇللارنى يىغىۋېلىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سۈپەتسىز قەرز پۇلنى يىغىۋېلىشقا بولغان جىددىيلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتتۇق. تۇرۇپ قالغان، ھېسابتا ئېسىلىپ قالغان قەرز پۇللارنى زور كۈچ بىلەن ئې-نىقلاپ ۋە يىغىۋېلىپ، مەبلەغنى جانلاندۇرۇپ، كرېدىت مۈلكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردۇق. ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈش-تە قىلىش ئارقىلىق، 2005 ـ يىلى ئىچىدە ھېسابتا تۇرۇپ قالغان قەرز پۇلدىن 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ھېسابتا ئېسىلىپ قالغان قەرز پۇلدىن 367 مىڭ 117 يۈەن، ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتكەن قەرز پۇلدىن 92 مىڭ 715 يۈەننى يىغىۋالدۇق. كارخانا ۋە بازار ئىچىدىكى يەككە تىجارەتچىلەرگە تارقىتىلغان قەرز پۇلنىڭ رەسمىيەتلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردۇق. ئوخشىمىغان ئوبيېكتلارغا قارىتا كاپالەتلىك قى-لىش، رەنە قويۇش، گۆرۈگە قويۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يېڭىدىن سۈپەتسىز قەرز پۇل شەكىللىنىشنىڭ ئالدىنى ئال-دۇق. بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قەرز پۇل تارقاتقان، كىيىل بولغان، دائىرە ئاتلاپ قەرز پۇل تارقىتىپ خېيىمخەتەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن 2004 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىكى سۈپەتسىز قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليون 956 مىڭ يۈەنگە، 2005 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا 1 مىليون 601 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ، يىل بېشىدىكىدىن 355 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى ھەم-

دە سۈپەتسىز قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي قەرز پۇلدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاران 1.08% نى ئىگىلىدى.

يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ پاي قوشۇشى ئارقىلىق قۇرۇلغان ھەم پاي قوشقان ئەزالار ئۈچۈن ئاساسلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان پۇل مۇئامىلە كارخانىسى. باي ناھىيىسىدىكى يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى پاي تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كۆپلەپ پاي قوبۇل قىلىشنى تېزلەتتى. پاي قوشقانلارغا ئالدىن قەرز پۇل بېرىش، پاينىڭ پايدىسىنى يىلمۇ يىل تەقسىم قىلىپ نەقلەشتۈرۈش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، ئەزالارنىڭ پاي قوشۇش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. نەتىجىدە پاي تېز كۆپەيدى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پاي سوممىسى 10 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، 2005 ـ يىلى 17 مىليون 355 مىڭ يۈەنگە يەتتى ھەمدە يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليون 412 مىڭ يۈەن، يىللىق پىلاندىن 855 مىڭ يۈەن ساپ ئاشتى. بىرلەشمە كوپىراتىپ مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خىراجەت ـ چىقىملارنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلدى. بىر تۇتاش ھېسابات قىلىش، بىر تۇتاش خىراجەت باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، پايدا پىلانىنى يىلمۇ يىل ئاشۇردى. 2005 ـ يىلى مالىيە ئومۇمىي كىرىمىنى 15 مىليون 655 مىڭ يۈەنگە، پايدىنى 687 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىنى 467 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. بىرلەشمە كوپىراتىپ يەنە بوغالتىرىيە، كاسسا خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىچكى باشقۇرۇش قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىپ، بوغالتىرىيە ھېساباتىنى سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. بوغالتىرىيە ـ كاسسا خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتتى. 2005 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە 110 ئادەم (قېتىم) نى ھەر قايسى جايلاردا ئېچىلغان ئۈنىۋېرسال كەسپىي تور بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلىدى. تۆت ئادەم (قېتىم) نى ئالاھىدە خىلدىكى پېرېۋوت كەسپىي كۇرسىغا قاتناشتۇردى. يەنە ئۈچ ئادەم (قېتىم) نى راسچوت كەسپى بويىچە تەربىيىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بوغالتىرىيە خىزمىتىنىڭ توغرىلىق دە-

رىجىسى ئاشتى. بوغالتىرىيە تەپتىش بۆلۈمى ھەر قايسى ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ھېساباتلىرىنى پەسىلدە بىر قېتىم تەپتىش قىلغاندىن سىرت، يەنە تۈرلۈك ھېساباتلارنى قەرەلسىز تەپتىش قىلىشنى دائىملىق تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇپ، كۆرۈلگەن خاتالىقلارغا بەلگىلىمە بويىچە نەق مەيداندا چارە كۆرۈش ئارقىلىق چوڭ خاتالىق كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. بىرلەشمە كوپىراتىپ يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى بوغالتىرىيىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، قېلىپلاشتۇرۇپ دەرىجىگە كۆتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلدى ھەم ۋىلايەتنىڭ 1000 نومۇرلۇق ئۆلچىمى بويىچە بۇ خىزمەتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بوغالتىرىيە ھېسابات سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى.

پۇل مۇئامىلە كارخانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىخەتەرلىك ھەممە ئىشنىڭ كاپالىتى ۋە ئالدىنقى شەرتى. باي ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى بىرلەشمىسى پۈتۈن سىستېما بويىچە بىخەتەرلىك، قوغداش تەدبىرلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يىل بويى ئىقتىسادىي دېلو ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. «3 تىن مۇداپىئەلىنىپ، 1 گە كاپالەتلىك قىلىش» نى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئادەم، پۇل ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى.

ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كەسپىي خىزمەتلەرنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلاندۇردى. ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىدى. ھەر ھەپتىدە يېرىم كۈن سىياسىي ئۆگىنىش قىلىشنى تۈزۈملەشتۈردى. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، بىرلەشمە كوپىراتىپ ھويلىسى ئىچىگە بىر يۈرۈش تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرىنى ئورناتتى. مەدەنىي بۆلۈم، مەدەنىي ئىشخانا، مەدەنىي كوپىراتىپ، مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىش

پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئازادە، پاكىز مۇھىت يارىتىپ، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى سىستېمىسىنىڭ يېڭى ئىستىلىنى نامايان قىلدى. تۇر- لۈك خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇ- ڭا بىرلەشمە كوپىراتىپ باي ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بانكا كەسپىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا تۆھپە قوشقان ئو- رۇن» بولۇپ تەقدىرلەندى. 2004 ـ يىلى بىرلەشمە كوپىراتىپ شە- رەپ بىلەن ناھىيە دەرىجىلىك «مەدەنىي ئورۇن» لار قاتارىغا كىردى. مۇدىر مىجىت ئاۋۇت «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى»، «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ تەقدىرلەندى. يېقىندا، بىرلەشمە كوپىرا- تىپ 2005 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان ياقى- ئېرىق، سايرام، قاراباغ كوپىراتىپى قاتارلىق بەش ئىلغار كوللېكتىپ، ئىسمائىل مۇھەممەت قاتارلىق 22 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار شەخس، ھۈسەنجان ئېلەك قاتارلىق ئالتە نەپەر ئىلغار شەخسنى تەق- دىرلىدى.

2006 ـ يىللىق پىلان ۋە ئاساسلىق نىشان ئۈستىدە توختال- غاندا مىجىت ئاۋۇت مۇنداق دېدى: بۇ يىل بىز خىزمەتلەردە تېخىمۇ ياخشى نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يەنىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرىمىز. «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ئېغىشماي چىڭ تۇرىمىز. ئامانەت توپلاش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، يىل ئاخىرىدا ئامانەت قالدۇقىنى 365 مىليون يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوت- تۇرىچە ئامانەتنى ئاز كەم 3 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈشكە تىرىشىمىز. كىرىدىت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تارقىتىلغان قەرز پۇل قالدۇقىنى 234 مىليون يۈەنگە يەتكۈزىمىز. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قەرز پۇل قالدۇقىنى 200 مىليون

يۈەن ئىچىدە، 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا 180 مىليون يۈەن ئىچىدە تىز-
گىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. كىچىك سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل-
نىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ، دېھقان ـ چار-
ۋىچىلارنىڭ بالدۇرراق ھاللىنىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىمىز.

# بىر ۋاقىتلىق ئىشچىنىڭ شىجائىتى

بەخت ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى مەيلى قانداق ئورۇندا ئىشلىمە-سۇن، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ۋە ئەقلىنى خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىشتىن ئايانمايدۇ، مانا بۇ بىر چىن ئىنسانىنىڭ خەلق ئالدىدىكى ئەڭ مۇ-قەددەس بۇرچى ۋە ئەڭ سەمىمىي مۇھەببىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇچتۇرپان نا-ھىيىسىنىڭ يامانسۇ قىرغىز مىللىي يېزىلىق پەن ـ تېخنىكىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچىسى ئەخمەت توختى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، خىزمەت شارائىتىنىڭ ناچارلىقى ۋە ئۆزىنىڭ بىر ۋاقىتلىق ئىشچى ئىكەنلى-كىدىن ئۆكۈنمەي، ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ زور كۈچ ـ قۇۋۋەتنى پەن ـ تېخ-نىكىنى كېڭەيتىش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك خىز-مەتكە بېغىشلاپ كېلىۋاتقان شىجائەتلىك ياش.

1978 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئەخمەت ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەندىن كېيىن، تەشكىلنىڭ غەمخورلۇ-قىغا ئېرىشىپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا مۇشۇ پونكىتنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچى-لىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا، پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت تۈرلۈك بىلىملەرنى پىششىق ئۆگەندى ھەم كېيىنكى يىلى ناھىيىدە ئې-چىلغان تېخنىك تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا يېرىم يىل ئو-قۇپ، ناھايىتى زور تېخنىكىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆت-مەيلا، قوناق ئۇرۇقى «خەيدى 101» نى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىنى-قىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ بۇ يەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىگە قىلغان تۇنجى ھۇجۇمى ئىدى. ئۇ بىر تەرەپ-

تىن، بۇ خىل تېخنىكىغا ئائىت تۈرلۈك بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى سىناق قىلغان ئۇرۇقلۇق ئېتىزلىرىنىڭ پەرۋىشىنى كۈچەيتتى. ئۇ ئىككى يىل جاپالىق سىناق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇرۇق-لۇق كۆلىمىنى 45 موغا كېڭەيتىپ، ئۇرۇق سورتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇ-رۇشنىڭ يېڭى توپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن يامانسۇنىڭ بۇ خىل ئۇرۇققا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. ئۇنىڭ تۇنجى غەلىبە مېۋىسى تەشكىلنى ئىنتايىن رازى قىلدى.

1982 ــ يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت بۇ يېزىنىڭ 1 ــ كەنتىدە 20 مو ئۇرۇقلۇق ئېتىزى بەرپا قىلىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەينى چاغدا، تېخنىك پونكىتىنىڭ ئورنى 5 ــ كەنتتە بولغاچقا، 1 ــ كەنتكە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاز دېگەندە 10 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. تېخنىك پونكىتىدا يالغۇز ئىشلەۋاتقان ئەخمەت توختى ھەر ئايدا ئالدىغان بىر نەچچە ئون يۈەن ئىش ھەققى بىلەن ئائىلە تۇر-مۇشىنى ئاران قامدايتتى. شۇڭا، ئۇ بىرەر كونا ۋېلسىپىتمۇ سې-تىۋالالمىغانىدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ قىيىنچىلىققا باش ئەگمىدى، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، 10 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى مۇساپىنى كۈندە ئىككى قېتىم بېسىپ، «شىنجاڭ 2 ــ نومۇر» لۇق قوناق ئۇرۇقىنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۈنۈمىنى كۆرۈش سىنىقىنى باشلىۋەتتى. ئۇ ھەر كۈنى تىنماي ئىشلەيتتى. كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىگە جاراھەت چىقىپ قېلىپ، ئۇنى ئىنتايىن بىئارام قىلىشقا باشلىدى. بىراق، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، جاراھەت تەدرىجىي كېڭىيىپ، شەلۋەرەپ كەتتى. يىرىڭ ۋە قان توختىماي ئاقاتتى، ئۇ ئاخىرى دوختۇرخانىدا يېتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پۇچىلانىدى، دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىللىرىدە، ئۇنىڭ قەلبى يەنىلا ئاشۇ ئېتىزلىققا تەلپۈنەتتى. ئۇ سىناقنىڭ نەتىجىسىز بو-لۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بۇ خىل تەلپۈنۈش ئۇنى ساقايماي تۇرۇپلا دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقىشقا ئۈندىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنتايىن ئېغىر ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇرۇقلۇق سىناق قىلىش جېڭىنى داۋاملاشتۇردى. ئېتىز بېشىدا پەرۋانە بولۇپ، ھارماي

ئىشلىدى. مۇشۇنداق مۇشكۇل خىزمەتلەر ئارقىلىق، ئاخىرى ئۇنىڭ ئەجرى مېۋە بەردى. بۇ خىل سورتنىڭ يۇقىرى ئۈنۈمى بارلىقى ئىسپاتلىنىپ، پۈتۈن يېزىغا كېڭەيتىلدى.

ئەخمەت ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق باھارىنى بۇ بىپايان زېمىندا چاقنىتىش ئۈچۈن، ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە تەجرىبىسىنى بېيىتتى. تەشكىل تاپشۇرغان ھەر قانداق ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىدى. 1988 ـ يىلى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قوناق تېرىش سىنىقى تۇنجى قېتىم يامانسۇنىڭ 5 ـ كەنتىدە ئىشلىنىش قارار قىلىندى. بۇ قارارنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئەخمەت دەرھال تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، سىناقنى ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ئىشلىدى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان قوناقنىڭ ئارىسىدا ماش كىرىشتۈرۈپ تېرىش سىنىقى دېھقانلارغا غەلىتە ئىشتەك تۇيۇلدى.

ئەخمەت بىر تەرەپتىن، بۇ خىل تېخنىكىنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى ئىنتايىن مۇھىم رولىنى دېھقانلارغا چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، يېزىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىككى چوڭ سىناقنى ئىنتايىن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن قانات يايدۇردى. بۇ جەرياندا، ئۆيگە بىر كۈنمۇ قايتماي، دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە قوندى. قورسىقىنىڭ ئاچ ـ توق قېلىشى بىلەن ھېسابلاشماي، ۋۇجۇدىدىكى جىمى كۈچ ۋە ئەقلىنى بۇ ئىشقا سەرپ قىلدى. جاپالىق تەر ـ مېھنەت ھامان بىر كۈنى چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ. ئەخمەت توختىنىڭ بۇ يولدا ئېلىپ بارغان مۇشەققەتلىك سىنىقى يىل ئاخىرىدا مول مېۋە بەردى. قوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 650 كىلوگرامغا، ماشنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 75.5 كىلوگرامغا يېتىپ، يامانسۇ تارىخىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك رېكورت يارىتىلدى. كېيىنكى يىلىدىن باشلاپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قوناق تېرىش ۋە ئۇنىڭ ئارىسىغا ماشنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسى يېزا بويىچە تەدرىجىي ئومۇملىشىشقا باشلىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ئەخمەت توختى باشچىلىقىدىكى يې-

زىلىق تېخنىكا پونكىتىنى داغدۇغىلىق تەقدىرلىدى.

ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا ھامان بەزى ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. 1989 ـ يىلى باش باھاردا، ئەخمەت توختى كېسەل ـ ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، ئۆسۈملۈككە دورا چېچىۋاتاتتى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزىگە دورا چاچراپ كېتىپ، بىر كۆزىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. ئۇ مۇشۇنداق پەيتلەردىمۇ دوختۇرخانىدا ياتماي، دورا ئىچىپ، خىزمەت ئورنىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدى. ھەر قايسى كەنتلەردىكى ئۆسۈملۈك ئاسراش گۇرۇپپىلىرى، پەن ـ تېخنىكا ئائىلىلىرى، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ۋە يېڭى تېخنىكىنى سىناق قىلىش ئائىلىلىرىنى يېتەكلەپ، خىمىيىۋى دورىلارنى سىناق قىلىش ۋە ئىشلىتىش، تۇپراق ۋە ھاۋا كىلىماتىغا باب كېلىدىغان يېڭى سورتلارنى كېڭەيتىش، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىز بەرپا قىلىش، ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش، نامرات ئائىلىلەرگە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، زىرائەت تۈرلىرى بويىچە ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويۇش خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. قىشتىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسى كەنت، مەھەللىلەردىكى پەن ـ تېخنىكا تايانچلىرىغا كۇرس ئېچىپ، ئۇلارغا پەن ـ تېخنىكا نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىدىن دەرس ئۆتتى. يېقىنقى بەش يىلدا، يېزا بويىچە 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى. ھەر يىلى 8000 مو-دىن ئارتۇق كۆلەمدىكى زىرائەتكە دورا چېچىپ، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئو-رۇنداپ، ناھىيە ۋە يېزىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى.

تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ھال ھوسۇللۇق ئېتىزغا ئۆزگەرتىش ئەخمەتنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش داۋامىدا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان مۇھىم خىزمىتى ئىدى. ئۇ بۇ تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور تەشۋىقات خىزمىتى ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. قاراسۇ كەنتىنىڭ قاراسۇ مەھەللى-سى يېزا بويىچە شارائىتى ناچار، نامرات مەھەللە ئىدى. ئەخمەت توخ-تى بۇ مەھەللىدىكى تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا ئۆزگەرتىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆتكەن يىلى بۇ مەھەللىگە

بېرىپ، بىر يىل نۇقتىدا تۇردى. ئۇ دېھقانلارغا ئالدى بىلەن يەرگە كۆپلەپ مەبلەغ سېلىش، پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىش، زىرائەت پەرۋىشى دەل ۋاقتىدا ئىشلەش توغرىسىدا ئىنچىكە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئاندىن دېھقانلارنىڭ تەكتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ چىقىپ، يەرگە مەبلەغ سالالمايدىغان دېھقاننىڭ يېرىنى يەرگە مەبلەغ سالالايدىغان دېھقانغا ئېلىپ بېرىش، قالغانلىرىنى كوللېكتىپقا ئۆتكۈزۈپ بېرىش چارىسىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېھقانلارنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئالدىن يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق كېرەكلىك ماددىي ئەشيالارنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىپ بەردى. قوناقنى پولتۇنلەي سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىدى. پەرۋىش مەزگىللىرىدە ئۆزى مۇقىم تۇرۇپ، دېھقانلارغا ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. مۇشۇنداق ئىنچىكە خىزمەتلەرنىڭ ئىشلىنىشى ئارقىسىدا، يىل ئاخىرىدا بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 375 كىلوگىرامغا يەتكۈزگەن ئائىلىدىن ئالتىسى، قوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 500 كىلوگىرامغا يەتكۈزگەن ئائىلىدىن توققۇزى بارلىققا كەلدى. ئىلگىرى ھەر قانچە ئىشلىسىمۇ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 200 كىلوگىرامدىن ئاشۇرالماي كەلگەن دېھقانلار بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى ھەم ئەخمەتنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى تەجرىبىسىگە قايىل بولۇپ: «بۇ بالا ھەقىقەتەن بىزگە چىقىش يولى كۆرسىتىپ بەردى» دېيىشتى. بۇ يىل بۇ مەھەللىدىكى دېھقانلار ئاشلىقتىن ئومۇمىيۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ لەززىتىنى، جاپالىق مېھنەتنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىدى.

13 يىلدىن بۇيان، ئەخمەت توختىنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچىلىقىمۇ ئۆز پېتىدا تۇرۇۋەردى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈك ئاسراش، «401 ـ نومۇر» لۇق شال سورتىنى كېڭەيتىش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قوناق تېرىش، قىزىلچا تېرىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش باكتېرىيىسى ئىشلىتىش قاتارلىق بىر قاتار يېڭى تېخنىكىلارنى سىناق قىلىش، كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش يولىدىكى قىزغىنلىقى ھەم

تىرىشچانلىقى غايەت زور نەتىجىگە ئېرىشتى. ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. 1990 ـ يىلى قوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 301 كىلوگرامغا، 1991 ـ يىلى 350 كىلوگرامغا يېتىپ، 1989 ـ يىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 11% ۋە 14% ئاشتى. بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1990 ـ يىلى 324 كىلوگرامغا، 1991 ـ يىلى 335 كىلوگرامغا يېتىپ، 1989 ـ يىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 9% ۋە 11% ئاشتى. ئەخمەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى شىجائەت بولسا ھەسسىلەپ ئاشتى.

1991 ـ يىل دېكابىر، ئۇچتۇرپان

# ئەجىر، شان ـ شەرەپ

1997 ـ يىل 5 ـ ئايدا باي ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۆتەۋاتقان مۇھەممەت نۇر كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ تەشكىلنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كەلپىنگە مېڭىشقا تەييارلاندى. شۇ تاپتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئەل ـ ئاغىنىلىرى مۇھەممەت نۇرنىڭ كەلپىنگە بېرىشىغا قارشى چىقتى.

ــ ئۇنداق نامرات، سۇيى تۇزلۇق يەرگە بېرىپ نېمە قىلاتتىڭ. كەلپىندە تۇزلۇكرەك ئاشخانىمۇ يوقمىش، ئۇ يەرگە بارساڭ چوقۇم ئاچ قالىسەن، ئويلىنىپراق ئىش قىل. تەشكىلگە بارالمايدىغانلىقىڭنى ئېيتساڭ بولمىدىمۇ ؟!...

ھەر خىل تاپا ـ تەنە، ئۆسەك سۆزلەر مۇھەممەت نۇرنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىنى، پولاتتەك ئىرادىسىنى ياندۇرالمىدى. ئۇ كەسكىن قىلىپ: «كەلپىندىمۇ ھۆكۈمەت بار، ئۇ يەردىمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم بار، نېمىدىن ئەنسىرەيسىلەر. مېنىڭ ئۇ يەرگە بارغىنىم بارغان» دېدى. ئۇ تەشكىلنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى، ئۈمىدىنى يەردە قويۇشنى خالىمايتتى. چۈنكى، مۇھەممەت نۇر پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە، سەممىي غەمخورلۇقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر پارتىيىلىك رەھبىري كادىر ئىدى. ئۇ 1967 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، يېزا پۇل مۇئامىلە سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بېرى، ئىزچىل تۆردە تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، تەشكىلنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ كەلگەن، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بۇ سەپتە مول نەتىجە

يارىتىپ، 1984 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى، بانكا باشلىقى ھەم بانكا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەنىدى. ئۇ كەلپىنىنىڭ نامرات جاي ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. لېكىن، ئۇ يەرنى نامرات دەپ، تەشكىلنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلماسلىققا ئۇنىڭ رايى بارمايتتى، ۋىجدانى چىدىمايتتى، كۆڭلى ئۇنىمايتتى. شۇنداق قىلىپ، كىچىكىدىنلا بايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇھەممەت نۇر ئاخىرى ئۇلۇغۋار ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە بالا ـ چاقىلىرى، 70 ياشتىن ئاشقان ئاپىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى تاشلاپ، بايدىن 300 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كەلپىن ناھىيىسىگە كەلدى.

كەلپىن ھەقىقەتەن نامرات يۇرت ئىدى. باشقا يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، يېشى 50 كە يېقىنلاشقان بىر ئادەمنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇ يۇرتقا كېلىپ خىزمەت ئىشلىشى ھەقىقەتەن ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارىختىن بۇيان زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان پۇل مۇئامىلە كارخانىسىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە يېڭىلىق يارىتالامدۇ؟ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مۇھەممەت نۇرغا قارىتا ھەر خىل ئوي ـ پىكىرلەردە بولۇشتى.

مۇھەممەت نۇر ئەھۋالنى كۆزەتتى. بانكىدا قائىدە ـ تۈزۈملەر بوش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى چېچىلاڭغۇ، بانكىنىڭ كەسپىي تەرەققىياتى ئاستا ئىدى. بانكىنىڭ ئىلگىرىكى رەھبىرى مەرھۇم ئابدۇرېھىم يۈسۈپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بانكا ۋەزىپىنى يىل بېشىدىلا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئايمۇ ئاي سىناپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تەدبىرى ئەمەلدە كۆرسىتىلمىگەنىدى. سۈپەتسىز قەرزلەرنىڭ نىسبىتى كۆپ بولۇپ، بانكىنىڭ مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈش شارائىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. مۇھەممەت نۇر ئالدى بىلەن تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تۇتتى. ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، يوقلىما تۈزۈمى، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تۈزۈمى، ئۆگىنىش تۈزۈمى قاتارلىق بىر يۈرۈش قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈرغۇزۇپ چىقتى. ئىشخانا، بۆلۈملەر ۋە تىجارەت پونكىتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتتى. ئىنتىزام، ئىستىل تەربىيىسىنى ۋە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ئۆگىنىشنى سىستېمىلىق قانات يايدۇر-

دى. بانكا باشلىقىدىن تارتىپ، بوغالتىرىيە بۆلۈمچىسى، رىۋىزىيە بۆلۈمچى-سى، تىجارەت پونكىتلىرىغىچە مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت-لەرنى تەرتىپلىك، نورمال، ساغلام قانات يايدۇرۇشنىڭ تەشكىلىي ئاسا-سىنى مۇستەھكەملىدى. قەرز پۇل يىغىۋېلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، توق-قۇز كىشىلىك گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېزا ــ كەنتلەرگىچە، دېھقان ئائىلىلىرىگىچە بېرىپ، كونا قەرزلەر-نى يىغىشنى تېزلەتتى. بىر قىسىم كىشىلەر قەرزنى قايتۇرماي، ئاقسۇ، ئۈ-رۈمچى قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كەتكەنىدى. مۇھەممەت نۇر مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ، ئۆزى بىۋاستە ئاقسۇ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، قەرز ئىگىلى-رىنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى. بەزىلەر قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇردى. يەنە بەزىلەر چىرايلىق گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇھەممەت نۇرغا پې-چاق كۆتۈرۈپ تەھدىت سالدى. بۇ ناھىيىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى بىر دېھ-قان مۇھەممەت نۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قولىغا پىچاق ئېلىپ تۇ-رۇپ: ئەگەر قەرزنى يەنە قايتۇرسەن دېسەڭلار ئۆلۈپ بېرىمەن، دەپ تەھدىت سالدۇ. مۇھەممەت نۇر بۇنداق چاغدا ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن بۇ دېھقانغا چىرايلىق سۆزلەر ئارقىلىق تەربىيە ئىشلەپ، ئۇنى قايىل قىلى-دۇ. 1996 ــ يىلى قەرز ئېلىپ قايتۇرمىغان مۇشۇنداق سۈپەتسىز قەرزنىڭ ئومۇمي قەرز پۇل ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 56 پىرسەنت ئىدى. مۇ-ھەممەت نۇرنىڭ پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، 1997 ــ يى-لى سۈپەتسىز قەرز پۇلنىڭ نىسبىتى 44 پىرسەنتكە تۆۋەنلىدى.

ھايات ئىشلىگەنىبىرى گۈزەل، جەرىبدار تۇيۇلىدۇ. ئېغىر مۇشەققەت-تىن كېيىنكى ھاردۇق ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. مۇھەممەت نۇر كۆنىدە دېگۈدەك يېزا ــ كەنتلەرنى ئايلىنىپ، دېھقانلار بىلەن سىردىشىپ، ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالىدۇ. يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇ دېھقانلار بىلەن ئاساسەن تونۇشۇپ كېتىدۇ. قەرز سۈيلەپ بار-غان بەزى چاغلاردا سوغۇق سۇ بىلەن نان يەپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ، لېكىن بۇ ئىش ئۇنىڭغا قىلچە ئېغىر كەلمەيدۇ.

مۇھەممەت نۇر بىر تەرەپتىن قەرز يىغىشنى تۇتۇپ، يەنە بىرتەرەپتىن ئامانەت توپلاشنى تۇتىدۇ. ئۇ «ئامانەت بولمىسا قەرز پۇل بولمايدۇ، قەرز

پۇل بولمىسا بانكا بولمايدۇ» دېگەن يېتەكچى ئىدىيىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ ۋە قوزغاپ، ئۆزىدىن باشلاپ ئامانەت ۋەزىپىسى بەلگىلەپ، جانلىق تەدبىر، ئۇنۇملۇك ئۇسۇل بىلەن ئامانەت توپلاش قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ. ئامانەت توپلاش ئەھۋالىنى باك چىقىرىپ، ئاشكارا ئېلان قىلىش، 10 پىرسەنت ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش، ۋەزىپىنى ئۇنۇم ئىش ھەققىگە باغلاش، ئايمۇ ئاي سىناپ تەكشۈرۈش، مۇكاپات ـ جازانى ۋاقتىدا نەقلەشتۈرۈش چارىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئامانەت توپلاش ئاكتىپچانلىقىنى ھەسسىلەپ ئۇرغۇتىدۇ. نەتىجىدە، ئامانەت قالدۇقى تېز كۆپىيىپ، يىل ئاخىرىدا 33 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1996 ـ يىلىدىكىدىن 14 مىليون 477 مىڭ يۈەن ئاشىدۇ.

مۇھەممەت نۇر پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قورغانلىق، ئاۋانگارتلىق رولىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، دېموكراتىك باھالاش، پارتىيە تۇرمۇش يىغىنى قاتارلىقلارنى قەرەللىك ھالدا قانات يايدۇردى. سەككىز نەپەر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ بىر نەچچە نەپەردىن ئىشچى ـ خىزمەتچى بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى ئاكتىپلارنى بايقاش، پارتىيىگە قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ئېتىبار بىلەن قارىدى. ئۆتكەن يىلى ئىككى نەپەر ئاكتىپ نىشانلىق تەربىيىلەندى. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ۋاقتىدا، جانلىق قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمىتىنى يېڭىۋاشتىن جانلاندۇردى.

يولداش مۇھەممەت نۇر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ھەر ھەپتىدە ئىككى ئاخشام مەخسۇس ئۆگىنىش قىلىش تۈزۈمىنى بېكىتىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى.

كەسپىي ئەخلاق، كەسپىي ئىستىل، كەسپىي ئىنتىزام، قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ

ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، كەسپتە يېڭى ئۆستىل تىكلەش، مەدەنىيەتلىك ياش ماھىرلاردىن بولۇپ چىقىش كەيپىياتىنى ياراتتى. ئىلگىرى تىجارەت بۆلۈمى ھەپتىدە ئىككى كۈن ئىشىك تاقاپ ئارام ئالاتتى. مۇھەممەت نۇر بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، 360 كۈن ئىشىك ئېچىپ مۇلازىمەت قىلىشنى، كەڭ مۇئامىلىدارلارغا قىزغىن، ئەدەپلىك، مەدەنىيەتلىك مۇئامىلە قىلىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، بانكىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

مۇھەممەت نۇر بىخەتەرلىك، قوغداش جەھەتتە 20 ماددىلىق تۈزۈم تۈزۈپ چىقىپ، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە ئامانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئۇ كېچىلىرى دىجورنىخانىلارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. قوغداش خادىملىرى بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى.

جاپالىق مۇھىت، جاپالىق خىزمەت مۇھەممەت نۇرنىڭ ئىرادىسىنى يەنىمۇ تاۋلىدى. ئۇ بەزىدە بىر ئايدا بىر قېتىم ئائىلىسىنى كۆرۈپ كېلىش پۇرسىتى چىقىرالىدى. بەزىدە ئىككى ئايدىمۇ بارالمىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئاغرىقچان بولغاچقا، داۋاملىق داۋالىنىشقا توغرا كېلەتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق جىددىي خەۋەر كەلدى. خىزمەت ئالدىراش بولغاچقا، ئۇ ۋاقتىدا بارالمىدى. ئۆتكەن يىلى 8 ـ ئايدا ئۇنىڭ قىزىنى موتسىكلىت سوقۇۋېتىپ، ئىككى ئاي دوختۇرخانىدا ياتتى. ئايالىمۇ ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق، جىددىي پەيتتە، مۇھەممەت نۇر يەنىلا كەلپىندە خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى، ۋىجدانى ئازابلانسىمۇ، ۋاقىت چىقىرالمىدى. ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي، يېزا ـ كەنتلەردە جاپالىق ئىشلىدى.

ئەجىر ھامان يالتىرايدۇ. ئىنسانلارنىڭ زېمىنغا تۆككەن تەرى، سىڭدۈرگەن ئەجرى ھامان مېۋە بەرمەي قالمايدۇ. 1997 ـ يىلى ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، بۇ بىر يىل كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى. بانكا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. پايدا ۋە ھەر خىل كۆرسەتكۈچلەردە كىشى قەلبىنى خۇشال قىلغۇدەك يېڭى نەتىجە يارىتىلدى. بانكا ناھىيە دەرىجىلىك

«مەدەنىيەتلىك ئورۇن» لار قاتارىغا كىردى. 1997 ـ يىلى بانكىنىڭ ھەر خىل مالىيە كىرىمى 2 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1996 ـ يىلىدىكىدىن 950 مىڭ يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى مۇئامىلە كىرىمى 1 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1996 ـ يىلىدىكىدىن 540 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. يۇقىرىغا ئاغدۇرغان ئامانەت تېز كۆپىيىپ، 24 مىليون 198 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13 مىليون 380 مىڭ يۈەن ئاشتى. يۇقىرىدىن قەرز ئېلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. قەرز پۇلنىڭ ئۇنۇمىسال ئۆسۈمىنى يىغىۋېلىشنى 85 پىرسەنتكە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ئەمەلىيەتتە 120 پىرسەنت ئورۇندالدى. ۋىلايەت چۈشۈرگەن خىراجەت كۆرسەتكۈچى پىلاندىن ئېشىپ كەتمىدى. تۈرلۈك ئىقتىسادىي ھېساباتلاردا ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىدى. بانكىنىڭ خىزمىتى يېڭى قىياپەت بىلەن جانلىق، ئۈنۈملۈك، تېز ئالغا باستى.

يولداش مۇھەممەت نۇر نەتىجە ئالدىدا قانائەتلەنمەي، ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك، ئىنتىزامچان بولدى. ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ئىللەتتىن ساقلاندى. كىشىلەرنىڭ مېھماندارچىلىقى ۋە ھەر خىل ئىلتىپاتلىرىنى كەسكىن رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس خىسلىتىنى نامايان قىلدى. قەرز پۇل ئۆتكىلىگە بولغان باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى. قەرز پۇل بېرىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش، دەلىللەشتە چىڭ تۇرۇپ، چەكلىك مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى.

ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن، ۋاقىتنى قەدىرلىگۈچىلەرنىڭ زېمىنىغا قالدۇرغان ئىزلىرى مەڭگۈ يالترايدۇ. ئەجىر، ئەقىدە قىلىشنى بىلگەن ئىنسان ھامان پارتىيە، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بىز مۇھەممەت نۇرنىڭ تېخىمۇ زور شان ـ شەرەپ قۇچۇشىغا تىلەكداشمىز!

1998 ـ يىل مارت، كەلپىن

# بانكىدىكى ماھىر رولچى

33 يىل بىر ئادەم ھاياتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. 33 يىللىق ھايات مۇساپىسىدە ئادەم ھەر خىل قىسمەتلەرنى ـ خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلارنى، راھەتلىك ۋە مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئىرادىلىك، غايىلىك، ئىستەكلىك ئادەم ھايات مۇساپىسىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمىسۇن، ئۇ توختىماي ئالغا قاراپ ئىزدىنىدۇ، ئىنتىلىدۇ، تىرىشىدۇ. راخمان تۇردى دەل شۇنداق قىلدى. ئۇ كۇچانىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە سېپىدە ئىشلىگەن 33 يىللىق ھاياتىنى ئىزدىنىش، ئىنتىلىش، تۆھپە قوشۇش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە تەشكىلى ۋە كۇچا ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

بۇ يىل 51 ياشقا كىرگەن راخمان تۇردى ئېغىر ـ بېسىق ۋە تەمبەل ئادەم، ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قارا كۆزلىرىدىن ئۈمىد، ئىشەنچ نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. گەپ ـ سۆزلىرى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن خېلىلا تەجرىبىلىكلىكى، ئىرادىلىكلىكى، ئىشچانلىقى ھەم پاراسەتلىكلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. مۇخبىر ئۇنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ كەمتەرلىك بىلەن: مەن گەرچە 33 يىل خىزمەت قىلغان بولساممۇ، گېزىت يۈزىدە تەشۋىق قىلغۇدەك چوڭ نەتىجە يارىتالمىدىم، يەنىلا كوللېكتىپنى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى كۆپرەك تەشۋىق قىلايلى، مېنى كۆپ گەۋدىلەندۈرۈپ كەتمەڭ، دېدى. بۇ سۆزلەردىنلا ئۇنىڭ نەقەدەر كەمتەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. لېكىن، قەلىمىم يەنىلا راخمان تۇردى ھەققىدە ئاز ـ تولا بىر نەرسە يېزىشقا ئالدىرايتتى.

*      *      *

يولداش راخمان تۇردى 1963 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىدىكى ياقا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، يېزىغا قايتىپ، كەنتنىڭ «يالاڭ ئاياغ» دوختۇرى بولىدۇ. كىچىكىدىنلا ئىشچان، تىرىشچان چوڭ بولغان راخمان تۇردى زېرەكلىكى، مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن يېزا ـ كەنتنىڭ ئەمگەك ئاكتىپى بولۇپ قالىدۇ ھەمدە 1964 ـ يىلى ياقا يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى ھاياتى رەسمىي باشلىنىدۇ. دەسلەپتە ئۇ كوپېراتىپنىڭ بوغالتىرلىقىنى قىلىش داۋامىدا دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى چۈشىنىش، ھەل قىلىش، ئامانەت توپلاش، كونا قەرزلەرنى يىغىش جەھەتلەردە زەربىدارلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى رەھبەرلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇڭا 1966 ـ يىلى شەرەپ بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. 1976 ـ يىلى تەشكىل ئۇنى كۇچا ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە بۆلۈمىگە يۆتكەپ كېلىپ، يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ بوغالتىرىيە خىزمىتىنىڭ يېتەكچىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. 1980 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلغاندا، ئۇمۇ بۇ بانكىغا چىقىدۇ. 1979 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا راخمان تۇردىنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى، ئالغا بېسىشى تېخىمۇ تېز بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ يېزىلارنىڭ مالىيە ـ بوغالتىرلىق خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، بوغالتىرلارنى تەربىيىلەش، ھېساب تەكشۈرۈش ئىشلىرىنىڭ ئۆگۈشلۈك بولۇشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، تەشكىلنىڭ يەنە بىر قېتىم دىققىتىنى قوزغايدۇ. 1984 ـ يىلى ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەن راخمان تۇردى كۇچا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىرلاشقانسېرى ۋۇجۇدىدىكى غەيرەت ـ شىجائىتى ھەسسىلەپ ئېشىشقا، پارتىيە، خەلق ئىشلىرى

ئۇچۇن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش ئۈستىكى كۆچىيىشكە باشلايدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يېزا ـ كەنتلەرگە، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىدۇ. 1979 ـ يىلى ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ناھىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ئىشخىلا يېزىسىنىڭ 2 ـ كەنتىگە بېرىپ كۆپ قېتىم ئىزدىنىش ئارقىلىق «پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە تەكشۈرۈش دوكلاتى» يېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دوكلاتى ئاپتونوم رايون بويىچە كېڭەيتىپ تارقىتىلىدۇ. ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە ھەر بىر ئائىلىگە ئىقتىسادىي ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، نۇقتىلىق يار ـ يۆلەك بولۇش، قەدەممۇ قەدەم بېيىتىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ياقا يېزىسىنىڭ تاغانچى 2 ـ كەنتىدىكى ئەمەت روزى «نامى بار نامرات» ئائىلىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ھال ـ كۈنى ئىنتايىن خاراب ئىدى. راخمان تۇردى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، ئۇنى قەرز پۇل ئارقىلىق يۆلەپ، دەسلەپتە چارۋا بېقىشقا ئۈندەيدۇ. ھال ـ كۈنى سەل ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە قەرز مەبلىغى ھەل قىلىپ، بىر تراكتور ئېلىپ بەردى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئەمەت روزى ھەقىقەتەن قەددىنى رۇسلاشقا باشلىدى. بانكا قەرزىنى قايتۇرغاندىن سىرت، خېلى كۆپ دەسمايىغا ئىگە بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭ بىر دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، ئىككى تراكتورى، نەچچە ئون مو تېرىلغۇ يېرى، نەچچە 10 مىڭ يۈەن پۇلى بار. ئۇ دائىم راخمان خاگجاڭنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، بىزنىڭ بۇنداق ياخشى كۈنىمىزمۇ بولمايتتى، دەيدۇ. راخمان تۇردىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر نەچچە يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە 1000 دىن ئارتۇق، پەقەت ياقا يېزىسىدىلا 30 دىن ئارتۇق ئائىلە ئارقا ـ ئارقىدىن نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، كۆزگە كۆرۈنگەن «باي» لاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئەگەر سىز كۇچا ناھىيىسىنىڭ بىپايان يېزا ـ قىشلاقلىرىغا

بېرىپ، دېھقانلار بىلەن سىرداشسىڭىز راخمان تۇردىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىماي قالمايسىز.

«بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم بولىدۇ». راخمان تۇردىنىڭ ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ھەم كۇچا ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى مەمنۇن قىلدى. شۇڭا ئۇ 1985 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ تەربىيىلەندى. بۇنىڭ بىلەن راخمان تۇردىنىڭ بىلىمى، نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى، ئىرادىسى يەنىمۇ تاۋلاندى. ئوقۇشنى تاماملاپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، باش چۆكۈرۈپ خىزمەت قىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تۆھپە بېغىشلاپ، كۆپ قېتىم ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 1995 ـ يىل 1 ـ ئايدا راخمان تۇردى بانكا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭ زىممىسىدىكى يۈك ھەسسىلەپ ئېغىرلاشتى. ئۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئائىت مۇكاپاتلاش، جازالاش تەدبىرى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، يوقلىما تۈزۈمى قاتارلىق جانلىق تۈزۈملەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كەسپىي خىزمەتلەرنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، بىخەتەرلىك قوغداش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، بانكىنى ھەر جەھەتتىن ئىلغار ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى جەھەتتە تېز ئالغا باستى. خىزمەتلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، بانكىنىڭ «ماھىر رولچىسى» بولدى. 33 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ۋە ئەقلىنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش، تە-

رەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلدى. پارتىيىنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە تۈرلۈك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، سىياسەت، بەلگىلىمە ھەم پرىنسىپنى ئەينەك قىلدى. يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۆھپە قوشۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى، دەپ ھېسابلاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى قوللىدى. يېزىلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالدىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مەبلەغ ئېھتىياجىنى ئىنچىكە ئىگىلەپ، مەبلەغنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، كرېدىت مەبلىغىنى جانلاندۇرۇپ، كۇچا ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. بولۇپمۇ، بانكا باشلىقى بولغاندىن كېيىن، بانكىنى قاتتىق باشقۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى. پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى داۋامىدا، ئىسلاھاتنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، كەسپىي بانكىلار بىلەن ئادىل رىقابەتلىشىشتە چىڭ تۇرۇپ، بانكىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇردى. يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەبلەغ ئەمەلىي كۈچىنى ۋە پايدىسىنى يىلمۇ يىل زور ھەجىمدە ئاشۇردى. 1996 ـ يىلى كۇچا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پايدىنى كۆپ ياراتقان 10 بانكا قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ھايات — كۈرەش دېمەكتۇر. كىمكى ھايات مۇساپىسىدا توختىماي كۈرەش قىلىشتىن، قان ـ تەر ئاققۇزۇشتىن قورقمىسا، ھايات شۇنىڭغا تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ جەزىبدار بولۇپ تۇيۇلىدۇ. راخمان تۇردى 33 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىق خىزمىتىنى بانكا خىزمىتىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرى قاتارىدا تۇتۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى.ئىستىلدا ساپ، خىزمەتتە پاك بولۇپ، ئادىل ئىش بېجىرىپ، ئاددىي ـ ساددا، سەمىمىي ياشىدى. قاتلاممۇ قاتلام ئەمگەك توختام تۈزۈمى ئورنىتىپ، دەرىجە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، ھەر خىل ئىقتىسادىي دېلولارنىڭ، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. قەرز پۇل تارقىتىش ئۆتكىلىگە بولغان باشقۇ-

رۇشنى كۈچەيتىپ، يېڭى پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، راخمان تۇردى 33 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا كىشىلەرنىڭ ئىزچىل ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن. بانكا مەسئۇللۇقىنى ئۆتىگەن 10 نەچچە يىل داۋامىدا ئۆزىگە كىر قوندۇرماي، باشقىلار ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل سوۋغا ـ سالاملارنى كەسكىن رەت قىلغان. شۇڭا كۆپ قېتىم ناھىيە، ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەنگەن.

ھايات مۇساپىسى بىر خىل داۋام قىلمايدۇ. ئىرادىلىك ئادەم ھەر قانداق قىيىن، مۇرەككەپ شارائىتتا دۇچ كەلسىمۇ، ئۇ ھامان ئۇتۇق قازىنىدۇ. 1997 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۇچا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى رەسمىي قۇرۇلدى. راخمان تۇردى بۇ بانكىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇش، كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئاپپاراتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىش خىزمىتىگە بىۋاسىتە قول تىقىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تەرتىپلىك، ساغلام قانات يايدۇردى. ئۇ تەرەققىيات بانكىسىنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەمگە بىلدۈرۈپ، ناھىيە ۋە ۋىلايەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سېتىۋېلىش مەبلىغىنى بالدۇر تەييارلاش، بالدۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، دېھقانلارغا «ئاق ھۆججەت» بېرىلىشىنىڭ، پۇلنى ۋاقتىدا ئاللىماسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشىغا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشتى.

تەرەققىيات بانكىسىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشنىڭ تۈنجى مارشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياڭراتتى.

نۆۋەتتە، راخمان تۇردى ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ، زېھنىي قۇۋۋىتىنى بانكىنى تۈرلۈك ئىشلاردا ئىلغار ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلماقتا.

1998 ـ يىل يانۋار، كۇچا

# بازار باشلىقىنىڭ بىر كۈنى

1998 ـ يىل 5 ـ نويابىر سەھەر، ئاقسۇ شەھىرىدىكى قاراتال بازىرىنىڭ باشلىقى ئەمەت ساماساق ئادىتى بويىچە يەنە تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يوغان، ئېغىر، سېمىز گەۋدىسى تېلىپ ئاغرىيتتى. ئۇ سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئالغاچ بازار ئورگىنىنى ئايلىنىپ چىقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا مىڭلىغان خىياللار كۆلەڭگىسى ئەگىپ يۈرەتتى. «كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسى تېخى ئاخىرلاشمىدى، پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا يەنە خېلى ۋاقىت بار، قىش كېلەي دەپ قالدى، بۇ ئىشلارنى...»

ئەمەت ساماساق خىياللار قاينىمىغا كىرىپ كېتىپ سائەتنىڭ 7 بولغانلىقىنى سەزمەي قالدى. بازار رەھبەرلىرى، بىر قىسىم ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئالدىراپ يىغىن زالىغا كىرىپ بولغانىدى. چۈنكى بازارلىق ھۆكۈمەت ھەر كۈنى سەھەردە يىغىن ئېچىپ، شۇ كۈنلۈك ئىشنى ئورۇنلاشتۇراتتى. ئەمەت ساماساق يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، شۇ كۈنلۈك مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى، پىكىر ـ ئىنكاسلارنى ئاڭلىدى، مەسىلىلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ قاراتال بازىرىمىزنىڭ نامى بار، ھازىر يىل ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، كۈزلۈك تېرىمنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسنى ئورۇنداپ، يەنە شەھەر بويىچە ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم. بۇ يىل بازىرىمىز ئۈچۈن ھالقىلىق بىر يىل. ھازىر دەل بىر يىل-

لىق ئەجرىمىزنى يىغىدىغان ھەم كېلەر يىل ئۈچۈن ئاساس يارىتىدىغان پەسىل. بۇ ئىشلارنى ياخشى قىلىش مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا باغلىق. خەلقنى باي قىلىش بىزنىڭ مەقسىتىمىز، شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار، ھۆكۈمەت كادىرلىرى قىينىچىلىقتىن قورقماي، نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا باش قاتۇرۇشىمىز كېرەك...

ئەمەت ساماقنىڭ سۆزىدىن كېيىن كۆپچىلىك تەرەپ ـ تەرەپكە يۇرۇپ كەتتى. جىددىي كەيپىيات بازارلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىدا قىزغىن ھالەتنى پەيدا قىلدى. بىردەمدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئورگىنى تىمتاسلىققا چۆمدى. چۈنكى ھەممە ئادەم ئۆز ئىش ئورنىغا كېتىشكەنىدى.

شۇ تاپتا ئەمەت ساماقنى ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا، بىردەم بۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەردى. ھەل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. بەزىلەرنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن يولغا سالدى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئەمەت ساماق ئازراق ناشتا قىلىۋېلىشنى ئويلاپ ئەمدىلا ئىشخانىدىن چىقاي دەپ تۇراتتى، توساتتىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ مەسلىھەتچىسى مۇھەممەتئابلا نىياز كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇھەممەتئابلا نىيازغا ئالدىنقى كۈندىكى خىزمەتلەر ۋە نۆۋەتتە ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەرنى قىسقىچە دوكلات قىلدى. مۇھەممەتئابلا نىياز كەسكىن رەۋىشتە «قاراتال ئارقىدا قالسا بولمايدۇ، چوقۇم مۇشۇ بويىچە ئىشلەش كېرەك. مۇھىم ۋەزىپىنى ھەرگىز كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ» دېدى. ئەمەت ساماقنىڭ گۆشلۈك يۈزىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ مۇھەممەتئابلا نىياز ۋە مۇئاۋىن بازار باشلىقى ياسىن بىلەن خېلى ئۇزاق سۆزلەشتى.

شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 11 دىن ئاشقاندا بىر كۈل رەڭ ماشىنا بازارلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىغا كىرىپ كەلدى. ماشىنىدىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چاڭ چىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چۈشتى. ئەمەت ساماق ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنى 2 ـ قەۋەتتىكى يىغىن زالىغا باشلاپ كىردى. ئەمەت ساماق

چاڭ شۈجىغا خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدى. چاڭ شۈجى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەھەرگە قاراشلىق ھەر قايسى يېزا، بازار، مەيدانلارنىڭ پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىقىنى، پەقەت قاراتال بازىرىنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا تىرىشمىسا بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

بۇ يىل قاراتال بازىرى 126 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىغان بولۇپ، پاختىلار ئىنتايىن ئوخشاپ كەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتى باشلاندى، بازاردىكى ئۈچ پاختا زاۋۇتى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4500 دەنلىك سۈرئەت بىلەن پاختا سېتىۋالغان بولسىمۇ، 4 ـ نويابىرغىچە ئاران 230 مىڭ دەن ئەتراپىدا پاختا سېتىۋېلىندى. چۈنكى پاختا بەك كۆپ بولغاچقا، پاختىكارلار ئۆچىرەت تۇرۇپ ساقلاشقا توغرا كەلدى. پاختا زاۋۇتىنىڭ جىڭلىرى، جازىلىرى، ئادەملىرى يېتىشمەي قالدى...

چاڭ جىڭ «274 مىڭ دەن ۋەزىپىنى 10 كۈن ئىچىدە چوقۇم ئورۇنداپ بولۇشۇڭلار كېرەك» دېدى ھەم كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش سۆزى قىلدى. ئەمەت سامساق چاڭ شۈجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سېتىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئۇ ئۈچ پاختا زاۋۇتىنىڭ ھەر بىرىگە 2 دىن 3 كىچە ئادەمنى مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدى. پاختىكارلارنىڭ بەك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆچىرەتتە تۇرۇپ قېلىش زىددىيىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، قاراتال بازىرىدىكى 200 دىن ئارتۇق چوڭ پاختىچىلىق ئائىلىلىرىنى ئاقسۇ شەھىرىدىكى جا كۆۋرۈك پاختا زاۋۇتىغا بېرىپ قاراتالنىڭ نامىدا پاختا سېتىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۈچ پاختا زاۋۇتى كۈنىگە 3500 دەنلىك سۈرئەتتە پاختا سېتىۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قەتئىي ھەيدەكچىلىك قىلىش، قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇل بولۇش كېرەك. چوڭ پاختىچىلىق ئائىلىلىرىنى باشقا جايغا بېرىپ پاختا سېتىشقا رىغبەتلەندۈرمىسەك، 15 ـ نويابىرغىچە ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تەسىر يېتىدۇ...

مۇھەممەتئابلا نىياز، چاڭ جىڭلار ئەمەت سامساقنىڭ ئىرادىسىنى

ماختىدى ھەم شۇ بويىچە جىددىي تۇتۇشنى تەكىتلىدى.

ئەمەت سامساق شوپۇرنى ماشىنىنى تەييار قىلىشقا بۇيرۇپ تۇ-رۇشىغا يەنە بىر ماشىنا ئۇچقاندەك سۈرئەتتە ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. بۇ شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىن كەلگەن-لەر بولۇپ، مۇشۇ قىتىملىق نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىگىلى ھەم بىر قىسىم كادىرلارنىڭ تەكتىنى سىنىغىلى كەلگەنىدى.

بۇمۇ بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت بولغاچقا، ئەمەت سامساق ئۇلار بىلەن تەپسىلىي سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ھەمكارلاشتى.

سائەت ئاللىقاچان 2 يېرىم بولغانىدى. ئەمەت سامساقنىڭ قور-سىقى ئېچىپ، بېشى قايغاندەك بولدى. ئۇ ماشىنىغا چىقىپ ئۆلۈملۈك بولغان بىر ئائىلىگە بېرىپ پەتىلىدى، ئاندىن ئۇدۇل پاختا زاۋۇتىغا يۈرۈپ كەتتى.

4 ـ پاختا زاۋۇتىنىڭ ئالدىدا پاختا بېسىلغان هارۋا، تراكتورلار مىغىلداپ كەتكەنىدى. ئۇ پاختىكارلار بىلەن سۆزلەشتى، پىرىيۇم-چىلار، جىڭچىلار، تالون كەسكۈچىلەرنىڭ مەشغۇلاتىنى كۆردى. پاختا زاۋۇتىنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ جىڭچىلار بىلەن بىرلىكتە پاختا جىڭلىدى، پاختىلارنى تۇتۇپ كۆردى، ئۇ پاختىكارلار-نىڭ غېمىنى يېدى.

ـ سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، بىز تەدبىر قوللىنىپ، پاخ-تاڭلارنى تېز سېتىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرىمىز. ئەتىدىن باشلاپ چوڭ پاختىچىلىق ئائىلىلىرى پاختىسىنى جا كۆۋرۈككە ئېلىپ بارىدۇ. بىز جىڭلاش ئورنى ۋە خادىملارنى كۆپەيتىپ، پاختاڭلارنى ئىمكانىقەدەر تېز سېتىۋالىمىز، ـ دېدى.

پاختىكارلار بازار باشلىقىنىڭ بۇ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

13 ـ كەنت 3 ـ مەھەللىدىن 3 ـ پاختا زاۋۇتىغا پاختا ئېلىپ كەلگەن ساۋ مىڧۇ بازار باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: 1000 مو يېرىم-نىڭ پاختىسىنى قاچان سېتىپ بولارمەن، دەپ بېشىم قېتىپ تۇراتتى.

ئەمدى ياخشى بوپتۇ، ھۆكۈمەتكە رەھمەت، بازار باشلىقىغا رەھمەت، ـ دېدى.

ئەمەت سامساق سانجاق ـ سانجاق ئادەملەر، دۆۋە ـ دۆۋە پاخ-تىلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، 3 ـ پاختا زاۋۇتىنىڭ كەڭ قورۇسىنى نەچ-چە رەت ئايلىنىپ چىقتى. زاۋۇت مەسئۇللىرى بىلەن، پاختىكارلار بى-لەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەشتى. ئۇ مۇشۇ تاپتا قورساقنىڭ ئاچلىقىنى-مۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستۈبېشى چاڭ ـ توزانغا مىلىنىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئەتراپنى ئاللىقاچان گۇگۇم پەر-دىسى قاپلىغان بولسىمۇ، پاختا زاۋۇتىنىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى قايناق ئېقىم تېخىچە پەسەيمىگەنىدى. ئەمەت سامساق بىر دەم زاۋۇت ئالدىدا ئولتۇردى، بىر دەم جىگلاش ئورنىدا ئۆرە تۇردى. كەچ سائەت ئاللى-قاچان 8 بولغانىدى. ئۇ مۇئاۋىن بازار باشلىقى ياسىن ھەم زاۋۇت مەسئۇللىرىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىغىنىچە ئۇدۇل 7 ـ زاۋۇتقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ماشىنىسى چاڭ ـ توزان چىقارغىنىچە كېتىپ قالدى. مەن ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم ھەم ئۆز ـ ئۆزۈمگە «بازار باشلىقى ھەقىقەتەنمۇ خەلقنىڭ چاكىرى ئىكەن، ئۇ ھەتتا تاماق يېيىش-كىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى، ئۇنىڭ تېنى سالامەت بولغاي» دەپ پى-چىرلىدىم.

1998 ـ يىل نويابىر، ئاقسۇ

# ئۇچاستكىدىكى يېڭى ھايات

كەلپىن تاشيول ئۇچاستكىسىنىڭ قورۇسىغا كىرىپلا ئۆزۈمنى گويا باغچىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. مەن ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ باققان ھەم كېيىنچە بۇ يەرنىڭ بەزى تەرىپلىرىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، لېكىن بۇنچىۋالا چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن. مەن ئۇچاستكا مەسئۇلى قاسىمجان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇچاستكىنىڭ چىرايلىق، ئۆزگىچە، نەپىس زىننەتلەنگەن ئازادە ئىشخانا ئۆيلىرىگە كىرىپ تېخىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلدىم. شۇ تاپتا بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ كاللىسىغا «كەلپىندەك بىر نامرات ناھىيىدە، يەنە كېلىپ ئاچال يېزىسىدەك بىر نامرات ئۆتەڭدىمۇ مۇشۇنداق بىر گۈزەل جاي بار ئىكەن ـ ھە؟» دېگەن پىكىرگە كەلمەي قالمايتتى. بۇنى ھەقىقەتەنمۇ بىر «مۆجىزە» دېيىشكە بولاتتى.

كەلپىن تاشيول ئۇچاستكىسى دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسىنىڭ 1118 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدىكى ئاچال يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، 172 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت يولى لىنىيىسىنىڭ مۇساپىسى 148 كىلومېتىرنى ئىگىلەيدۇ، ئۇچاستكا قارىمىقىدا قۇمقۇدۇق (ساجىڭزا) داۋبەن، ئاچال داۋبەن، بىر ئۆي داۋبەن ۋە كەلپىن داۋبەندىن ئىبارەت تۆت داۋبەن بار. ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىزدىن ئىبارەت تۆت مىللەتتىن تەشكىل تاپقان 268 ئىشچى ـ خىزمەتچى (بۇنىڭ ئىچىدە پېنسىيىگە چىققانلار 98 نەپەر) گە ئىگە بۇ ئۇچاستكا يېقىنقى بىر

قانچە يىلدىن بۇيان ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا يېڭى تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1996 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بۇ ئۇچاستىكىغا «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى. ئۇچاستىكا كەلپىن ناھىيىسى ۋە باش ئۇچاستىكا تەرىپىدىن «بىخەتەر نەمۇنىلىك كىچىك رايون»، «مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى ھەمدە ئۆتكەن يىلى شەرەپ بىلەن ناھىيە دەرىجىلىك «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» لار قاتارىغا كىردى. بۇ يىل ئۇچاستىكىنىڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» بولۇش ھەققىدىكى دوكلاتى يۇقىرىغا يوللاندى.

يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئۇچاستىكا رەھبەرلىكى ئىسلاھات ئىدىيىسىنى يېتىلدۈرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئالدى بىلەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كۈچىنىپ ئىشلەش قىزغىنلىقى، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان 33 خىل تۈزۈم تۇرغۇزۇپ چىقتى ھەمدە ئۇنى مەخسۇس كىتابچە قىلىپ تۈزدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئۇچاستىكا رەھبەرلىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنى كەسپىي خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىنى سۆيۈش، ئىش ئورنىنى قەدىرلەش، تۆھپە قوشۇش تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. ئۇچاستىكا ئورگىنى ۋە ھەر قايسى داۋبەنلەردە قەرەللىك ھالدا سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇردى. قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ھەر يىلى قىش پەسلىدىن پايدىلىنىپ قانۇن ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. 1994 ـ ، 1995 ـ ۋە 1996 ـ يىللىرى

ئۇدا ئۈچ يىل 30 ئادەمنى بىر ئايدىن ھەربىي مەشىق تەلىم ــ تەربىيىسىگە قاتناشتۇرۇپ، ئۇچاستىكىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، جىددىي، خەتەرلىك پەيتلەردە كۆۋرۈك، سۇگۇچلەرنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ماددىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ئۇچاستىكا رەھبەرلىكى يىلدا 5 ــ 6 مىڭ يۈەن پۇل چىقىم قىلىپ، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ بېرىپ سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن پېشقەدەم كادىرلار ئۇچاستىكا رەھبەرلىكىنىڭ خىزمىتىنى پائال قوللاپ، ياش بىر ئەۋلاد تاشيول ئىشچىلىرىنى يەنىمۇ تىرىشىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان بولدى.

بۇ ئۇچاستىكا مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتىگە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنى باشتىن ــ ئاخىر چىڭ ۋە قاتتىق تۇتتى. بولۇپمۇ بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئۇچاستىكا مەنىۋى مەدەنىيلىككە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىپ، خىزمەتلەرنى پىلانلىق، قەدەم ــ باسقۇچلۇق، پۇختا قانات يايدۇردى. جەمئىي 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، ئۇچاستىكا ئورگىنى، مېھمانخانا ۋە ھەر قايسى داۋبەنلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى زىننەتلەپ، كونا، قالاق مۇھىتنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى، چىرايلىق، گۈزەل مۇھىت بەرپا قىلدى. ئائىلە تاملىرىنى سىرلىدى. 30 مىڭ يۈەن چىقىرىپ ئاقسۇ شەھىرىدىن ئالما، نەشپۈت، ئۈزۈم، گىلاس ۋە نەچچە خىل ئېسىل گۈللەرنى سېتىۋېلىپ ئەكەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشخانىلار، ئۇچاستىكا قورۇسى ۋە ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ ھويلا ــ ئاراملىرى گۈل ــ گىياھقا پۈركىنىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان جىلۋىدار، پاكىز، ئازادە مەنزىرە نامايان بولدى.

مەنىۋى تۇرمۇش بېيىسا، كىشىلەر ھەر قانچە چۆل ــ جەزىرىدە ياشىسىمۇ ئۆز ھاياتىنى مەنىلىك ھېسابلايدۇ. 1996 ــ يىلى ئۇچاستىكا 120 مىڭ يۈەن پۇل چىقىم قىلىپ، ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىسىگە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئانتېناسى ئورنىتىپ بەردى. نەتىجىدە ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر سەككىز قانالدىكى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى.

ئۈچاستىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىچىدە ياشلارنىڭ نىسبىتى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، 35 ياشتىن تۆۋەنلەر 110 نەپەرنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈچاستىكا بۇ خىل ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ ياشلارغا ھەر ئايدا ئىككى قېتىم كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ بەردى. 12 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر سەنئەت ئەترىتى قۇرۇپ چىقتى. ئۆتكەن يىلى قۇرۇلغان بۇ سەنئەت ئەترىتى ئۈچاستىكا ئورگىنىدا قەرەللىك ئويۇن قويغاندىن سىرت، ھەر قايسى داۋبەنلەرگە بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بۇ سەنئەت ئەترىتى چىلان يېزىسى تەۋەسىدىكى شىنجاڭ تاشيول تور قۇرۇلۇش 13 ـ توختام بۆلىكىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارغا ھال سوراش ئويۇنى قويۇپ بېرىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، باش ئۈچاستىكا ۋە ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە تەشكىللىگەن ياشلارنىڭ پارتىيە، ئىتتىپاق بىلىملىرى بويىچە تېلېۋىزىيىدە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە بۇ ئۈچاستىكا ماھىرلىرى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ يىل باش ئۈچاستىكا بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ۋالىبول مۇسابىقىسىدە بۇ ئۈچاستىكا مۇاھىرلىرى 1 ـ لىككە ئېرىشتى. 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىتتىپاق ياچېيكىسى «قەلب ساداسى» گېزىتى چىقىرىپ، ئىلغارلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۇلارنىڭ كۈرەش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى. تەشۋىقات ـ خەۋەرچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىپ، ئۈچاستىكا تەۋەسىدىكى ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەرنى يېزىپ، ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىشكە رىغبەتلەندۈردى ھەمدە مەخسۇس مۇكاپاتلاش چارىسىنى ئېلان قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈردى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، «شىنجاڭ قاتناش گېزىتى»، «تارىم» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولغۇچىلارنىڭ سانى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. مۇشتەرى بولۇنغان گېزىت ـ ژۇرنالنىڭ تۈرى 30 خىلدىن ئاشتى.

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش

سۆزدە ئەمەس بەلكى ئەمەلىيەتتە ئىپادىلەندى. ئۇچاستىكا رەھبەرلىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تاتلىق سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يۇقىرىغا كۆپ قېتىم دوكلات يېزىپ، 130 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ، بىر دانە سۇ تازىلاش زاۋۇتى سېتىۋالدى. مەخسۇس ماشىنا ئاجرىتىپ، ھەر ھەپتىدە ئاقسۇدىن ئىككى قېتىم كۆكتات ئەكىلىپ تەمىنلىدى ھەمدە ئاچال خەلقىنىڭ كۆكتات يېيىشى ئۈچۈنمۇ پائال مۇلازىمەت قىلدى. بازارلارغا ئەرزان باھادا كۆكتات يەتكۈزۈپ بەردى. مائارىپنى قوللاش ئۈچۈن يېزا تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كىراسىز كۆمۈر ئەكىلىپ بەردى. 1997 ـ يىلى دەڭ باشلانغۇچ مەكتىپىگە 5000 يۈەن ئىئانە قىلدى. 1995 ـ يىلى 8000 يۈەننى يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى ئارقىلىق مەكتەپلەرگە يەتكۈزۈپ بەردى. يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئەبەي توختى تەسىرات بايان قىلىپ: «ئۇچاستىكىنىڭ مەكتەپلەرگە قىلغان غەمخورلۇقىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، يېزىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۇچاستىكىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ» دېدى.

ئۇچاستىكا ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش، يەرلىكتىكى ھەر قايسى ئورۇنلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسەتتى. 2000 يۈەن چىقىم قىلىپ، ئاچالدىكى ھەربىي پونكىتقا يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئانتېناسى تارتىپ بەردى، ھەر يىلى ئارمىيە بايرىمىدا ھەربىيلەردىن ھال سورىدى، كۆپ قېتىم بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئۇچاستىكا يەنە ئاشلىق پونكىتى، قاتناش ھەققى يىغىش ئورنى، ساقچىخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا ھەقسىز سۇ تۇرۇبىسى تارتىپ بەردى ۋە سۇ بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى.

1994 ـ يىلى ئۇچاستىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن قاسىمجان 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇچاستىكىنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، باشقۇرۇش قىيىن بولۇپ كەلگەن ئۇچاستىكىدا يۇقىرىقىدەك يېڭى،

ئۆزگىچە نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇچاستكىدا ئىشلەپچىقىرىشقا رەھبەر-لىك قىلىش گۇرۇپپىسى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، سۈپەت تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قاتارلىق گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ، خىزمەتلەردە نەتىجە يارىتىشنىڭ تەشكىلىي ئا-ساسىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇ ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قال-غان بولسىمۇ، بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي خىزمەت قىلىۋەردى، ئاخىرى ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، بۇ يىل 7 ـ ئايدا بالنىستىتا يېتىشقا مەج-بۇر بولدى. 7 ـ ئاي كەلكۈن مەزگىلى ئىدى، ئۇ كەلكۈننىڭ يول، كۆۋرۈكلەرگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر نەچچە كۈندىن كې-يىن دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقىپ دورا يېگەچ خىزمەت قىلدى. ئۇ كۈندە 13 ـ 14 سائەت ئىشلىدى. 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي ۋە 1996 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئاچالدا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان زور كەلكۈن كېلىپ، ئاچال كۆۋرۈكىنى بۇزۇۋەتتى. بۇ مەزگىلدە قاسىم-جان نەچچە كېچە ـ كۈندۈز كۆۋرۈك بېشىدا يېتىپ قوماندانلىق قى-لىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆۋرۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇچاستكىكا ئىنتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خالىق تىلەم مۇنداق دېدى: قاسىمجاننىڭ خىزمەت قىلىش روھى ئادەمنى تەسىر-لەندۈرمەي قالمايدۇ. ئۇ كىچىك پېئىل بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەيدۇ، ئادەتتە 10 يۈەن چى-قىم قىلماقچى بولسىمۇ كوللېكتىپ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

ئۇچاستكىنىڭ خىزمەتچىسى پەرھات مامۇت مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئۆيلىرىنى سالدۇ-رىدىغان چاغدا، ھەممە ئادەم ئۇنى ئاز دېگەندە 30 ـ 40 مىڭ يۈەنگە ھۆددىگە بېرىدۇ، باشلىقمۇ شۇ باھانىدە ئۆزىنى سەمرىتىدۇ، دەپ گۇ-مان قىلغانىكەن. لېكىن قاسىمجان بۇ قۇرۇلۇشنى سىرتقا ھۆددىگە بەرمەي، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ سالدۇرۇپ-تۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن باشقىلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ قايىل بوپتۇ...

خەۋەر تېپىشىمچە، قاسىمجان ئۇچاستكىدا ماشىنا باشقۇرۇش،

مالىيە باشقۇرۇشتا مۇنداق تۈزۈم ئورناتقان: يالغۇز ئادەم كوماندىروپ-كىغا چىقسا كىچىك ماشىنا ئىشلەتمەسلىك؛ كوماندىروپكىغا چىقىش ئىشىنى بىجىرەلمىسە ئۇنىڭ راسخوتىنى ئاتچوت قىلىپ بەرمەسلىك ھەم شەخسىي رۇخسەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش.

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىك مەدەنىيلىك خىزمىتى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم بۇ ئۇچاستىكىغا كېلىپ خىزمەت تەكشۈردى ھەم بىر ئېغىزدىن «بۇ يەر ھەقىقەتەن بىر گۈزەل باغچىغا ئايلىنىپتۇ، بىز سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردىن رازى» دېيىشتى.

1998 ـ يىل نويابىر، كەلپىن

# ئانا زېمىنغا مۇھەببەت

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

غۇرۇرلۇق ئىنسان ئۆز ۋەتىنى، ئۆز مىللىتى، ئۆز ماكانىنى قىزغىن سۆيىدۇ. بۇنداق ئىنساننىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا دىيارىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانغان، ئۆز خەلقىنىڭ قايغۇسى ۋە بەخت ـ سائادىتى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئوتى يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. كۆزلىرىدىن چاقناپ چىققان ئۈمىد، شىجائەت، غەلىبە نۇرلىرى ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، تىرىك جانلارنىڭ چىن ھايات ھەققىدىكى ئەقىدىسىنى چىڭىتىدۇ. بۇ نۇر شۇنداق قۇدرەتلىككى، ئۇ ئاجىزلارنىڭ تېنىگە راھەت، تىرىكتاپلارنىڭ قەلبىگە ئۈمىد، مىسكىنلەرنىڭ دىلىغا ئوزۇق، ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىگە شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئىنسانلار پەقەت مۇشۇنداق كۈچلۈك نۇر تەپتىدىن ئۆزى دەسسەپ تۇرۇۋاتقان بۇ كەڭرى زېمىندا تەبىئەت بىلەن ئېلىشىپ، ئۆز بەختى ۋە تاجۇ تەختىنى يارىتالايدۇ. قان ۋە تەر بىلەن ھاياتنىڭ يېڭى سىمفونىيىسىنى يېزىپ چىقالايدۇ. ياشاشنىڭ چىن مەنىسى، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ. ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى يامانسۇ قىرغىز مىللىي يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ

دائىمىي رەئىسى موللا ئەيسا بىر قانچە يىللاردىن بېرى ھاياتىنىڭ چىن مەنىسى بىلەن ياشاپ كەلگەن ئەزىمەت. 34 ياشلىق بۇ قىران بۈركۈت يامانسۇدىن ئىبارەت چەت جايغا جايلاشقان ئانا زېمىنىنىڭ ھەر بىر ئو-چۇم توپىسى، گۈل ـ گىياھلىرى، چاتقاللىرى ھەم ئۆز خەلقىگە چوڭ-قۇر مۇھەببەت باغلىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشلەش روھى، ئىگىلىك تىكلەش ماھارىتى، ئالغا ئىلگىرىلەش جاسارىتى 15 يىللىق قان ۋە تەر ئارقىلىق بۇ زېمىنىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كەتتى. ئا-نا زېمىن ۋە ئاق كۆڭۈل خەلق ئۇنى ئاخىرى «بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانىمىز» دەپ چىن مۇھەببەت بىلەن باغرىغا باستى. بىپايان كەت-كەن يامانسۇ ئېتىكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئاچتى.

## قىياتاش ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققان گۈل

ئىسلاھاتتىن كېيىنكى جۇڭگو يېزىلىرى خۇددى باھاردا ئېچىل-غان قىزىلگۈلدەك گۈللەپ ياشناشقا باشلىدى. بىر قانچە ئون يىلدىن بېرى بېكىنمىچىلىك، تېڭىرقاش، ھودۇقۇش ئىچىدە ياشاپ كەلگەن نەچچە يۈز مىليونلىغان جۇڭگو دېھقانلىرى ئىسلاھات دولقۇنىدا ئېپتى-خارلىق ھېسسىياتى بىلەن غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ، زامانىۋىلىشىش يول-غا مېڭىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، يې-زىلارنى گۈللەندۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بىپايان جۇڭگو تۇپرىقىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. لېكىن، تەرەققىيات يۈز-لىنىشى جەريانىدا شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش زۆرۈركى، ئىسلاھاتتىن ئى-بارەت بۇ داغدۇغىلىق ئىنقىلاب ھەممىلا ئادەمنىڭ مايىللىقىنى تەڭ قوزغاپ كېتەلمىگەنىدى. بولۇپمۇ ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى-دە، بىر قىسىم مىللىي رايونلارنىڭ چەت، يىراق يېزىلىرىدا دېھقانلارنىڭ ئەنئەنە قارىشى يەنىلا كۈچلۈك بولغاچقا، بۇنداق قاراشنى بىر يولىلا ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن زور ھەجىمدىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش جاسارىتى ھەم باتۇرلۇق، قەيسەر-لىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئىش بىر ئەۋلاد

زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ئېڭىغا، مەلۇم تەشكىللەش، يېتەكلەش، بىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە يېڭى كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ ئەنە شۇ چاغدىكى ئىسلاھاتنىڭ تەلپى بولۇپلا قالماي، دەۋرنىڭ جىددىي چاقىرىقى ئىدى.

1987 ـ يىلنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى. يامانسۇ يېزىسىدا ئېلىپ بېرىلغان يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش ھەرىكىتى دېھقانلارنىڭ ماشىنىلىشىش، زامانىۋىلىشىش ئېڭىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدى. دېھقانلار ماشىنا ـ تراكتور ئىشلىتىشنى خالىماي، يەنىلا ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە دېھقانچىلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ ھالەت يېزىلىق تراكتور رېمونت قىلىش پونكىتىغا ئىشسىزلىق شامىلىنى ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، پونكىتنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى چېكىندۈرۈپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىمۇ خۇددى قارا بوراندا قالغان بۈدۈر چاچتەك قالايمىقانلىشىپ، دېڭىز دولقۇنلىرىدەك چايقىلىپ تۇراتتى. دېھقانلارنىڭ كەتمەنلىرى ھەر قانچە چوڭقۇر، ھەر قانچە قاتتىق چېپىلسىمۇ، مول ھوسۇلنىڭ بەرىكىتى تايىنلىق ئىدى. لېكىن، بۇ مەزگىللەردە، ھېچكىممۇ دېھقانلارنى ماشىنا ئىشلىتىشكە قىزىقتۇرالمايتتى. مانا مۇشۇنداق ئېغىر خىرىسقا دۇچ كېلىپ، ۋەيران بولاي دەپ قالغان تراكتور رېمونت قىلىش پونكىتىغا ئۈچ يىللىق خىزمەت ئىستاژىغا، بەلگىلىك كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە موللا ئەيسا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەندى. ئورۇققىنا كەلگەن بۇ يىگىت 1976 ـ يىلى ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، بۇ پونكىتنىڭ تراكتور باشقۇرۇش ھەم رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا قاتناشقان، ئەمەلىيەت داۋامىدا مۇئەييەن تەجرىبە توپلىغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، دېھقانلارغا ماشىنا بىلەن دېھقانچىلىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچكى قىسمىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، پونكىتنىڭ خىزمەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سالدى. چوڭ ھۆددىگەرلىك، كىچىك ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويۇپ، كاۋاكلارنى ئېتىپ، داشقازاننى چېقىپ تاشلىدى. ئۆزى باشلامچى بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە، ئېتىز

باشلىرىغا بېرىپ، تراكتور رېمونت قىلدى. ئىنچىكە تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن كۆپلىگەن داتلىشىپ قالغان ماتورلارنى ئوت ئالدۇردى. كېچە ــ كېچىلەپ خىزمەتچىلەر ھەم دېھقانلار بىلەن سىرداشتى. كۆنلەر، ئايلار ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ پونكىت ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرى خۇددى قىياتاشلارنى يېرىپ چىققان گۈلدەك كۆزگە كۆرۈندى. 1986 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تراكتور رېمونت قىلىش پونكىتى 30 مىڭ يۈەن نەق پۇلى بار ئورۇنغا ئايلىنىپ، ناھىيە بويىچە تراكتور پونكىتلىرى ئىچىدە يېڭى رېكورت ياراتتى. موللا ئەيسا كەسىپىي خىزمەتلەرنى ئۇنۇملۇك ئىزىغا سالغاندىن كېيىن، ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، پونكىت ئىچىدىكى يەتتە مو كۆلەمدىكى قاقاسلىققا 4600 تۈپ ماتېرىياللىق ئورمان بىنا قىلدى. ھەر خىل ماشىنا ــ ئۈسكۈنە قويىدىغان ئۆيدىن يەتتىنى، ئىشخانا ئۆيلىرىدىن ئالتىنى سالدۇردى. يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن بۇ ئۆيلەر ئېگىزگە بوي تارتىپ ئۆسۈۋاتقان تېرەك ئورمانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، پونكىتنى خۇددى يېڭىدىن بىنا بولغان چارباغلاردەك كۆرسەتتى. ئەجىر قىلسا تاشتىنمۇ سۇ چىقارغىلى بولىدۇ. موللا ئەيسا باشچىلىقىدىكى تراكتور پونكىتىنىڭ خىزمىتى يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، تۇتاش كەتكەن سالا ئېتىزلاردا كۆپلىگەن دېھقان ئائىلىلىرى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى. يېزىنىڭ ماشىنا بىلەن ئورۇق سېلىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى. دېھقانلار ئارىسىدا پەن ــ تېخنىكا قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەچكە، 1987 ــ يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليون 600 مىڭ كىلوگرامغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 466 كىلوگرامغا يېتىپ، 1977 ــ يىلىدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك قاتلاندى. دېھقانلارمۇ خېلىلا ھاللىنىپ قالدى. يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى جاڭ لىكۈن 550 مىڭ مو كۆلەمگە ئىگە بۇ مۇنبەت زېمىندا يۈز بەرگەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ: «موللا ئەيسا ئەمەلىي ئىشلەشتە كادىرلىرىمىزغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى» دېدى ھەمدە ئۇنى شۇ يىلىلا پارتىيىگە قوبۇل قىلدى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يۆتكەپ چىقىپ، يېزىنىڭ ئارقىدا قالغان يېزا ــ

بازار كارخانىلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى.

بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلىگەن كۆچەت مەزمۇت ئۆسىدۇ. قارىغاي مەيلى تومۇز ئىسسىق ياكى زىمىستاندا، مەيلى باھار ياكى جۇت ـ شۇۋرغاندا بولسۇن ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ، بۇ زېمىنغا يېشىللىق بەخش ئېتىدۇ. يېڭى ئورۇنغا چىققان موللا ئەيسانىڭ دىققىتى يەنە ئالدى بىلەن يىلمۇ يىل زىيان تارتىپ ئاتتىن چۈشۈش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن يېزىلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا مەركەزلەشتى. بۇ ئورۇننىڭ توك چىقىرىش سۈپىتى ناچار، توكى تۇراقسىز بولۇپ، ھەر كۈنى ئاران 75 كىلوۋاتلا توك تارقىتالايتتى. خەلقنى رازى قىلالمايلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىمۇ رازى قىلالماي كەلگەن بۇ ئورۇننىڭ خىزمىتى موللا ئەيسانىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇردى. ئۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆردى. ئەسلىدە بۇ ئورۇننىڭ 1974 ـ يىلىدىن تاكى 1986 ـ يىلىغىچىلىك مۇقىم ھېسابات دەپتىرى بولمىغانلىقتىن، پۇلنى كىم يىغسا شۇ خەجلەپ كەتكەن، پايدا ـ زىيان بىلەن ھېچكىمنىڭمۇ كارى بولمىغانىدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئىنقىلاپ چىققان موللا ئەيسا ئالدى بىلەن تەڭ تەقسىماتچىلىقنى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى باشقۇرىدىغان ئادەمنىڭ بولمىغانلىقىغا قارىتا يېڭى تۈزۈم بېكىتىپ چىقتى. مائاشنى خىزمەت ئۈنۈمىگە چاتتى. ئىلگىرىكى 75 كىلوۋات توك چىقىرالايدىغان ماتورغا يەنە بىر بۇزۇلۇپ قالغان ماتورنى رېمونت قىلدۇرۇپ چېتىپ، توك چىقىرىش قۇۋۋىتىنى 150 كىلوۋاتقا يەتكۈزدى. يەتتە نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىنى باشلاپ چىقىپ 1265 ئائىلە، 13 ئىدارە ـ ئورۇن، توقۇز مەكتەپنىڭ توك ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ بېكىتتى. ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن بىردىن مۇئامىلە ھېسابات دەپتىرى ئورناتتى، ھەر بىر كەنتنى بىردىن سىم يولى ئۇچاستىكىسى قىلىپ بېكىتىپ، مەخسۇس ئادەم قويدى. خادىملارنى ئۈچ ئىسمېنا بويىچە ئىشقا قويۇپ، ئىلگىرىكى سەككىز سائەت توك بېرىشنى 24 سائەتكە، ئادەمنى يەتتىدىن 12 گە كۆپەيتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مەخسۇس ۋەزىپە بەلگىلەپ، ھەر

ئايلىق يىغقان پۇلىنىڭ 15 پىرسەنتىنى ئىش ھەققى، بەش پىرسەنتىنى مۇكاپات قىلىپ بېكىتتى. مۇقىم مائاش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بارلىق يوچۇقلارنى ئېتىپ تاشلىدى. موللا ئەيسا كۆندۈزلىرى شۇنداق ئالدىراش ئىشلىگىنىگە قارىماي، كېچىلىرىمۇ ئىگىلىك يارىتىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى.

«ئىنسان جۈرئەت قىلىپ گەر تىكسە جانىنى،
يەرگە ئېلىپ چۈشەر ئېگىز ئاسماننى.»

ئىرادىلىك ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامغان بۇ ھەقىقەت موللا ئەيسانىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق يەنە ئىپادىلەندى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىشلەپچىقارغان يىللىق ئومۇمىي توك مىقدارى 470 مىڭ كىلوۋاتقا، ئومۇمىي كىرىمى 36 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 22 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئىش ھەققى بىلەن مۇكاپاتى 1750 يۈەنگە، تۆۋەنلىرىنىڭ 1100 يۈەنگە يەتتى. ئىستانسىنىڭ توك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1987 ـ يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسە، ساپ پايدىسى ئالتە ھەسسە، مائاش ئۈچ ھەسسە ئاشتى. چۆمۈچمۇ، قازانمۇ ماي بولدى. تەشكىل ھەم خەلق ئۆز ئوغلانىنىڭ جاپالىق خىزمىتىنى ھەم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز ماكانى ئۈچۈن چاقناپ تۇرغان يالقۇنلۇق مۇھەببەتنىڭ ئىزناسىنى كۆردى. ئۇ شۇ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالاندى ھەم يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

## چاكارنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم باشقىلارنىمۇ چۈشەنمەيدۇ، لېكىن ئۆزىنى قەدىرلىگەن ئادەم باشقىلارنى قەدىرلىمەي قالمايدۇ. موللا ئەيسا رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى قەدىرلەش بەدەلىگە باشقىلارنى قەدىرلىدى. مانا ئۇنىڭ يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغىنىغا بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنى ئىشخا-

نىسىدىن زادىلا تاپقىلى بولمايتتى. يېزىدا ئۇن زاۋۇتىنىڭ قىسلىقىنى ھېس قىلغان موللا ئەيسا بىر كۈنى يېزىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. بۇ تەكلىپ قوشۇلۇشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، يېزا 20 مىڭ يۈەن دەسمايە بىلەن بىر ئۇن زاۋۇتى سېتىۋالدى. ئۇ، ماشىنا قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى بىلگەچكە، زاۋۇتنى قۇراشتۇرۇش ئىشىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ 15 كۈن كېچە ـ كۈندۈز ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاخىرى بۇ زاۋۇتنى قۇراشتۇرۇپ، ئىشقا كىرىشتۈردى.

— ئەمدى زاۋۇتنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس بىر تېخنىك تەربىيەلەپ يېتىشتۈرسەك بولغۇدەك، — پارتكوم شۇجىسى جاڭ لىكۈننىڭ بۇ سۆزى موللا ئەيسانىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولۇپ، ئوتلۇق كۆزلىرى ئۈستىدىكى قارا، قويۇق قاشلىرى لىكىلداپ كەتتى.

— ئەگەر مەن ماشىنا باشقۇرۇشنى بىلمىگەن بولسام تېخنىك تەربىيىلىسەك بولاتتى، تېخنىك تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان خىراجەتنى باشقا ئىشقا ئىشلىتەيلى، زاۋۇتنى مەن ئۆزۈم قوشۇمچە باشقۇرىمەن.

موللا ئەيسانىڭ جىددىي ھەم قەتئىي تەلەپپۇزدا ئېيتىلغان سۆزلىرى جاڭ شۇجىنى قاتتىق خۇشال قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، موللا ئەيسانىڭ يىرىك قوللىرىنى ئامبۇردەك قىستى. كۆڭلىدە ئۇ، موللا ئەيسانىڭ ئەمەلىي ئىشلەش روھىغا قايىل بولماي تۇرالمىغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى، موللا ئەيسا خىزمەتنىڭ ھەر قانچە ئالدىراشچىلىقىغا قارىماي، كۈندە بىر ـ ئىككى قېتىم زاۋۇتنى يوقلاپ تۇردى. مەسىلە كۆرۈلسە ھەل قىلدى. بۇزۇلۇپ قالسا ئۆزى رېمونت قىلدى. 1989 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بۇ زاۋۇتنىڭ توك تەقسىملەش ماتورىدىن تۇيۇقسىز چاچراپ چىققان ئوت جىددىي ماشىنا رېمونت قىلىۋاتقان موللا ئەيسانىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى، قوللىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چىرايى يارىلاندى. بىكار تۇرۇشنى خالىمايدىغان ئىشچان بىلىكى بىنت بىلەن تېڭىپ قويۇلدى.

لېكىن، ئۇ دوختۇرخانىدا ياتمىدى، باشقىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تە-شەببۇسىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى. بىر تەرەپتىن دورا يەپ، يەنە بىر تەرەپ-تىن ئىشلەۋەردى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق كۆيۈنۈپ ئىشلىشى ئارقىسىدا، زاۋۇتنىڭ يىللىق پايدىسى 37 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، زاۋۇت قۇرۇشقا سالغان مەبلەغنى كېيىنكى يىلىلا قايتۇرۇپ بولدى ھەم يامانسۇ يېزىسى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى خىزمىتىدە ناھىيە بويىچە ئىلغار ئورۇن، موللا ئەيسا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى بۇ يېزا يەنە قا-نۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىدە ناھىيە ۋە ۋىلايەت بو-يىچە، موللا ئەيسا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار بولدى. شان ـ شەرەپ يامانسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىنلىرىدا يېقىملىق كۈي بولۇپ تارقالدى. موللا ئەيسانىڭ ئورۇق يۈزىدە ئۈمىدۋارلىق نۇرى چاقنىدى. كۆزلىرىدە ئىنتىلىش، ئىشەنچ ئىپادىسى ئەكس ئەتتى.

## قاقاسلىقتا «يېشىل كارخانا» قۇرۇش

1989 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ئوتتۇرىغا قويغان بوز يەر ئېچىپ، يەرلەرنى سالالاشتۇرۇش شوئارى يامانسۇ يېزىسىدا چاقماق تېزلىكىدە ئەمەلىيلەشتى. موللا ئەيسا قوماندان-لىق قىلغان بوز يەر ئېچىش قوشۇنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ھەرىكەت باشلاپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك 750 مو تاشلاندۇق يەرنى سالالاشتۇردى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جى فۇپىڭ، ۋالىي قاھار ئەمەتلەر بۇ يېزىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، يامانسۇ يېزىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا:

ـ بۇ يەرنىڭ ئىستىقبالى زور ئىكەن، سىلەر بۇ ئورۇننى يېزا باشقۇرۇشىدىكى «يېشىل كارخانا» قىلىپ قۇرۇپ چىقساڭلار بولىدى-كەن، ـ دېدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ بۇ ئۈمىدى موللا ئەيسانىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشلەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى. ئۇ يېزىدا چاقى-رىلغان ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىدىن كېيىنلا، ۋېلىسىپىت مىنىپ

سالالاشتۇرۇلغان يەرگە كېلىپ، «يېشىل كارخانا» قۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇردى. ئۇ قىر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاچچىق تاماكىنى قېنىپ، قېنىپ شورىدى. ئۇنىڭ خىيالى ئاللىقاچان مۇشۇ نۇقتىغىلا مەركەز-لەشكەنىدى. ئۇ شۇ ئولتۇرغانچە ئەتراپنى كۆكۈم پەردىسى قاپلىغانلىقى-نىمۇ سەزمەي قالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي «يېشىل كارخانا» قۇرۇش دولقۇنى باشلىنىپ كەتتى. لېكىن، موللا ئەيسانىڭ بېشى قېتىپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلدى. ئۇ بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا بولمايتتى.

ـ بىرەر سائەت بولسىمۇ يېتىپ ئارام ئېلىۋالسىڭىز بولماسمىدى؟ ـ موللا ئەيسا دورىسىنى ئىچىپ، ئىشقا مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئۇنىڭ ئايالى كايىپ كەتتى، ـ ئۆزىڭىزنى ئاسراشنىمۇ بىلىڭ، بەزىدە كېچە ـ كې-چىلەپ ئۆيگىمۇ قايتىپ كەلمەيسىز، سىز رەھبەر بولغاندىكىن خامانغا، ئېتىز بېشىغا بارمىسىڭىز نېمە بولاتتى؟

دېمىسىمۇ راست ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر كۈنىمۇ تۈزۈكرەك دەم ئال-مىغىنىغا خېلى ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ قالدى. ھە دېسىلا ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. پارتىيە ئەزا-لىرى ۋە يېزا كادىرلىرىنى سۈلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش، قوناق تېرىشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەشكىللىدى. دېھقانچىلىق ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ماددىي ئەشيالارنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. كەنت كادىرلىرىنى مول ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا مەسئۇل قىلدى. ئۆزىنى ھەر قاچان بىر ئاددىي چاكار ھې-سابلاپ، دېھقانلارنىڭ ئىش ئۈستىدە بۇزۇلۇپ قالغان ماشىنا ـ تراكتورلىرىدىن 20 نى، ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسىدىن 22 نى رېمونت قىلدى. مائارىپ ـ قالاقلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاچقۇچى. 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭخۇا تۇپرىقىنى پەقەت مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈش ئارقىلىقلا گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەن موللا ئەيسا يامانسۇ يېزىسىدىكى 7000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسىنى مائارىپقا پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئا-

نە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئۆزى ئالدى بىلەن 86 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن قىسقىغىنا بىر نەچچە ئاي ئىچىدە 70 مىڭ 400 يۈەن پۇل يىغىلدى. بۇنى ناھىيە بەرگەن 70 مىڭ يۈەنگە قوشۇپ، ئۈچ نۇقتىدا 760 كۋادرات مېتىر يەردىكى مەكتەپ ئۆيلىرىنى يېڭىلاش قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلدى. مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى يېڭىلاشتا يامانسۇ يېزىسى ناھىيە بويىچە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. 846 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور مىقداردا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. بۇنىڭ ھەممىسىگە ئۇنىڭ مونچاق ـ مونچاق تەرلىرى سىڭدى. ئەمدى ئۇ سالامەتلىكىنىڭ ئازراق ئۆزگىرىپ قېلىشىنى پەش قىلىپ، «يېشىل كارخانا» قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىش ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويسا قانداقمۇ خاتىرجەم بولالىسۇن؟!

ئۇ ئايالىنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىگە جاۋاب قايتۇرمىدى. گويا گاچا ئادەمدەك بېشىنى يېنىك قىمىرلىتىپ قويۇپ، ئۇنىدىمەستىن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

تۆت پەسىل ئۆز رىتىمى بويىچە ئۆتتۈۋەردى، بەزىدە بوران چىقتى، بەزىدە يامغۇر، بەزىدە مۆلدۈر ياغدى. لېكىن، موللا ئەيسا قوماندانلىق قىلغان ھەيۋەتلىك قوشۇن يۈگۈك روھى بويىچە توختىماستىن جەڭ قىلىپ، «يېشىل كارخانا» قۇرۇش دولقۇنىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. سالالاشتۇرۇلغان يەرنىڭ 230 موسىغا «تاگشەن» سورتلۇق بۇغداي تېرىلدى. بۇ يەردىن 100 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا ئەلا سورتلۇق بۇغداي ئۇرۇقى يىغىۋېلىندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىنىڭ سورتلۇق بۇغداي ئۇرۇقىنى باشقا جايدىن يۆتكەپ كېلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئۇرۇقنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. شۇ يىلىلا بۇ يەردىن چىققان ئۇرۇقتىن 40 مىڭ يۈەن كىرىم بولدى. قالغان كۆلەمگە ئورمان تىكىلىپ، باغ بىنا قىلىندى. قاقاسلىق يېشىل تون كىيدى. شورتاڭلىق گۈلزارلىققا، گۈزەل باغچىغا ئايلاندى. ئىلگىرى بۇ يەردە «ھېچنېمە ئۈنمەيدۇ» دەپ جار سالغۇچىلار بىپايان كەتكەن بۇ يېشىل ۋادىنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي

قىلىشتى. مەيىن شامالدا چايقىلىپ ئۆسۈۋاتقان ئالتۇن باشاقلار بىلەن شاخلىرى ئېگىلىۋاتقان مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆرگەن يامانسۇلۇقلار-نىڭ ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈمىدى ۋە ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇدىن ئىبارەت ئۈچ مىللەت خەلقى موللا ئەيساغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى. موللا ئەيسا ناھىيىلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا شەرەپ مۇنبىرىگە چىقىپ، مەيدىسىگە قىزىلگۈل تاقىغاندا، ئۇنىڭ قەلبىنى ھاياجان تۇيغۇسى چىرمىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ «يېشىل كارخانا» قۇرۇش يولىدا تارتقان جاپالىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

## بوز كەنتكە تۆكۈلگەن ئەجىر

موللا ئەيسانىڭ بۇ يېزىنىڭ بوز كەنتىدە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئىلگىرىكىدىنمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بوز كەنتىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ۋە مەدەنىيەت، تېخنىكا ساپاسى يېزا بويىچە ئەڭ ناچار بولۇپ، ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئادىتى دېھقانلارنىڭ مېڭىسىگە پولات چوۋىق بىلەن ئۇيۇلغان گۈلدەك ئورناپ كەتكەچكە، ئۇلار تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامال تاپالمىغان غېرىبتەك تولىمۇ ساددا، تولىمۇ بىچارە ھالەتتە ياشايتتى. ئۇلارنىڭ غورىگىل تۇرمۇشى ئۆزىگە غورىگىل تۇيۇلمايتتى. پۈتكۈل يەر شارىنىڭ ھەممە يېرى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىغا يۈرۈش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بوز كەنتىنىڭ تېخىچە بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى موللا ئەيسانى قاتتىق ئويغا سالدى. ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دېھقانلار بىلەن سىردىشىش ئارقىلىق، بۇ يەردىكى ئاممىنىڭ تېخىچە يېڭى تېخنىكىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. «بۇ نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن؟» موللا ئەيسا يەنە كېچىلەپ خىيالغا پاتتى. «ئاتقا مىنمەسلىك كېرەك، مىنگەندىن كېيىن ۋايجان دېمەسلىك كېرەك، بۇ كەنتنى ئۆزۈم تاللىغان، چوقۇم ئۆزۈم ئۆزگەرتىشىم كېرەك». موللا ئەيسا ئۇزاق، ناھايىتىمۇ ئۇزاق ئويلى-

نىش ئارقىلىق بۇ قارارنى چىقاردى. ئۇ خاتىرىسىگە بۇ كەنتنى ئۆزگەرتىپ چىقىش توغرىسىدا بىر نەچچە تۈرلۈك تەدبىرنى يېزىپ بولغاندا، ئاسماندا يۇلتۇزلار غايىب بولۇپ، توخۇلار چىللاشقا باشلىغانىدى.

ئىشچان ئادەملەر ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش تولىمۇ راھەت، تولىمۇ تەملىك تۇيۇلىدۇ. موللا ئەيسا يەنە 1 ـ سەپتىكى جاپالىق خىزمەتنى باشلىۋەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن كەنت كادىرلىرى ۋە دېھقانلار ئىچىدىكى ئاكتىپلارنى يىغىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىش، ئۈلگە ئېتىزلىرىنى بەرپا قىلىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۆزى ئاكتىپ تەشۋىقاتچى بولۇپ، مەھسۇلاتنى، ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ئائىت تۈرلۈك تېخنىكا بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى. كەنت كادىرلىرىنى نەق مەيدانغا باشلاپ بېرىپ، تېخنىكىلىق سىناق ئېلىپ باردى. قىزىلچا تېرىش تاكى ھازىرغىچىلىك بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچراپ كەلگەنىدى. موللا ئەيسا بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، بۇ كەنتنىڭ 2 ـ مەھەللىسىدىن 10 مو يەرنى كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس قىزىلچا تېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. چۈنكى، ئەمەلىيەت كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت. ئەمەلىيەت كىشىنى يېتەكلەش، تەربىيىلەش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى دەرسلىك. لېكىن، يەرلەر ئوسا قىلىنىپ ئىش تەييار بولغاندا، كەنتنىڭ بۇ يەرگە سالىدىغان مەبلىغى يوق بولۇپ چىقتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ قىيىنچىلىق ئىچىدىن قىيىنچىلىق تۇغۇلماقتا. ھەر بىر قەدەمدە يېڭى بىر مەسىلە پەيدا بولماقتا. بۇنىڭ ھەممىسنى بىر موللا ئەيسا يالغۇز ھەل قىلىپ كېتەلەرمۇ؟ دېھقانلار نەزىرىنى يەنە موللا ئەيساغا ئاغدۇردى.

موللا ئەيسا بىر نەچچە ئاي ئىچىدە بۇ يەرنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق، تېرىقچىلىق، سۇ قۇرۇلۇش ھەم مەدەنىيەت، تېخنىكا ئۆگىتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. تالاي ـ تالاي دەم ئېلىش كۈنلىرى، بايرام كۈنلىرىنى ئېتىز بېشىدا ئۆتكۈزۈۋەتتى. خەلقنىڭ قوللىشى، ھۆرمىتى ھەم ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. ئەمدى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئازغىنە مەبلەغنىڭ يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ، دېھقانلارغا ئۈلگە كۆرسىتىش ئىد-

شىنى ئارقىغا سۆرەشكە بولارمۇ؟

«ياق، ياق، ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مەن ئۆز يېنىمدىن پۇل چىقىرىشىم كېرەك.» موللا ئەيسا بۇلارنى ئويلىغاندا، قۇياش ئاللىقاچان تاغ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئەتراپنى بىر خىل ئاچچىق شامال قاپلىغانىدى.

ئۇ ئەتىسىلا ئائىلىسىدىن 500 يۈەن پۇلنى ئېلىپ چىقتى. بۇ پۇل بىلەن ئۇرۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق كېرەكلىك بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ، تەييارلاپ قويغان يەرگە ئۆز قولى بىلەن قىزىلچا ئۇرۇقىنى سالدى. قىزىلچا تېرىلىپ ئۈنۈپ چىققىچە بولغان ئارىلىقتىكى پەرۋىشنى كۆچەيتتى. ئۈمىدۋارلىق ھاياتلىقنىڭ مەشئىلى. ئۈمىد ــ ئىنسان قەلبىنىڭ غەلىبە ئىشارىسى، ئىرادە بىلەن ئەجىر گۈزەل كېلەچەك ياراتقۇچى نۇر. ئىنسانلار پەقەت ئۈمىد بىلەن ياشىسا ھەم ئۈمىدنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئەجىر قىلىش، تەر تۆكۈش، ئىزدىنىشتىن باش تارتمىسا، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ ئارتۇق، بۈيۈك، ئەتىۋارلىق نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. موللا ئەيسانىڭ ئۈمىد، ئىزدىنىش، ئەجىردىن يۇغۇرۇلغان ھاياتلىق سىمفونىيىسى بىپايان كەتكەن بۇ ئانا تۇپراقتا خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى سۈزۈك ئاسماندەك پارلىدى. ئۇ تېرىغان قىزىلچىلار تەكشى ئۈنۈپ چىققاندا، بوز كەنتىدىكى دېھقانلار ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن موللا ئەيساغا كۆز تىكتى. موللا ئەيسا يەڭ ۋە پۇچقاقلىرىنى تۈرۈۋالغان بولۇپ، پېشانىسىدىن سۈزۈك تەرلەر سىرغىپ چۈشەتتى. ئۇ قىزىلچا تېرىغان ئېتىزنىڭ قىرىدا تۇرۇپ، دېھقانلارغا ھەدەپ قىزىلچا تېرىشنىڭ ئۇسۇلى، ئەھمىيىتى ۋە پايدىسى توغرىسىدا سۆزلىمەكتە ئىدى.

ـ بۇ ئون مو يەردىكى قىزىلچىدىن ئاز دېگەندە 40 توننا ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. بۇنى ئوتتۇرا ھال باھادا سېتىپ چىقارساق، ئاز دېگەندە 5000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلالايمىز. بۇ بىر تەرەپتىن، ناھىيىمىزنىڭ شېكەرچىلىك مەنبەسىنى كۆپەيتىش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىمىزنى كۆپەيتىپ، تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلاش رولىنى ئوينايدۇ. مانا بۇ ئىنقىلاب، مانا بۇ تېخنىكا.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دېھقانلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. مولـلا ئەيسانىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بۇ يىل پۈتۈن يېزا بويىچە تېـرىلغان قىزىلچا كۆلىمى 1000 موغا يەتتى. دېھقانلار ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك قىزىلچا تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. تاڭ نۇرى بوز كەنتىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە يورۇقلۇق ئېلىپ كەلدى. مەدەنىيەت، تېخنىكا شامىلى دېھقانلارنىڭ قاتمال قەلبىنى ئىللىتىپ، روھىنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار موللا ئەيسادىن ئىبارەت قابىل، تەدبىرلىك، ئەمەلىيەتچان رەھبەرگە چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتتى.

## شادلىنىش

چىرايلىق ئېچىلغان گۈلنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ. مولـلا ئەيسا ھەققىدە گەپ ئېچىلغاندا، ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ماختىشىپ كېتىدۇ. مەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەخمۇت مۇھەممەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، موللا ئەيسا ھەققىدىكى چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «موللا ئەيسا ھەقىقىي كوممۇنىست. ئۇنىڭ يامانسۇنىڭ كەلگۈنگە تاقاپىل تۇرۇش، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە ھېچكىممۇ كۆز يۇمالمايدۇ. ئىلگىرى يامانسۇدا ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇلار ئارىسىدا دائىم ئىتتىپاقسىزلىق يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئۇنى ئىلگىرىكى بىر نەچچە قارارلىق يېزا مەسئۇللىرى ئوڭشاپ كېتەلمىگەن، موللا ئەيسا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئىشلار ئۆز رىتىمىغا چۈشتى. ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، قىرغىز، خەنزۇلارمۇ ئوخشاشلا ئامراق.» مەخمۇت شۇجىنىڭ ئېيتىشىچە، ناھىيە ئورۇنلاشتۇرغان ھەر قانداق ئىش يامانسۇدا ئەڭ بالدۇر ئەمەلىيلىشىدىكەن. يېزىنىڭ بىر ئوتتۇرا ياشلىق كادىرى ماڭا مۇنداق دېدى:

— موللا ئەيسادا رەھبەرلىك كىبىرى يوق. ئۇنىڭ كىيىنىشى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئۆز ئەينى سۇ كادىرىغا ئوخشايدۇ، ئۇستىۋېشىدا تو-

پا ـ چاڭ ئېرىمەيدۇ.

يەنە بىر مەسئۇل يولداشنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، موللا ئەيسا پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشتەك كادىرلارغا ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. 1987 ـ يىلى كوللېكتىپنىڭ چارۋىسىنى شەخسىيلەرگە سېتىپ بەرگەندە، يېزا كادىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەرزان باھادا بىر نەچچە تۇياقتىن چارۋا سېتىۋالغان، لېكىن موللا ئەيسا بىر تۇياقمۇ چارۋا سېتىۋالمىغان.

ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئېچىش مەركىزىدىن كەلگەن بىر تېخنىك موللا ئەيسادىن ئالغان تەسىراتىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى:

— يامانسۇدا ھەر بىر يېڭى تېخنىكا موللا ئەيسا ئارقىلىق كېڭەيتىلدى. بۇغداي سورتلىرى ھەر يىلى نىسبەت بويىچە يېڭىلىنىپ تۇردى. شۇڭا ئاشلىق مەھسۇلاتى تېز سۈرئەت بويىچە ئۆرلەپ ماڭدى. ئۆتكەن يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات 5 مىليون كىلوگرامغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 600 كىلوگرامغا يېقىنلاشتى. بۇ يامانسۇدەك بىر كىچىك يېزىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى نامايان قىلدى.

## خاتىمە

ھايات تولىمۇ قىسقا، ئۇ گويا مىلتىقتىن چىققان ئوقتەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، قۇمغا سىڭگەن سۇدەك توساتتىن غايىب بولىدۇ. مۇشۇنداق قىسقا ھاياتلىق سەپىرىدە ئەقىللىق ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سانسىزلىغان ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ھارماي ئىزدىنىدۇ. ۋۇجۇدىدىكى بارلىق كۈچ ۋە ئەقىل ـ ئىدراكىنى باشقىلار ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. بۇنداق ئىنساننىڭ تۆھپىسى خەلق قەلبىگە خۇددى تاغ چوققىسىدا مەزمۇت تۇرۇۋاتقان ئېلى قارىغايلىرىنىڭ يىلتىزىدەك ئورناپ كېتىدۇ. موللا ئەيسانىڭ يامانسۇ قىرغىز مىللىي يېزىسىغا سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە ياراتقان تۆھپىسى بۇ يەردىكى

خەلقىنىڭ قەلبىگە ئورناپ، ۋۇجۇدىغا سىڭ بولۇپ سىڭىپ كەتتى. ئۇ بىۇ يىل 1 ـ ئىيۇلدا ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە «مۇنەۋۋەر كوممۇنىست» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەنگەندە، تېخىمۇ چوڭ غەيرەتكە كەلدى. ئۇ چەك-سىز دالىغا، كۆڭلىگە گۈللىنىپ، يېڭى قىياپەت يارىتىۋاتقان ئانا زېمىنغا مۇھەببەتلىك كۆزىنى تىكتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئانا زېمىن ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان بىر ئوت توختاۋسىز يالقۇنجايتتى، ئۇنى يەنىمۇ ئال-غا ئۈندەيتتى.

1991 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۇچتۇرپان

# ئۇمۇ گويا بىر چىدامىلىق توغراق

توغراق قۇرغاقچىلىققا، ئاچچىق شور تۇپراققا چىدامىلىق بولۇش- تەك ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان دەرەخ.

ئاۋات ناھىيىلىك توغراق ئورمانچىلىق مەيدانى 3 ـ تۈەن ئورمان مۇھاپىزەت باش پونكىتىنىڭ باشلىقى ئىمىنجان ئىبراھىممۇ خۇددى ئۆزى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ئاشۇ توغراقلاردەك چىدامىلىقى، قەيسەرلىكى بىلەن قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش كەسپىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇۋاتقان ياشلارنىڭ بىرى.

تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان 3 ـ تۈەن ئورمان مۇھاپىزەت باش پونكىتى ئاۋات ناھىيىلىك توغراق ئورمانچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق چوڭ پونكىت بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋەسىدە يەنە تۆت تارماق پونكىت بار. باش پونكىتنىڭ مۇھاپىزەت رايونى ئومۇمىي كۆ- لىمى 223 مىڭ مودىن كۆپرەك تەبىئىي توغراق ئورمىنى بىلەن چوڭ چاتقال ئورمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شەرقى مول ھوسۇللۇق 3 ـ مەيدانى، غەربى مارالبېشى ناھىيىسى، شىمالى قەشقەر دەرياسىغا تۇتىـ- شىدىغان بۇ پونكىتنىڭ تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى ناچار، دائىرىسى كەڭ، قاتنىشى قۇلايسىز، ئادەم كۈچى ئاز بولۇپ، ئىمىنجاننىڭ بۇ يەردە ئورمان مۇھاپىزەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا 23 يىل، پونكىت باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا تۆت يىل بولدى. ئۇنىڭ 40 يىللىق ھاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسى مۇشۇ چۆل ـ جەزىرىدە ئۆتتى. ئۇ

بۇ جەرياندا مۇھاپىزەت رايونىدىكى ھەر بىر تۈپ توغراقنى كۆز قارى‐چۇقىدەك ئاسراپ، ئورمان بايلىقىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنىڭ ئۇ‐نۈملۈك ئالدىنى ئالدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىقى تۈ‐پەيلىدىن، تەبىئىي توغراق ۋە باشقا چاتقاللىق ئورمان كۆلىمى ئازلاپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇزۇلدى. قۇملۇق كۆلىمى كېڭىيىپ، تەبىئىي ئاپەتلەر كۆپەيدى. ئىمىنجان بۇ خىل ناچار ھالەتنى ئۆزگەرتىشتە ئاز ساندىكى كەسپىي ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرىگە تايىنىپلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىشنى ئالدى بىلەن ئورمانچى‐لىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىشتىن باشلىدى. ئۇ دائىم مۇھاپىزەت رايونى ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان دېھقان ـ چارۋىچىلارغا «ئورمان قانۇنى»، «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» ۋە «ئورمان ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش نىزامى» نى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېكو‐لوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈردى. مۇھاپىزەت رايونى ئىچىدىكى 50 تىن كۆپرەك چارۋىچى ئائىلىسى بىلەن دوستلۇق ئورنى‐تىپ، ئۇلارنى خالىس ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈر‐دى. ئىمىنجان بۇ كىشىلەرنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، تەبى‐ئىي ئورمان بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1993 ـ يىلى كۈزدە ئىمىنجان مارالبېشى بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئورمان رايونىنى تەكشۈرۈۋېتىپ، بىرتوپ كىشىنىڭ تۆت ئات ھارۋىسى بىلەن سەككىز تال چوڭ توغراق ياغىچىنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ ھارۋا ئىزىنى بېسىپ يەتتە كۈن ئىچىدە پىيادە 150 كىلومېتىريول يۈ‐رۈپ، يېزا ئىگىلىك 2 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 53 ـ تۈەن مەيدانىدىن بۇ يىپ ئۇچىغا ئېرىشىدۇ. شۇ چاغدا ئىمىنجاننىڭ ئېغىزىغا بىر نەرسە سالمىغىنىغا ئىككى كۈندىن ئاشقان بولسىمۇ، ئالدى بىلەن بۇ يەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، دېلونى پاش قىلىپ، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن قانۇن بويىچە 4500 يۈەن جەرىمانە ئالىدۇ. 1994 ـ يىل 5 ـ ئايدا، ئىمىن‐

جان چارۋىچى دوستلىرىدىن بۇ ناھىيىنىڭ ياڭزىرىق يېزىسىدىن كەل-
گەن يەتتە كىشىنىڭ بەش كالا ھارۋىسىدا ياغاچ ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن
خەۋەر تاپىدۇ. ئۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈ-
رۈپ، ھېلىقى كىشىلەرنى ئوغرىلاپ ماڭغان ئۈچ كۇب مېتىر ياغاچ بى-
لەن قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا 1300 يۈەن جەرىمانە قويىدۇ. بۇ
چاغدا ئۇلارنىڭ باشلامچىسى ئىمىنجانغا 300 يۈەن تەڭلەپ، بۇ ئىشنى
بولدى قىلىۋېتىشنى ئۆتۈنىدۇ. لېكىن ئىمىنجان پارىنى رەت قىلىپ
قالماستىن، بەلكى ئېلىشقا تېگىشلىك جەرىمانىنى تولۇق ئېلىپ، ياغاچ
ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاۋات ناھىيىسىدە كۆتۈرۈلگەن يەر،
سۇ بايلىقىنى ئېچىش قىزغىنلىقى داۋامىدا، تەبىئىي ئورمان بايلىقلىرىنى
بۇزۇپ، يەر ئېچىش ھادىسىلىرى قايتا باش كۆتۈرۈپ قالدى. ئىمىنجان
بۇنداق ئىشنى سەزگەن ھامان ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە
جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىغا ئەھۋالنى ئەينەن دوكلات قىلىپ،
ئۇلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، تەبىئىي ئورمانلىقتا قانۇنسىز يەر ئېچىش
قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى. 1994 ـ يىل 12 ـ ئايدا مول ھوسۇل-
لۇق 3 ـ مەيدانىدىكى بىر ئىشچىنىڭ مۇھاپىزەت رايونى ئىچىدە تەبى-
ئىي ئورمانىنى بۇزۇپ، 360 مو بوز يەر ئېچىش مەسىلىسى ئىمىنجاننىڭ
پاش قىلىشى ئارقىلىق، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن،
جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، ئاممىنى ئەمەلىي تەربىيىگە ئىگە
قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىشىغا بولغان
ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. نەتىجىدە، بۇ بىر
نەچچە يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە تەبىئىي ئورمانلىقنى بۇزۇپ، قالايمى-
قان بوز يەر ئېچىش دېلوسىدىن 21 ى پاش قىلىنىپ، 71 مىڭ يۈەن
جەرىمانە يىغىۋېلىندى. تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇۋېلىنغان 2500 مو
تەبىئىي ئورمانلىق قايتۇرۇۋېلىندى.

ئىمىنجان ئۆزى مەسئۇل بولغان مۇھاپىزەت رايونى ئىچىدە ئور-
مان بايلىقلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش،
ئورمانلىقتا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىللە، تە-

بىئىي ئورمانلارنى ياشارتىش، كۆپەيتىش خىزمىتىگىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان كەسپداشلىرى ۋە مۇھاپىزەت رايونىدىكى چارۋىچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5000 مودىن كۆپرەك ئورمانلىقنى سۇغىرىپ، قاغجىراپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن توغراقزارلىقنى قايتا كۆكىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھەر قانداق جاپالىق جايىنىڭمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. 3 ــ تۈمەن ئورمان مۇھاپىزەت باش پونكىتى جايلاشقان بەشقات دېگەن يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار بولغىنى بىلەن، پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر، سۇ بايلىقى مول ئىدى. ئىمىنجان يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ئەۋزەللىككە نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاممىنى يېتەكلەپ، باش ۋە تارماق پونكىت ئەتراپىدىن 500 موغا يېقىن بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، 10.5 مو يەردە مېۋىلىك باغ ۋە كۆچەتزارلىق بىنا قىلدى. باشقا يەرلەرگە ئوت ــ چۆپ، قوناق، كېۋەز، كۆكتات، قوغۇن ــ تاۋۇز تېرىدى. 400 تۇياققا يېقىن چارۋا ــ مال باقتى. بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن پونكىتنىڭ قوشۇمچە كەسىپ كىرىمنى كۆپەيتىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

يۇقىرىقى نەتىجىلەرگە ئاساسەن، ئىمىنجان يېقىندا مەملىكەت بويىچە قۇمنى تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

1996 ــ يىل ئۆكتەبىر، ئاۋات

# يىللار قوينىدا تاۋلانغان ئادەم

ئابدۇرېھىم يۈسۈپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك بانكىسى سىستېمىسىدا يېتىشىپ چىققان تۇنجى تۈركۈمدىكى 10 نەپەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىقتىسادچىنىڭ بىرسى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان ئەڭ پېشقەدەم كادىر ھەم ئەڭ پېشقەدەم ئۇيغۇر بانكا باشلىقى. ھازىر ئۇ ئالىي دەرىجىلىك ئىقتىسادچى. ئۇنىڭ 43 باھارى ۋە قىشى كەلپىندىن ئىبارەت چەت، نامرات ماكاندا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئالتۇندەك ياشلىقى، بۈركۈتتەك قىرانلىق چاغلىرى يىراق ـ يىراقلارغا ئۇزاپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭ چىرايىغا قو- رۇقلار سايە تاشلاپ، چاچلىرى ئاقىرىپ، بەدەن قۇۋۋىتى بىلەن كۆز نۇرى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا تېتىك كۆرۈنەتتى. شىللىسىنى بېسىپ تۇرغان بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇنى كې- چە ـ كۈندۈز كۈچ ئۇلاپ ئىشلەشكە مەجبۇرلايتتى. ئۇ مۇنداق دېي- دۇ: مەن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۆمرۈمنى بانكىدا ئۆتكۈزدۈم، مېنىڭ تەقدىرىم، ھاياتىم بانكا بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. مېنىڭ بارلىقىم يەنىلا بانكىغا مەنسۇپ...

1952 ـ يىلى ئالتۇن كۈز پەسلى. ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن 3 ـ يىللىقتىن دەرىجە ئاتلىتىپ بىراقلا 5 ـ يىللىققا چىققان ئابدۇرېھىم يۈسۈپ كەلپىن ناھىيىلىك بازار باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئازادە سىنىپتا پۈتۈن زېھنى بىلەن دەرس ئاڭلاۋاتاتتى. توساتتىن دەرسخانىنىڭ ئى- شىكى چېكىلدى. مۇئەللىم دەرھال دەرسنى توختىتىپ ئىشىكنى ئاچ- تى. ئىشىك ئالدىدا ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى سامساق

ئىبراھىم، مەكتەپ مۇدىرى ھەم بىر خەنزۇ كىشى تۇراتتى.

ــ جىددىي ئىش چىقىپ قالدى. سىز ئابدۇرېھىم يۈسۈپ، تۇرسۇن توختى، سايىم ئايۇپ قاتارلىق ئۈچ ئوقۇغۇچىنى چاقىرىپ قويۇپ، دەرسنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ،—دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇتقۇچىغا. ھايال ئۆتمەي ئۈچ ئوقۇغۇچى سىنىپتىن چىقتى.

ــ ماۋۇ كىشى ناھىيىلىك بانكىنىڭ باشلىقى فۇ پېڭدا بولىدۇ،— دېدى سامساق ئىبراھىم يېنىدىكى خەنزۇ كىشىنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ. ئارقىدىنلا بانكا باشلىقى فۇ پېڭدا مەقسەتنى ئېنىق ئېيتتى.

ــ سىلەرنىڭ ئوقۇشۇڭلار ياخشى ئىكەن، بىز مائارىپتىكىلەر بىلەن دېيىشىپ بولدۇق، سىلەرنى بانكىغا كادىرلىققا قوبۇل قىلماقچى. سىلەر ئاۋۇ قەغەزنى ئېلىپ ناھىيىلىك پارتكومغا كىرسەڭلار بولىدۇ،— دېدى ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ. بۇ ئۈچ ئوقۇغۇچى ھاڭ ـ تاڭ قالغىنىدىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قېلىشتى. ئۇلار رەسمىيەتنى بېجىرىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، دېگەندەك ناھىيىلىك خەلق بانكىسىغا ئىشقا چۈشتى. 10 نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بانكا ئۇلارغا مائاش تارقىتىپ بەردى. ئۆمرىدە بۇنچىۋالا جىق پۇل كۆرۈپ باقمىغان باللار قولىدىكى پۇلغا قاراپ نېمە قىلارنى نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمەي قېلىشتى. «بىز راستىنلا كادىر بولۇپتۇق، راستتىنلا كادىر بولۇپتۇق!» دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار خۇشاللىقتىن تايچاقتەك سەكرىشىپ. 16 ياشلىق ئابدۇرېھىم يۈسۈپنىڭ بانكا ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. 40 نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىنىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ بۇنداق تاسادىپىي باشلىنىپ قېلىشىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ۋە ئەقلىنى بانكىغا بېغىشلاشقا تىرىشتى. بۇ پۇل مۇئامىلە ئورنىدىكى ھەر بىر يىڭى ئىش ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە يىڭى ـ يىڭى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقى ۋە تىرىشچانلىقى تېزلا تەشكىلنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بانكا ئۇنى قەشقەر بانكا كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ

ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى ھەمدە مەكتەپ تەشكىلى تەرىپىدىن شەرەپ بىلەن ئىتتىپاق ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇ قايتىپ كېلىپلا 30 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاچال تىجارەت پونكىتىغا ئەۋەتىلدى. ئۇ كەنتمۇ كەنت چېپىپ يۈرۈپ ئامانەت توپلاپ، يېڭى قۇرۇلغان تىجارەت پونكىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. 1959 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تەشكىل ئۇنى يەنىمۇ جاپالىق بولغان ئاچال دائىرىسىدىكى گۈڭگۈرت كانىغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي، ئۇ يەرگە بېرىپ، تارقاق جايلاشقان كاننىڭ ھەر قايسى نۇقتىلىرى ئارىلىقىدىكى 70 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى ۋېلسىپت بىلەن بېسىپ ئامانەت توپلىدى ھەمدە 500 دىن ئارتۇق ئىشچىنىڭ مائاشىنى ۋاكالىتەن تارقاتتى. جاپالىق خىزمەت مۇھىتى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلىدى. ئۇ مول خىزمەت نەتىجىسىگە ئاساسەن، 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كان پارتكومى تەرىپىدىن پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى ھەمدە قوشۇمچە كان ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىنىپ، كان رايونىدىكى ياش ئىشچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشقا ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپە قوشتى.

1964 ـ يىلى 28 ياشقا كىرگەن ئابدۇرېھىم يۈسۈپ كەلپىن ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن كەسپىنى، يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنى تۇتتى. ئاساسىي قاتلامدا لۇشيەن تەربىيىسىگە قاتنىشىپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مالىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. بانكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جانلاندۇرۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ھەم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ تەقدىرلەندى. ۋىلايەتلىك پۇل مۇئامىلە سودا سىستېمىسىدا ھەم جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەشقەردە ئېچىلغان سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى كۇرسىدا تەجرىبە تونۇشتۇردى. ۋىلايەتتە ئېچىلغان تىجارەت پونكىت مۇدىرلىرى سىياسىي ئۆگىنىش كۇرسىغا دەرس ئۆتتى. بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورىنى ساغلام ئۆسۈپ

يېتىلىۋاتقان ئابدۇرېھىم يۈسۈپكىمۇ نەشتەردەك سانجىلدى. ئۇ ئاچال سۇ ئامبىرى، مەممەتتوقاي، ئىشتالىي كۆمۈر كانلىرىغا ئېلىپ بېرىلىپ، نەزەربەند ئاستىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى. يىللار رەھىمسىز، ئۇنىڭغا ۋاقتىدا يۈگەن سالمىسا، ئۇ خۇددى تاڭ ئالدىدىكى غۇر ـ غۇر شامالدەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆت يىل ئۆتۈپ، ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلدى ھەمدە يەنە ئاچال يېزىسىنىڭ جاڭگال تىجارەت پونكىتىغا ئەۋەتىلدى. بىر يىلدىن كېيىن ناھىيە تەشكىللىگەن 50 كىشىدىن تەركىب تاپقان يېزا مالىيىسىنى تەكشۈ-رۈش، ئىنقىلاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەر قايسى يېزا ـ كەنتلەرگە بېرىپ ئاجايىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ جەرياندا تۆت قېتىم كۇرس ئېچىپ، 180 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيلەپ يېتىشتۈر-دى. 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە مال ـ مۈلۈكنى ئېنىقلاپ چىقتى ھەمدە ۋىلايەت تەشكىللىگەن ئۆمەك تەركىبىدە ئىچكىرى ئۆل-كىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە باردى. 1978 ـ يىلى ئۇ مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە قايتىدىن ئولتۇردى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغۋار ئارزۇلار قايتىدىن بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ كەسپىي خىزمەتلەرنى يېڭىۋاشتىن ئىزىغا سالغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلامدىكى ئۈچ تىجا-رەت پونكىتى، ئۈچ ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىنى تەرتىپكە سېلىپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا ئەجەللىك زەربە بەرى. 1980 ـ يىل 1 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك بانكىسى خەلق بانكىسىدىن رەسمىي ئايرىلىپ چىق-تى. 1984 ـ يىلى ئابدۇرېھىم يۈسۈپ بانكا باشلىقى، پارتىيە ياچېي-كىسىنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ خادىملارنى بانكىنى سۆيۈشكە يېتەكلەپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەلپىنىنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنى بانكىنىڭ مۇھىم نىشانىغا ئايلاندۇردى. ئۇ خەلق بولمىسا، ئامانەت بولمايدۇ، دەپ قاراپ، ئۆزىدىن تارتىپ شو-پۇرلارغىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ، ئامانەت پۇلنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى زورايتىشقا تىرىشتى. مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئەلا مۇلازىمەتنى كەڭ قانات يايدۇ-

رۇپ، ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. ئابدۇرې-
ھىم يۈسۈپ دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى، ئىنتىزامنى باشلام-
چىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، پۇلنىڭ جايىغا ئىشلىتىلىشىگە ھەر ۋاقىت
كاپالەتلىك قىلدى. بانكىنىڭ تۈرلۈك تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈپ، باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. قەرز پۇل تارقىتىش
ئۆتكىلىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىشقا يول قويمىدى.
يېزا ــ بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلققە پايدىسى تېگىدى-
غان تۈرلەرنى يولغا قويۇشنى مەبلەغ سېلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا
ئايلاندۇردى. بانكىنىڭ 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىشى
بىلەن قۇرۇلغان ناھىيىلىك گۈلە ــ خورما زاۋۇتى زىيان تارتىپ، نا-
ھىيىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تاقىۋېتىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن،
ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق بانكا رەھبەرلىكىگە بۇ زاۋۇتنى ساقلاپ قېلىش،
قەرزنى سۈيلىمەسلىك تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى بۇ
زاۋۇت تاۋار ماركىسى ھەل قىلىپ، 1993 ــ يىلى قايتىدىن ئىشلەپچە-
قىرىشقا كىرىشىپ، 1994 ــ يىلى 30 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. ئۇ يەنە
زاۋۇتنىڭ كەم ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشىغا مەركەزنىڭ ئۆسۈمسىز
قەرز پۇلدىن 600 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بەردى. ئۇ 12 نەپەر يېزا
كرېدىت خادىمىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ھەر يىلى 6000 ئائىلە (قېتىم)
قەرز پۇل تارقىتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ئابدۇرېھىم يۈسۈپ بانكىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى، ئىشچى ــ
خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ئىشلار
قاتارىدا تۇتۇپ كەلدى. پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، پۇلنى يۆتكەپ
ئىشلىتىش، ئومۇمنىڭ پۇلىغا مېھمان چاقىرىش، سەيلە ــ ساياھەت قى-
لىش قاتارلىق «10 نى چەكلەش» بويىچە قاتلامۇ قاتلام مەسئۇلىيەت-
نامە ئىمزالىدى. بانكا ئامانلىقى، بانكا بىخەتەرلىكىنى قوغداش تۈزۈمى-
نى مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇ ئۆزى چوڭ يىغىنلاردا ئالتە قېتىم، ئاساسىي
قاتلامدا بەش قېتىم مەخسۇس ئامانلىق توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى.
ھېيت ــ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئېرىنمەي ئاساسىي قاتلامغا
بېرىپ، ئامانلىق ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەم نۇقتىدا تۇرۇپ، ئومۇمىي

دائىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ ئايالى زىلەيخان مۇنداق دېدى: «مەن بۇ ئادەم بىلەن توي قىلغىلى 30 يىلدىن ئاشتى، بۇ جەريانىدا بىرەر قېتىم ئۇنىڭ ھېيت ـ بايرامنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپ باققىنىنى ئۇقمايمەن، ھە دېسىلا خىزمەت، ئاشۇ خىزمەتنىڭلا گېپى...» دەرۋەقە ئابدۇرېھىم يۈسۈپ كېچىسى تېلېفوننى بېشىغا قويۇپ ياتاتتى. باشقىلار خاتىرجەم، شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇنىڭ يۈرىكى، خىيالى بانكىغا ئۇچۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتچان بولۇشى ئارقىسىدا، بانكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى يىلمۇ يىل ئالغا باستى. بانكىدا بىرەر قېتىممۇ ئىقتىسادىي ياكى بىخەتەرلىك مەسىلىسى يۈز بەرمىدى. ئۇ بانكىنىڭ ئىشخانا شارائىتىنى ھەم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاپ، بانكىنى ئىسمى جىسمىغا لايىق مەدەنىيەتلىك ئورۇنغا ئايلاندۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق خىزمەت ھاياتىدا ئۆزىگە كىر قوندۇرمىدى. بەلكى باشقىلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملارنى ئۆز قىممىتى بويىچە ۋاقتىدا قايتۇرۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شانلىق خىسلىتىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ يىللار قويىنىدا تۆككەن تەرى نامرات زېمىننىڭ مۇشۇ تۇپرىقىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ، پۇل سوراپ كەلگەن 30 دەك ئادەمگە دەرھال پۇل ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى.

1995 ـ يىل يانۋار، كەلپىن

# باغۋەن ئەجرى

1962 ـ يىل سېنتەبىردە ئاۋات ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ-نى پۈتتۈرگەن مولاۋۇدۇن ھوشۇر ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىكى تۆھپىسىگە ئاساسەن، ئانا مەكتىپى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى. كىچىكىدىنلا چوڭ بولغاندا ئوقۇتقۇ-چى بولۇشنى چىن نىيەت قىلغان مولاۋۇدۇن بۇ خىل شەرەپتىن ئىن-تايىن سۆيۈندى. ئۇ تۇنجى قېتىم دەرس مۇنبىرىگە قەدەم قويغاندا ئەمدىلا 18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياشلىق ئوت-لىرى چاقناپ، ۋۇجۇدىدىن تۈگىمەس شىجائەت ئۇرغۇدى، يۈرىكى ھاياجانغا، قەلبى ئۇلۇغۋار ئىستەك، ئۇلۇغۋار غايىلەرگە تولدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن 32 باھار ۋە قىش ئۆتۈپ كەت-تى. بۇ 32 باھار ۋە قىش مولاۋۇدۇننىڭ چاچلىرىغا بىلىنمەس ئاقلار-نى، چېكە ۋە يۈزلىرىگە روشەن قورۇقلارنى ھەدىيە قىلدى. ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقى، قەلبىدىكى ئۇلۇغۋار ئارزۇ ـ ئارمانلىرى نەچچە مىڭلىغان غۇنچىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاندى ھەم شۇلار ئۈچۈن سەرپ قىلىندى. ئۇ ئاخىرى مول تەجرىبىلىك، ماھىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى، يىراقنى كۆزلەيدىغان ئىرادىلىك مەكتەپ مۇدىرى بو-لۇپ يېتىشىپ چىقتى.

1963 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئۇ ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۆز يۇرتى تامتوغراققا يۆتكىلىپ كېلىپ، بۇ يېزىدىكى ئارال مەركىزى باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى ھەم ئۇزاق ئۆتمەي سىنىپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ساقلىنىپ

كېلىۋاتقان بوشاڭلىقنى، سولغۇنلۇقنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، مەكتەپ بويىچە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. شۇڭا، بىر يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئۇنىڭ دەسلەپكى تۆھپىسىگە ئاساسەن ئۇنى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ مەكتەپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى تەرتىپكە سالدى ھەمدە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى، تۇراقلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، دەرس ئۆزلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەكتەپ قىياپىتىدە جانلىق مەنزىرە پەيدا قىلدى.

بۇ يېزىدىكى سەككىز ئوتاق باشلانغۇچ مەكتىپى بارغانسېرى ئارقىغا چېكىنىپ، سىنىپ ۋە مەكتەپ مەيدانى چۆلدەرەپ قالغانىدى. بۇ مەكتەپنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ھەم ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئەينى چاغدا ناھىيە ۋە يېزىدىكى رەھبەرلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەرگە كىمنى ئەۋەتىش كېرەك؟ بىر نەچچە قېتىملىق مۇزاكىرە ئارقىلىق تەشكىل يەنە ئاخىرى موللاۋۇدۇننى بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكىدى. مائارىپ ساھەسىدە كۆندىن ـ كۈنگە پىشىپ يېتىلىۋاتقان موللاۋۇدۇن قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئەتىسىلا بۇ مەكتەپكە كەلدى. بۇ مەكتەپتە بەش سىنىپ، 250 ئوقۇغۇچى، يەتتە نەپەرلا ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئوقۇتقۇچى ئاز ھەم ئۇلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولغاچقا، بالىلار ئوقۇشقا قىزىقماي، مەكتەپكە كەلمەيدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىپ باراتتى. موللاۋۇدۇن ھوشيار ئالدى بىلەن ئىشنى ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە جەلپ قىلىشتىن باشلىدى. ئۇ سىنىپ مۇدىرلىرىنى باشلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە باردى. بەزىلىرىنى يېتىلەپ مەكتەپكە ئېلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بەردى. ئاتا ـ ئانىلار سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى، ئاندىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش، تاپشۇرۇق بېرىش جە-

ھەتتىكى جانسىز ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلىدى. ئۇلارنى كەسپىي، سىياسىي ئۆگىنىشكە پائال تەشكىللىدى. ئوقۇغۇچىلارغا بولغان غايە، ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتتى. ئۆزى ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئارقىدا قالغان سىنىپلارغا كۈندە بەش سائەت دەرس ئۆتتى ھەمدە سىنىپ مۇدىرلىقنى بىرلىكتە ئىشلىدى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق شۇ يىلىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 99 پىرسەنتكە يېتىپ، يېزىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى.

ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. موللاۋۇدۇن ھوشۇر سەككىز ئوتاق باشلانغۇچ مەكتىپكە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئارال باشلانغۇچ مەكتىپىدە روشەن چېكىنىش ئالامىتى يۈز بەردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىشى، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئارقىغا يېنىپ كەتتى. موللاۋۇدۇن ھوشۇر يەنە بۇ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەكتەپ ۋەزىيىتىنى ئوڭشىدى. ئۇ داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلارغا «تەلەپچان ئۇستازدىن يارامىلىق شاگىرت چىقىدۇ، سىلەر ئوقۇغۇچىلارنى قالامدىكىن دېمەي، ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇڭلار» دەپ تۇراتتى ھەمدە ئۆزى باشلامچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە كېيىنكى يىلى 5 ـ يىللىقتىكى 41 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا يېزا بويىچە 1 ـ بولدى.

تۆھپە ھامان قەدىرلىنىدۇ. 1970 ـ يىل 1 ـ ئايدا تەشكىل موللاۋۇدۇننىڭ مائارىپنى سۆيۈش قىزغىنلىقى ۋە بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىسىگە ئاساسەن، ئۇنى يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا يۆتكەپ، پۈتۈن يېزا مائارىپىنى تۇتۇشقا بەلگىلىدى. مەسئۇلىيىتى ۋە يۈكىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان موللاۋۇدۇن ھوشۇر ئۆزىنى تېخىمۇ سەگەك تۇتۇپ، سىياسىي ـ نەزەرىيىۋى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى ھەمدە پار-

تىيىنىڭ مائارىپ فاكۇلتىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، مائارىپنى كەلگۈسىگە، دۇنياغا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۈزلەندۈرۈش يولىدا قېتىرقىنىپ ئىزدەندى. مەكتەپلەرگە بېرىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرىنى تېپىپ چىقتى. مەكتەپلەر ئارا سېلىشتۇرۇپ بالاش، تۈرلۈك مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ، تامتوغراق يېزىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا يېڭى جانلىنىش ئېلىپ كەلدى. 1973 ـ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى ھەمدە مول تەجرىبىلىك مائارىپ ئىشلىرى خىزمەتچىسى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ھەم رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئېرىشتى.

1976 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاۋات ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ناھىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. مەكتەپ ئورنى، مۈلكى ھەم ھېچقانداق ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىسى بولمىغان بۇ مەكتەپكە تەشكىل يەنە موللاۋۇدۇننى مۇدىر قىلىپ بەلگىلىدى. 12 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، 321 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار بۇ مەكتەپ مۇقىم ئورۇنغا ئىگە بولمىغاچقا، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىللىقاچان ئىشلىتىشتىن قالغان كونا ئۆيلىرىدە ئوقۇش باشلىدى. ئۆيلەر ھەم كونا ھەم خەتەرلىك ئىدى. موللاۋۇدۇن مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا ئىدىيىدە قىلچە تەۋرەنمەي، مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى مول تەجرىبىسىگە ئاساسەن، يېڭى مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى ھەمدە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ قاتتىق ئىجرا قىلدى. بىر يىلدىن كېيىنلا بۇ مەكتەپ ناھىيە بويىچە ئىلغار مەكتەپ بولۇپ تەقدىرلەندى. ئوقۇتۇش سۈپىتى، تۈزۈمى جەھەتتە 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئېشىپ كەتتى. ئوقۇغۇچى سانىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ مەكتەپتە سىنىپ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. 1978 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى گۈل ـ گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان يارلىق، قاقاسلىقتىن 30 مو يەرنى بۇ مەكتەپكە

كۆرسىتىپ بەردى. موللاۋۇدۇن بۇ يېڭى قىينچىلىق ئالدىدا قىلچە تېڭىرقىمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يەنە بىر ئوت كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ يۇقىرىنىڭ ياردەم بېرىشىگە قاراپ تۇرماي، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، پۈتۈن ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، يارلىق، ئېدىرلىقلارنى تىندۇرۇپ، دۆڭلەرنى تۈزلىدى. يەرلەرنى تەكشىلەپ، كۆچەت قويدى. ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، 10 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرلىق مەيدان ياساتتى. 12 سىنىپ ۋە بىر قىسىم ئائىلىلىك ئۆيلىرىنى سالدۇردى. ناھىيە بازىرىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ياشلار مەيدانىدىن 10 مو قاقاس يەرنى ئېچىپ، ئۇنى مەكتەپنىڭ كىرىم مەنبەسىگە ئايلاندۇردى. 1979 ــ يىلدىن بۇيان مەكتەپ بۇ يەردىن يىلىغا 3000 يۈەن كىرىم قىلماقتا. 1992 ــ يىلى مەكتەپ يەنە ئالتە سىنىپنى كۆپەيتىپ سالدۇرۇش بىلەن بىرگە، مەكتەپنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلىدى. مەكتەپنى قۇرۇش، گۈللەندۈرۈش داۋامىدا موللاۋۇدۇن دۆلەتكە 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىمنى تېجەپ بەردى. ئۇ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئۈچ ئېغىزلىق تىجارەت ئۆيى سالدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىرىم قىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. ئۇ مەكتەپتىكى 19 سىنىپ، بەش ئىشخانىنىڭ ھەر بىرسىدە نەچچە 10 تەشتەكتىن گۈل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەكتەپ ئىچىدە 300 تۈپ مېۋىلىك دەرەخ، 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ماتېرىياللىق ئورمان يېتىشتۈرۈپ چىقتى. 10 يىلدىن كۆپرەك تىرىشىش ئارقىلىق بۇ قاقاس دىيار ئاخىرى گۈللەنگەن، مۇنتىزىم مەرىپەت باغچىسىغا ئايلاندى. 1991 ــ يىلى مەكتەپتە ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇتۇشنىڭ يېڭى مېتودلىرى ئۈستىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە تەشكىللەپ، جەمئىي 55 پارچە ماقالە يازدۇردى. دەرس تەييارلاش، تەستىقلاش، ئۆلگىلىك دەرس ئاڭلاش، تاپشۇرۇق بېرىش، تەكشۈرۈش، ئىمتىھان ئېلىش، تەكشۈرۈش قاتارلىق مۇھىم ھالقىلارغا

تۈزۈم بەلگىلەپ، كاۋاكلارنى پۈتتۈنلەي ئېتىپ تاشلىدى. مەكتەپنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىسى ناھىيىدىكى بىر قىسىم مەكتەپلەرگە كېڭەيتىلدى. مەكتەپنى نىشانلىق باشقۇرۇش، مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى لايىھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، قاتلاملار بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتىپ، مائارىپ ئىسلاھاتىغا پايدىسىز بولغان ئامىللارنى دادىل تۈگەتتى. ئۇنۇمى يوق، ئىلمىي بولمىغان تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، مەكتەپنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش يولىغا يېتەكلىدى. مەكتەپنىڭ نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتى ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، ئالاھىدە ئىلغار بولۇپ باھالاندى.

يولداش موللاۋۇدۇن ھوشۇر ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئۆزىنىڭ بىلىمىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، 1985 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ پېداگوگىكا ـ پسىخولوگىيە كەسپىدە ئوقۇدى ھەمدە باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ كۆپرەك بىلىم ئېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، 98 پىرسەنت ئوقۇتقۇچىنى ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە قىلدى.

ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا لىپى فېڭ، لەيىنىڭدىن ئۆگىنىش، «4 بولۇش، 5 نى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە، نامراتلارغا، مېيىپلارغا ياردەم بېرىشتە ئۆزى ئالدى بىلەن 300 يۈەن نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭ تەرتىپسىدە مەكتەپ بويىچە بىر نەچچە يىلدا 15 مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىندى. ئوقۇغۇچىلار تېپىۋالغان 22 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم ۋە پۇللار ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئۇ مەكتەپنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىي سەككىز ئورۇن بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقا ئورۇنلاردىكى كىشىلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقى ۋە

چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇش، زېھىن سىناش، نۇتۇق سۆزلەش، ئىنقىلابىي ناخشا ئېيتىش پائالىيەتلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرۇش ئارقىلىق، مەكتەپنىڭ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە، تۇراقلىشىش نىسبىتى 99.3 پىرسەنتكە، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى 99 پىرسەنتكە، مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى.

1985 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر باغۋەن» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. ئۇ 1984 ـ يىلى «5 بولۇش، 4 تە گۈزەل بولۇش» پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار ۋەكىللى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە يىغىنغا باردى. 1988 ـ يىلى ئالاقىدار تارماقلار ئۇنىڭغا «ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى» ئۇنۋانىنى بەردى. ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مائارىپ تارماقلىرى كۆپ قېتىم ئۇنى «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار مەكتەپ مۇدىرى» دەپ تەقدىرلىدى. مەكتەپنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 50 نەچچە قېتىم تەقدىرلەندى. ئۆتكەن يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بۇ مەكتەپتە پىئونېرلار خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، مەكتەپنىڭ بەزى تەجرىبىسىنى پۈتۈن ۋىلايەتكە كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. يېقىندا ئالاقىدار تارماقلار موللاۋۇدۇن ھوشۇرنى مەملىكەت بويىچە تەقدىرلىنىدىغان «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى» قىلىپ تاللاپ، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى يۇقىرىغا يوللىدى.

1991 ـ يىل ئاۋغۇست، ئاۋات

* * *

ئوقۇغۇچىغا بىر پىيالە سۇ بېرىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىدا ئاز دېگەندە بىر چېلەك سۇ بولۇشى كېرەك. بۇ تەلەپنى ئورۇنداش ئوقۇت-

قۇچىلىققا ئەمدىلا قەدەم قويغان بىر ياشقا نىسبەتەن ئانچە ئوڭاي ئەمەس. لېكىن 1979 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، كەلپىن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان قاھار مەپىز بىرىنچى قېتىم دەرس مۇنبىرىگە قەدەم قويۇپلا بۇ ئۆتكەلدىن غەلىبىلىك بۆسۈپ ئۆتۈپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

قاھار مەپىز يېڭى كېلىپلا ھەر ھەپتىسىگە 20 سائەتتىن ئارتۇق دەرس ئۆتۈشكە باشلايدۇ. كىچىكىدىن ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن قاھار مەپىز ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپە ئالدىدا قىلچە ھودۇقماي، تىرىشچان ئارقىلىق تەشكىلنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىدۇ. «تىرىشقان ئۇزار» دېگەندەك، ئۇ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ماتېماتىكا مېتودىكىسى بويىچە ناھىيىدىكى ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ دەرس بەرگەن 20 سىنىپتىكى 800 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ماتېماتىكا دەرسىنى ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى باشقا سىنىپلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. 1981 ـ يىلى ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئارا ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودىنى باھالاش پائالىيىتىدە قاھار مەپىز ناھىيە بويىچە «پەۋقۇلئاددە ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالىنىدۇ.

قاھار مەپىز دەرس ئۆتۈش بىلەنلا بولۇپ قالماي، سىنىپ مۇدىرى بولۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. 1985 ـ يىلى تولۇق 1 ـ يىللىق سىنىپتىكى جېلىل قاتارلىق دەرستە ناچار، ئەخلاقسىز ھەم تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار بەش نەپەر ئوقۇغۇچىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىپ، يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنى سىنىپتىكى ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ سىنىپ مۇدىرى بولغان سىنىپتىن ھەر مەۋسۇمدە يەتتە نەپەر ئوقۇغۇچى «3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولىدۇ. ئالتە نە-

پەر ساۋاقداش مەكتەپنىڭ ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشـ
مىسى قاتارلىق تەشكىلاتلىرىدا خىزمەت ئىشلەيدۇ. سىنىپ كوللېكتىپى
بىر نەچچە قېتىم مەكتەپ بويىچە «ئىلغار سىنىپ» بولۇپ باھالىنىدۇ.
ئۆزى مەكتەپ ۋە ناھىيە تەرىپىدىن بەش قېتىم «ئىلغار ئوقۇتقۇچى»
بولۇپ مۇكاپاتلىنىدۇ.

قاھار مەپىز ماتېماتىكىدىكى قىيىن تەڭلىملەرنى ئاددىي ئۇسۇلدا يېشىش، ئانالىز ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش ھەم تولۇقسىز يىللىقلارنىڭ ئالگېبرا ئوقۇتۇشى جەھەتتە كۆپ ئىزدىنىدۇ ھەم ماتېماتىكا ئوقۇتۇشى جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ چىقىدۇ.

بۇلتۇر ئۇرۇمچىدىكى بەزى مەكتەپلەردىن ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىش توغرىسىدا تەكلىپ ئالاقىسى كېلىدۇ. لېكىن، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كۈنسېرى ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بۇ ياش تالانت ئىگىسى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى كەلپىندە ئۆتكۈزۈش قارارىغا كېلىدۇ. تەشكىل قاھار مەپىزنىڭ بۇ خىل ئىسىل پەزىلىتىگە يۈكسەك باھا بېرىدۇ ھەم ئۇنىڭ خىزمەت ۋە ئۆگىنىشىگە پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆتكەن يىلى 9 ــ ئايدا ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىگە يۆتكەيدۇ.

ئۇ ھازىر بۇرۇنقى دەرس ئۆتۈش جەھەتتىكى تەجرىبە ــ ساۋاقلىرىنى ئۆزلۈكسىز يەكۈنلىگەن ئاساستا، يەنىمۇ ئىزدىنىپ، ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۆھپە قوشۇش يولىدا تىرىشماقتا.

1987 ــ يىل ئىيۇل، كەلپىن

# باھاردىكى قايناق مەنزىرە

باھار كېلىپ تەبىئەت ئىللىشى بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ جېڭى ئاۋات يېزىلىرىدا يەنە بىر جۇشقۇن، قايناق مەنزىرە ھاسىل قىلدى. دېھقانلار بىر يىللىق ھال ـ ئوقىتىنىڭ باھار ئايلىرىدىكى مۇشۇ تېرىلغۇغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا بىر ئائىلىدىكى ھەممە كىشى سەھەر تۇرۇپ ئېتىزلىققا قاراپ مېڭىشاتتى. بۇ يىل ئاۋات ناھىيىسىدىكى كېۋەز تېرىلغۇسى سۈپەت، سۈرئەت، ئۈنۈم جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىپ، كىشىنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرەتتى. ناھىيە، يېزا، كەنت كادىرلىرى ئېتىزلارنى ئايلىنىپ، دېھقانلارغا قوماندانلىق قىلىشنى بىر خىل مەسئۇلىيەت دەپ بىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئائىلىسىگە قايتمىدى.

ـ تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ناھىيىمىزنىڭ بۇ يىللىق كېۋەز تېرىلغۇسىدىكى بىر يېڭى بۆسۈش، — دەپ گەپ باشلىدى ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى توختى ھوشۇر يېزىلارنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، ـ بۇ يىل پاختىنىڭ باھاسى چۈشۈشتەك ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىپ، بىز ناھىيە بويىچە يەر ھەيدەش، ئۇرۇق سېلىش ھەققىنى تۆۋەنلەتتۇق. دېھقانلار ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىمكانقەدەر ئۆزى قىلدى. ئىلگىرىكى يىللاردا خىمىيىۋى ئوغۇتنى بانكا قەرزىگە تايىنىپ سېتىۋالاتتى، بۇ يىل بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى دېھقانلار ئۆزى ھەل قىلدى. نەتىجىدە بانكىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك 53 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئېلىنمىدى. بۇنىڭغا ئاز دېگەندىمۇ 300 ـ 400 مىڭ يۈەن ئۆسۈم كېتەتتى. بۇ

يىل ناھىيە بويىچە تېرىلىدىغان 455 مىڭ مو كېۋەز ئۈچۈن 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كېتىدۇ، بۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى دېھقانلار ئۆزى چىقاردى، دېگەن گەپ.

ــ ئىلگىرىكى يىللاردا خىمىيىۋى ئوغۇت قارىغۇلارچە بېرىلەتتى، ــ دېدى توختى ھوشۇر ماڭا كەنت يولىدا كېتىۋېتىپ، ــ بۇ يىل ناھىيە بويىچە تۇپراقلار ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ ئىلمىي ئوغۇتلاش يولغا قويۇلدى، خىمىيىۋى ئوغۇت بەرگەندە يەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلدى. بىر مو يەرگە ئۈچ كۇب مېتىردىن مەھەللىۋى ئوغۇت، 20 كىلوگرامدىن فوسفورلۇق ئوغۇت، بەش كىلوگرامدىن كالىيلىق ئوغۇت بېرىلدى. ئازوتلۇق ئوغۇت يەرنىڭ ئۈنۈمىگە قاراپ بېرىلدى. ئىلگىرى بىر مو يەرگە دېھقانلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 580 يۈەندىن سېلىنما سالغان، بۇ يىل 380 يۈەندىن سالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل قىر ئۈستى ۋە يانلىرىغا كۆكتات، تاۋۇز، قىچا، زاراڭزا قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك زىيانلىق ھاشاراتلار زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ــ بۇ يىل جەمئىي 300 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنىڭ قىر ئۈستى ۋە يانلىرىغا يۇقىرىقى ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. بۇ بىر خىل جانلىق تەدبىر بولدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى چوقۇم ياخشى بولىدۇ جۇمۇ، ــ دېدى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دىلشاتمۇ گەپكە ئارىلىشىپ.

بىز ئايباغ يېزىسىنىڭ ئۈستۈنكى كەلپىن 2 ـ گۇرۇپپىسىدىكى 200 مولۇق سالا ئېتىز بويىغا كەلدۇق، يەرلەر تەكشى ئېلىنغان، بىر قىسىم جايلىرىغا ئۇرۇق سېلىنىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ بولغان. بىراق، ئېتىزدا ئىلگىرىكى يوپۇقلارنىڭ قالدۇقلىرى تۇراتتى.

ــ بۇ ئىش بولماپتۇ، يوپۇقلارنىڭ بۇ خىل قالدۇقلىرىنى تازىلىۋەتمىسە ئۇرۇق قانداق ئۈنىدۇ؟ ــ توختى ھوشۇر بىلەن دىلشات ئېتىز ئىچىگە كىرىپ يوپۇق قالدۇقلىرىنى تەرگەچ كايىپ كەتتى. يېزا باشلىقى ئابدۇغېنى موللا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىنتايىن خاپا بولدى

ھەم گورۇپپا باشلىقىنى چاقىرىپ :

ــ سىلەر مۇشۇنداق تېرىقچىلىق قىلساڭلار ئاقىۋەتتە كىمنى ئالدايسىلەر، بۇ زادىلا بولماپتۇ، دەرھال بۇنى بۇزۇپ، ئېتىزدىكى يوپۇق قالدۇقنى پاكىز تازىلاپ ئاندىن قايتا تېرىڭلار، ــ دېدى ــ دە، يېڭىدىن يېپىلغان سۇلياۋ يوپۇقلارنى بۇزۇپ ئېلىۋەتتى. دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىكىنى ھېس قىلغاچقا ئىنتايىن خىجىل بولغىنىچە يەرلەرنى تازىلاشقا كىرىشتى.

ــ بىر تال تۆشۈككە ئۈچ تالدىن ئالتە تالغىچە ئۇرۇق سېلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بىر مو يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا 56 تال تۆشۈك بولىدۇ، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا بىر مو يەرگە 5 ـ 6 كىلوگرام چىگىت ئۇرۇقى كېتىدۇ، ــ دېدى توختى ھوشۇر يەردىكى ئۇرۇق سېلىنىپ بولغان تۆشۈكچىلەردىكى ئۇرۇقنى تەكشۈرگەچ. بەزى تۆشۈكلەرگە ئۇرۇق ئۆلچەملىك چۈشكەن، بەزىلىرىگە ئاز چۈشۈپ قالغان، رەھبەرلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تۈزىتىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى. كەنت كادىرلىرى، دېھقان تېخنىكلار ئېتىزمۇ ئېتىز ئارىلاپ بۇ خىل ئەھۋالنى ۋاقتىدا تۈزەتتى.

تۆۋەنكى كولاس 2 ـ گورۇپپىسىدىكى ئىسمائىل سادىر ئۆتكەن يىلى 19 مو يەرگە كېۋەز تېرىپ، 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلغانىكەن. بۇ يىل 15 مو يەرگە كېۋەز تېرىماقچىكەن. مەن ئۇنىڭدىن «سىزنىڭ بۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىشقا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ يېڭى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ماڭا قاراپ :

ــ كېۋەز ھەر ھالدا يامان قىلمىدى. بۇ يىلغا كەلسەك، ھۆكۈمەت تەننەرخنى تۆۋەنلەتتى، سېلىنمىنى ئازايتىپ، بىزگە ھەقىقىي يار ـ يۆلەك بولدى. تېرىش كۆڭۈلدىكىدەك بولسا چوقۇم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. گەپ يەنىلا ئۆزىمىزدە. چۈنكى، ھوسۇل ئوبدان بولسا ئۆزىمىز نەپ ئالىمىز ـ دە.

دېھقان مۆمىن سۇلايمان ھويلىسىدا ماڭا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى : 1997 ـ يىلى 17 مو يەرگە كېۋەز تېرىپ، 26 مىڭ 500 يۈەن كىرىم قىلدىم. 1998 ـ يىلى 20 مو

يەردىن 35 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدىم، بۇ يىل يەنە 20 مو يەرگە كېـ-
ۋەز تېرىيمەن. بۇ يىل پاختىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىدىكەن، مەن
باغۋەنچىلىك، بولۇپمۇ ئۈجمىچىلىكنى چىڭ تۇتۇپ، كىرىمنىڭ ئېشىـ-
شىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمەن، بۇنىڭغا ئىشەنچىم بار.

قارىغاندا مۆمىن سۇلايماننىڭ خېلى ئېپى ھەم دىتى باردەك كۆ-
رۈنەتتى.

پاختا ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تۈۋرۈكلۈك كەسپى. ئۆتكەن يىلى
ناھىيە پاختىدا 1 مىليون دەنلىك ئۆتكەلدىن ھالقىپ ئۆتتى، بۇ يىل
يەنە ھەممە ئادەم مول ھوسۇل ئېلىشقا ئاتلاندى. جاپالىق ئەمگەك قىز-
غىنلىقى ئادەمنى تەسىرلەندۈرەتتى.

بىز ئايباغ يېزىسى تەۋەسىدىكى 16 كەنت، 67 ئىشلەپچىقىرىش
گۇرۇپپىسىنى ئاساسەن ئايلىنىپ چىقتۇق. نۆۋەتتىكى جىددىي، تەر-
تىپلىك ۋەزىيەت بىر قايناق مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى.

ھەقىقەتەنمۇ يىلنىڭ ئىشى باھارغا، كۈننىڭ ئىشى سەھەرگە باغ-
لىق ئىدى. بۇنى چۈشەنگەن ئاۋات دېھقانلىرى مۇشۇ كۈنلەردە قولـ-
دىكى ھەممە ئىشنى تاشلاپ، پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى تېرىلغۇغا
قاراتتى. ناھىيە رەھبەرلىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، دائىرىلەر بويىچە
مەسئۇل بولۇپ، 455 مىڭ مو كېۋەزنىڭ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك تېرىلـ-
شىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئايباغ يېزىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇغېنى مول-
لىنىڭ كىيىم ــ كېچەكلىرى، يۈز ــ كۆزلىرى توپىغا مىلىنىپ كەت-
كەن، ئۇ تېرىلغۇ باشلانغاندىن بېرى ساقال ــ بۇرۇتىنى ئېلىشقىمۇ
ۋاقىت چىقىرالمىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنى پەقەت ئېتىز بېشىدىنلا تاپ-
قىلى بولاتتى.

توختى ھوشۇر بىلەن دىلشات يېزىدىن ئۆسۈپ چىققان، كۈچ ــ
قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش كادىرلاردىن ئىدى. ئارام ئېلىش، بال-
دۇر ئائىلىسگە قايتىش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى. ھەر كۈنى
ئۇلارنىڭ ماشىنىسى يېزىغا قاراپ ماڭاتتى.

مۇخبىر يېزىلارنى، بولۇپمۇ ئېتىزلارنى ئارىلاپ، تېرىلغۇ سۈرئە-
تى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆردى. 2 ــ ئاپرېلدىن ئېتىبارەن ناھى-

يە بويىچە كۈنىگە 35 مىڭ مولۇق سۇرئەت بىلەن كېۋەز تېرىلغان. بەشئېرىق بازىرىدىن باشقا يېزا (بازار)، مەيدانلارنىڭ ھەممىسى «جۇڭمىيەن 17 ـ نومۇر» لۇق كېۋەز سورتىنى تېرىغان. ھاكىم مۇھەممەتجان ئابلانىڭ مۇخبىرغا تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يىل كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 120 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلۈپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتتا بۇلتۇرقىدىنمۇ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلىدىكەن.

دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى بۇلتۇرقىدىن يەنە 117 يۈەن ئاشۇرۇش ئاۋات ناھىيىسىدىكى ئىككى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئورتاق نىشانى ۋە ئىرادىسى ئىكەن. بۇ نىشانغا يېتىشتە يەنىلا پاختا ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا باھاردىكى تېرىلغۇ پەيتىنى چىڭ تۇتمسا بۇ نىشانغا يېتىش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ـ يېزىمىزدا ھەر 200 مو يەرگە بىردىن دېھقان تېخنىكىنى مەسئۇل قىلدۇق. يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر تېرىلغۇغا قوماندانلىق قىلماقتا. 1000 دىن ئارتۇق كىچىك تراكتور، 110 نەچچە كېۋەز تېرىش سىيالكىسى ھەرىكەتلەنمەكتە. بىز مۇشۇ سۇرئەتتە ماڭساق، 17 ـ ئاپرېل ئەتراپىدا يېزىمىزنىڭ تېرىلغۇ ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولىمىز، ـ دېدى ئابدۇغېنى ئىشەنچ بىلەن.

«ئادەم تەبىئەتنىڭ خوجايىنى، دېھقانلار يەرنىڭ خانى بولغاندىكەن، چوقۇم مول ھوسۇل قولغا كېلىدۇ» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە خىتاب قىلدىم مەن بۇ خىل قايناق مەنزىرىگە تويماي قاراپ...

1999 ـ يىل ئاپرېل، ئاۋات

# تەكلىماكان باغرىدا

ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدىكى تونۇردەك ئىسسىق كۈنلەردە، مەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە تەكلىماكان باغرىدىكى شايار ناھىيىسىنىڭ قايلۇر، تويبولدى، نۇرباغ يېزىلىرىدىكى مالىيە پونكىتلىرىنى زىيارەت قىلدىم. يول بويى كۆزۈمگە يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىنىڭ 40 گرادۇسلۇق تومۇز ئىسسىققا قارىماي، جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت جانلىق، تەسىرلىك مەنزىرە كۆرۈندى. ئېتىز بېشىدا، دېھقان ئائىلىلىرىدە، ئاشلىق پونكىتلىرىدا يەنە شۇ ئالدىراش مەنزىرىدىن باشقا نەرسە كۆزگە چېلىقمايتتى.

ـ بۇ يىل ناھىيە بىزگە 875 مىڭ 500 يۈەن يېزا ئىگىلىك ئۈچ خىل باج ۋەزىپىسى بەرگەنىدى،—دەپ سۆز باشلىدى قايلۇر يېزىلىق مالىيە پونكىتىنىڭ باشلىقى ياسىن داۋۇت بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتا قارىيىپ كۆيگەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئىشەنچ، شىجائەت نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بىردەملىك سۈكۈناتتىن كېيىن، گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قايلۇر يېزىمىزدا 24 كەنت، 3410 يېزا ئىگىلىك ئائىلىسى بار، بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يېزا بويىچە 62 مىڭ مولا تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. بىر نەچچە يىل ئىچىدە يېزا 25 مىڭ مو ئەتراپىدا بوز يەر ئاچتى. پەقەت بۇ يىل ئىچىدىلا 15 مىڭ مو ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىلدى. تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆپىيىشى يېزا ئىگىلىك باج كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولسىمۇ، ئۇ بىزگە ئاز بولمىغان جاپا ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئې-

لىپ كېلىدۇ. پونكىتىمىزدىكى ئالتە ئادەم ۋەزىپە ئېغىر، مۇساپە يىراق، قاتناش ئەسلىھەلىرى قىس شارائىتتا، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك باج كىرىم ۋەزىپىسىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بىز ناھىيە چۈشۈرگەن ۋەزىپىنى 1995 ـ يىلى 10 نەچچە مىڭ يۈەن، 1996 ـ يىلى 63 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدۇق.

شايار ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەممەت ھېلىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ پونكىت باج نورمىسىنى تەڭشەپ بې- كىتىشتە پۈتۈن ناھىيىدىكى پونكىتلارغا ئۈلگە بولغان. يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك باج كىرىمى پۈتۈن يېزا مالىيە كىرىمىنىڭ 30% تىنى تەش- كىل قىلغان. پونكىت ناھىيە ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى...

ماشىنا بىردەمدىلا تويبولدى يېزا بازىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يې- زىلىق مالىيە پونكىتىنىڭ ئازادە سەيناسىغا كىرىپ كەلدى. قاتار، رەت- لىك سېلىنغان ئىشخانا ۋە ئۆينىڭ ئىچىدىكى تاملارغا ئېسىقلىق ھەر خىل لەۋھە، تەقدىرنامىلار كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىر چىرايلىق بېزەلگەن يىغىن زالىدا پونكىت باشلىقى ھىمىت غوپۇرنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، بۇ پونكىتنىڭ خىزمەتلىرىدىن سۆ- يۈنۈپ كەتتۇق.

تويبولدى يېزىلىق مالىيە پونكىتى 1991 ـ يىلى قۇرۇلغان بو- لۇپ، پونكىتتا ئالتە نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىكەن. يېزا بويىچە 31 كەنت، 117 مەھەللە گۇرۇپپىسى، 33 مىڭ نوپۇس، 118 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار ئىكەن. بۇ يېزا جەنۇبتا تارىم دەرياسىنى كېسىپ ئۆ- تىدۇ، قۇملۇق رايونى خوتەن بىلەن تۇتىشىدۇ. مۇشۇنداق ئاھالىسى كۆپ، دائىرىسى كەڭ بىر زېمىندا مالىيە پونكىتى 1996 ـ يىلى جەم- ئىي 1 مىليون 584 مىڭ 740 يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك باج ۋەزىپىسىنى 104 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئۈلگە بوپ- تۇ. مالىيە پونكىتى سىياسەت، بەلگىلىمىنىڭ روھى بويىچە ئىش قى- لىپ، باجنى قارىغۇلارچە ئالماي، نېمە بولسا شۇنىڭدىن باج ئېلىش،

ئۇنۇمگە قاراپ باج بېكىتىش، باج مەنبەلىرىنى پائال قېزىش، يېتىلدۈ-رۈش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپتۇ. يىراق كەنت ـ مەھەللە-لەرنى بىرلىك قىلىپ، ھەر خىل ئۇسۇل، ھەر خىل شەكىللەر بىلەن باج قانۇنىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، باج تاپشۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى، باج تۈرى، باج نورمىسى قاتارلىقلارنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاپ، خىزمەت ئۈنۈمى، خىزمەت سۈرئىتىد-گە تولۇق كاپالەتلىك قىپتۇ، بۇ يىل ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى بۇ پونكىتقا جەمئىي 1 مىليون 686 مىڭ 280 يۈەن ۋەزىپە بەرگەندىن كېيىن، پونكىت باشلىقى ھىمىت غوپۇر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئاي-رىم ـ ئايرىم ۋەزىپە بەلگىلەپ، دائىرە، نۇقتا، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق ئاي-رىپ، مۇكاپاتلاش، جازالاش تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپتۇ. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر جاپا ـ مۇشەققەتتىن، ھېرىپ ـ چارچاشتىن، بوران ـ چاپقۇن ۋە چىدىغۇسىز ئىسسىقتىن قورقماي، ئائىلىمۇ ئائىلە، ئېتىزمۇ ئېتىز ئارىلاپ، باجنى توغرا، ئەمەلىي بېكىتىپ، دۆلەتنىڭ باج كىرىم ۋەزىپىسىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىپتۇ. 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلى-رىغىچە ئالاھىدە مەھسۇلات بېجىنى تولۇق ئورۇنداپ بولغاندىن سىرت، دېھقانچىلىق بېجىنىمۇ 85% ئورۇنداپ بولغان. ھىمىت غو-پۇرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يىل پونكىت بالدۇر تۈتۈش قىلغان. زىرائەت تۈرى، مەھسۇلات تۈرىگە ئاساسەن باج نورمىسىنى بەلگىلى-گەن. بۇ يىل دېھقانچىلىق بېجىلا بۇلتۇرقىدىن 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئاشىدىكەن. بۇلتۇر ئورۇندالغان باج كىرىمى ھەر بىر باج كادىرىغا 340 مىڭ يۈەندىن توغرا كەپتۇ. بۇ يىل تارىمنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئېچىلغىنىغا بەش يىل توشقان بوز يەردىن 20 نەچچە مىڭ مو بار ئىكەن، بۇ يەرلەردىن ئېلىنىدىغان باجغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ پونكىت تارىمنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يەنە بىر شۆبە پونكىت قۇرۇشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ. تويبولدى يېزىسى بويىچە ھەر يىلى 800 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا مائارىپ خىراجىتى يىغىلىدۇ. بۇنىمۇ يېزىلىق ما-لىيە پونكىتى قوشۇمچە يىغىپ باشقۇرۇپ كەلمەكتە. پونكىت پارتىيە

ياچېيكىسى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى نامايان قىلغان. شۇڭا بۇ پونكىتنىڭ خىزمەتلىرى ئۇدا بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلار ۋە يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ كەپتۇ. پونكىتنىڭ خادىمى خۇاڭ چىڭ 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەنگەن.

بىز نۇرباغ يېزىسىغا كەلگەندە كەچكى شەپەق زېمىننى قىزىللىققا پۈركىگەنىدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسىدىن كەلگەن ئابلا ئايدىن، شايار ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىدىن كەلگەن مۇھەممەت ھېلىم قاتارلىق رەھبەرلەر نۇرباغ يېزىلىق مالىيە پونكىتى باشلىقى رۇستەم ئاكىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىدىن كېيىن مۇنداق دېدى: ـ نۇرباغ دېھقانلىرى باج تاپشۇرۇش ئاڭلىقلىقى جەھەتتە ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئىلگىرى بۇ پونكىت دېھقانچىلىق بېجىنى ئاشلىق پونكىتىغا چىقىپ يىغىۋالاتتى. ھازىر دېھقانلار ئۇدۇل مالىيە پونكىتىغا كىرىپ تاپشۇرىدىغان بولدى...

نۇرباغ يېزىسى شايار ناھىيىسىدىكى كىچىك يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ، يېزىدا 7000 نوپۇس، 27 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار ئىكەن. ئۆتكەن يىلى 298 مىڭ يۈەن باج ۋەزىپىسىنى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئورۇنداپ، ناھىيىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. بۇ يىل 303 مىڭ يۈەن باج ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، باج يىغىش سۈرئىتىنى تېزلەتكەن. ھازىرقى سۈرئەتتىن قارىغاندا، پونكىت بۇ يىللىق ۋەزىپىنى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئورۇنداپ بولىدىكەن. مەن پونكىتنىڭ يىغىن زالىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان بايراق، لەۋھەلەرنى كۆردۈم. تامنىڭ تۆت تەرىپىگە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى چاپلانغان بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپتىن تۆھپە قوشۇش، جاپالىق ئىزدىنىشنىڭ يارقىن ئىزناسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شايار ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

مۇھەممەت ھېلىمنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە: ھازىر ناھىيىدىكى يەتتە يېزا، بىر بازارنىڭ ھەممىسىدە يۈرۈشلەشكەن مالىيە پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش شارائىتى يارىتىلغان. ھازىر بۇ پونكىتلار ئۆز ئارا بەيگىگە چۈشۈپ، تۆھپە قوشۇشتا بەسلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتماقتا.

*          *          *

توقسۇ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. يېقىندا، مالىيە باشقارمىسى يېزا باج بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابلا ئايدىن توقسۇ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نىياز باراتنىڭ تولىمۇ ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ياخشى، ھەقىقەتەن ياخشى، بىز سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردىن ئەمدى رازى بولدۇق، خىزمەت دېگەن مانا مۇشۇنداق ئىشلىنىشى كېرەك» دېدى.

توقسۇ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىدە ئىلگىرى خىزمەتلەر ئانچە يۈرۈشەلمىگەنىدى. باشقۇرۇشنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، چەكلەش ۋە نازارەت قىلىشنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ئايرىم كادىرلار خىزمەتتە ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، چىرىكلىشىپ، ئىدارە ۋە جەمئىيەتتە يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلغانىدى. ئۆتكەن يىلى تەرتىپكە سېلىنغان يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى تەجرىبە ــ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كەسىپ ئىستىلىنى ياخشىلاشنى مەركەز قىلغان تۈرلۈك قائىدە ــ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ جاسارىتىنى ھەم ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىدارىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىدە يېڭى جانلىنىشلارنى پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ، يېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىنى ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىنىڭ ئاممىا ئارىسىدىكى ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى

نىياز بارات ئۆزىنىڭ مول تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە رەھبەرلىك سەنـ ئىتىگە تايىنىپ، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپ، خىزمەت ئۈنۈمى، خىزمەت سۈپىتى ۋە خىزمەت سۈرئىتىنى يۇقىرى كۆتـۈرۈشـ كە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئۇ يېزا ئىگىلىك باج بۆلۈمچىسىنىـڭ خىزمىتىگە بىۋاسىتە قول تىقىپ، ۋەزىپە، مەسئۇلىيەتنى ئادەم بېشىغـ چە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كادىرلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. ئالـدى بىلەن كادىرلارنى سىياسىي ـ نەزەرىيە ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، يـېزا ئىگىلىك باج خىزمىتىگە ئائىت سىياسەت، فاڭجېنلارنى ئۆگـىنـىشـنـى مەركەز قىلغان تۈرلۈك ئۆگىنىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يـايـدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەر ھەققىدىكى تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئاندىن كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشنى دەۋر قىلغان توققۇز خىل تۈزۈم تۈرغۇزۇپ چىقىپ، كادىرلار بـىـلـەن بىر ـ بىرلەپ مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. مۇكاپاتلاش، جازالاش تـەدـ بىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ئۆز نەپسىگـە چوغ تارتىش، خىزمەتنى ئارقىغا سۆرەشتەك ناچار ئىستىلنى تۈزەتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقـىـرى كـۆتـۈرۈش ئۈچۈن، بوغالتىرىيە ۋە يېڭى مالىيە تۈزۈمىگە ئائىت ماتېرىياللارنى تېـ پىپ، كادىرلارنى نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. يېزا ئىگـىـلـىـك باج بىلىمىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، كادىـرلارنـىـڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچتى.

توقسۇ ناھىيىسىدە ئالتە يېزا، بىر بازار، ئالتە دېھقانـچـىـلـىـق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى بار. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 850 ئائىلە يېـزا ئـىـ گىلىك بېجى تاپشۇرىدۇ. 309 مىڭ 626 مو تېرىلغۇ يەردىن دېھـقـانـ چىلىق بېجى يىغىۋېلىنىدۇ. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ مەيدانلـىـرىـدا مالىيە پونكىتى يوق بولغاچقا، بۇنى پۈتۈنلەي ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىـ سىنىڭ يېزا ئىگىلىك باج بۆلۈمچىسى بىر تۇتاش يىغىشقا مەسئۇل بـوـ لۇپ كەلمەكتە. 21 نەپەر يېزا ئىگىلىك باج كادىرىدىن 13 ى ئاساسىي قاتلامدا تۇرۇپ باج يىغىدۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتى بۇ يىل توقسۇ ناھىيىسىگە 3 مىليون 861 مىڭ يۈەن ۋەزىپە بەرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ناھىيىلـىـك

پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت بۇنى 4 مىليون 809 مىڭ يۈەن باج قىلىپ بې-
كىتىپ، ۋەزىپىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. 13 نەپەر باج كا-
دىرىنىڭ ھەر بىرىگە 1604 ئائىلە، 350 مىڭ يۈەن باج پۇلى توغرا
كەلگەن بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋەزىپىنىڭ 80% تىگە يېقى-
نى ئورۇندىلىپ بولدى. بۇنداق زور ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا ناھىيىلىك
مالىيە ئىدارىسى قانداق تەدبىر قوللانغاندۇ؟ بۇنى تۆۋەندىكى پا-
كىتلاردىن كۆرۈپ باقايلى:

تەشۋىقات، ئۇچۇر خىزمىتى ھەر قانداق ئىشتا نەتىجە قازىنىش-
نىڭ ئالدىنقى شەرتى. نىياز بارات بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە،
ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، رادىئو ـ
تېلېۋىزىيە، قارا تاختاي، پلاكات، ئېلان تاختىسى قاتارلىق تەشۋىقات
ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە ئاممىۋى خاراك-
تېرلىك باج تەشۋىقاتى پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. بۇ يىل ئى-
چىدە رادىئو ئارقىلىق 30 قېتىم تەشۋىقات ئېلىپ باردى، 200 نۇسخا
ماتېرىيال تارقاتتى. ھەر قايسى يېزىلاردىكى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى،
ئاشلىق سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىغا يېزا ئىگىلىك بەش خىل بېجىنى يې-
غىش ھەققىدىكى تەشۋىقات مەزمۇنلىرىنى چاپلىدى. ئاساسىي قاتلام-
دىكى يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىنى يىغىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا
ئۇيۇشتۇرۇپ، ساقلانغان مەسىلە ۋە كۆرۈلگەن زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا
ھەل قىلدى. ئۇچۇر سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەخسۇس «يېزا
ئىگىلىك باج خىزمىتىدىن قىسقا خەۋەرلەر» تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى مۇ-
ناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە ۋە يېزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىغا تارقىتىپ،
ئۇلارنى شۇ مەزگىلدىكى تۈرلۈك ئىشلاردىن خەۋەردار قىلدى. «شىنـ-
جاڭ پارتىيە ئىستىلى»، «شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» قاتارلىق ژۇرناللارنى
ھەر بىر باج كادىرىغا بىر نۇسخىدىن مۇشتەرى قىلىپ بەردى.

نامراتلارنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش خىزمىتىدە «5 تە چىڭ
تۇتۇش»، «10 نى قىلماسلىق» پرىنسىپىنى تۈزۈپ چىقتى. ناھىيىلىك
پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن 50 كادىر ئاجرى-
تىپ، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقتى. ناھىيىلىك مالىيە ئىدا-

رىسى يىزا ئىگىلىك باج كادىرلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ناھىيە بويىچە ئائىلە كىرىمى 200 يۈەنگە يەتمەيدىغان 2623 ئائىلىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارغا 1995 ـ يىللىق باج كەچۈرۈم پۇلىدىن 300 مىڭ يۈەننى تولۇق تارقىتىپ بېرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتى. بۇ يىل توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىگە يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قاراپ، دېھقانچىلىق بېجى يىغىشتا يەنىلا سىياسەتنى، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك باج ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئېچىلغىنىغا بەش يىل توشمىغان بىر قىسىم بوز يەرلەردىن ئېلىنىپ كېلىۋاتقان باجنى كەچۈرۈم قىلىش ھەققىدە لايىھە تۈزۈپ چىقتى ھەمدە كەچۈرۈم قىلىنىدىغان 522 مىڭ يۈەن ھەققىدىكى مەلۇماتنى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە يوللىدى. ناھىيە رەھبەرلىرى دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، 522 مىڭ يۈەن باج پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنى قارار قىلدى. بۇ توقسۇ ناھىيىسىدىكى باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 20 مىڭ 850 ئائىلىنىڭ ھەر بىرىگە 25 يۈەندىن توغرا كەلدى. ناھىيىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشتە قىلغان بۇ ئىشى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەۋەتكەن سېلىقنى تەكشۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

1997 ـ يىل ئاۋغۇست، ئاقسۇ

# ئۈنىڭ ئەجرىگە زېمىن گۇۋاھ

ئەگەر سىز ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئېگەرچى گۈللۈكىنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ قالسىڭىز، كۆزىڭىز ئىختىيارسىز ئۇرۇمچى ـ قەشقەر تاشيولى بويىدىكى ئېگىز بىر بىناغا چۈشىدۇ، قۇياش نۇرىدا پارقىراپ، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ بىنا ئاقسۇ شەھىرى ئېگەرچى يېزىسىدىكى ئېگەرچى كەنتىنىڭ خىزمەت بىناسى. 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 1487.5 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، يۇرۇشلەشكەن بۇ خىزمەت بىناسى ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئېگەرچى كەنتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى زور تەرەققىياتىغا گۇۋاھ بولالايدۇ. بۇ بىنانى كۆرگۈچىلەر «خېلى چوڭ ـ چوڭ ئىدارە ـ ئورۇنلارنىڭمۇ بۇنداق كاتتا بىناسى يوق، بۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىش بوپتۇ» دېمەي قالمايدۇ. ئېگەرچى كەنتى قانداق قىلىپ مۇنداق زور يۈكسىلىشكە ئېرىشتى؟

ئېگەرچى كەنتى 3405 نوپۇس، 722 ئائىلە، 11 ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى، 5275 مو يەرگە ۋە شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە دېھقانچىلىق كەنتى. كەنتتە يەر قىس بولۇپ، ھەر بىر نوپۇسقا پەقەت 1.5 مودىن يەر توغرا كېلىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەسىرى ۋە باشقا سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ كەنت تاكى 1993 ـ يىلىغا كەلگۈچىلىك تەرەققىي قىلماي كەلگەندى. ئەينى چاغدا خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن ئىدى.

1993 ـ يىل 3 ـ ئايدا كەنت بىر قاۋۇل، تەدبىرلىك «سەركە» گە، ئىشچان باشلامچىغا ئىگە بولدى. مۇھەممەت ئابدۇۋايىتنىڭ

كەنت باشلىقلىقىدىن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا قويۇ-لۇشى دېھقانلارنى ئىنتايىن شادلاندۇردى. ئۇ يۇرتداشلارنىڭ ئۈمىدىنى قەلبىگە پۈكۈپ، كەنتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىرادە باغلىدى. شۇ چاغدا كەنتنىڭ يىللىق كوللېكتىپ ئىقتىسادى 102 مىڭ يۈەن ئىدى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ سانى يىلمۇ يىل كۆپىيىۋاتاتتى...

مۇھەممەت ئابدۇۋايىت كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدىكى بىر بەن ئادەمنى ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، كەنتنىڭ شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقانلىقتەك ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئىشنى پارنىك ياساپ كۆكتاتچىلىقنى گۈللەندۈرۈشتىن باشلىدى. 1995 ـ يىلى تۇنجى قېتىم 50 مو كۆلەمدە، 1997 ـ يىلى يەنە 25 مو كۆلەمدە پار-نىك ياساتتى. پارنىك كۆلىمىنى يىلمۇ يىل كېڭەيتىپ، ئۆتكەن يىلىغا كەلگەندە 242 موغا يەتكۈزدى. تىجارەت ئۆيلىرى، مېھمانخانا، دەڭ ـ سارايلارنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈردى. يىلىغا يۇقىرىسى 80 مىڭ يۈەن، تۆۋىنى 10 مىڭ يۈەن كىرىم بولىدىغان تىجارەت سورۇنىدىن 13 نى قۇردى. «توخسۇنباينىڭ بازىرى» دەپ ئاتالغان سودا بازىرىنى يىلىغا 150 مىڭ يۈەنگە ھۆددىگە بەردى. چارۋىچىلىق، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 386 ئائىلىگە ئىسسىق قوتان سالغۇزۇپ، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق ئائىلىسىنى 100 گە يەتكۈزدى. باغ بەرپا قى-لىشنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، كونا باغلارنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش، سورتلارنى سەرخىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، 538 مو باغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. كوللېكتىپ ۋە ئائىلىلەردە 15 مىڭ مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈزۈم بارىڭى ياساتتى. دېھقانلار ئاممىسىنى دېھ-قانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا شەھەرگە كىرىپ سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىدى. مۇھەممەت ئابدۇۋايىتنىڭ ئىلھام بېرىشى نە-تىجىسىدە، كەنت بويىچە 257 ئائىلە چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، قاس-ساپچىلىق، كىراكەشلىك قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائى-لە كىرىمىنى ئاشۇردى.

دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇھەم-مەت ئابدۇۋايىت ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئىش. ئۇ دېھ-

قانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلەش بىلەن بىرگە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشتى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن بەشنى، كومباينىدىن ئۈچنى سېتىۋال- دى. كەنت بويىچە چوڭ ـ كىچىك تراكتور 150 تىن ئاشتى. ئۇ دېھ- قانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، يۇقىرى مەھ- سۇلاتلىق، بازارلىق مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ تېرىتتى. تېرىقچىلىق قۇ- رۇلمىسىنى بازار ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشىدى. بۇغداي، شال، كۆكتاتچى- لىقنى نۇقتىلىق تۇتتى. كۆكتاتچىلىك كۆلىمىنى 403 موغا كېڭەيتتى. بۇ يىل دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، شال كۆلىمىنى ئازايتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا كېۋەز تېرىتتى. ھۇجۇمنى بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئا- شۇرۇشقا قارىتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلدى. بارلىق يوشۇرۇن كۈچنى قېزىپ چىقتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەنتنىڭ ئىقتىسادى روناق تېپىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى. 2000 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1942 يۈەنگە يېتىپ، 1993 ـ يىلدىكى 621 يۈەندىن ئىككى قاتلان- دى. كەنتنىڭ يىللىق كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كىرىمى 712 مىڭ يۈەن- گە يەتتى. كەنت بويىچە 100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 25 ى، 200 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 8 ى بارلىققا كەلدى.

مۇھەممەت ئابدۇۋايىت نامراتلارنى ھۆددىگە ئېلىپ يۆلەش بو- يىچە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. باغۋەنچىلىك ئەترىتىدىكى تۇرسۇن ئوس- مان، 7 ـ ئەترەتتىكى تۇرغۇن ئابدۇكېرەملەر ھېچنېمىسى يوق نامراتلار ئىدى. ئۇ بۇ ئائىلىلەرگە ئۇدا ئۈچ يىل ئاشلىق، پۇل، ئوغۇت يادەم قىلدى، چۈجە ئېلىپ بەردى، ئىشلەپچىقىرىش، تېرىقچىلىق ئىش- لىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى، پەن ـ تېخنىكا ئۆگەتتى، تاپشۇرۇشقا تې- گىشلىك بەزى سېلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋەتتى... نەتىجىدە بۇ ئائىلىلەر تەدرىجىي نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى. 1999 ـ يىلى ھەر ئىك- كىلىسى خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سالدى، چارۋا باقتى، موتسىكلىت سې- تىۋالدى. ئۇ مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا 16 نامرات ئائىلىگە 5000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ياردەم قىلدى.

مۇھەممەت ئابدۇۋايىتنىڭ باشلامچىلىقى ئاستىدا، كەنت بويىچە 12 پارتىيە ئەزاسى 33 نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئالدى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ ئائىلىنىڭ 28 ى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

مۇھەممەت ئابدۇۋايىت دېھقان بالىسى بولغاچقا، دېھقانلارنى چۈشىنەتتى، دېھقانلارنى سۆيەتتى، يۇرتىغا چوڭقۇر ئەقىدىسى بار ئىدى. ئۇ كەنتنى گۈللەندۈرۈپ، كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى زورايتقاندىن كېيىن، يۇرتداشلىرىغا ساۋابلىق ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. دېھقانلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان سېلىقلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلگەچكە، ئۇ 11 مىڭ يۈەن چارۋا داۋالاش پۇلىنى كوللېكتىپ مالىيەسىدىن چىقىم قىلىپ بەردى. ئىسسىق قوتان سالىدىغان ھەر بىر ئائىلىگە ئىككى مودىن يەر ئاجرىتىپ بەرگەندىن سىرت، ياغاچ ـ تاش، سېمونت قاتارلىقلارنى كەنتتىن ھەل قىلىپ بەردى. يۇقىرىدىن ھەممە ئائىلىگە ئۆلچەملەشكەن قوش جىنسلىق ھاجەتخانا سېلىش چۈشۈرۈلگەندە، بەزى چىقىملارنى كەنتتىن بىر تۇتاش چىقىم قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. هويلا ـ ئارامىلارنى ئۆزگەرتىش، يېڭى كۆچەت سېتىۋېلىش ئۈچۈنلا 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىم قىلدى. ئىگىلىنىشىچە، 1999 ـ ۋە 2000 ـ يىلى كەنت دېھقانلىرىنىڭ 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

مۇھەممەت ئابدۇۋايىت پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى كۈچەيتتى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش تۈزۈمى ۋە «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس تۈزۈمى» نى ئەستايىدىل يولغا قويدى. كوللېكتىپ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇردى. پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك، ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. يەتتە يىل ئىچىدە 29 كىشىنى پارتىيىگە تەرەققىي قىلدۇردى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، كۆكتاتچىلىق، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، ئورمانچىلىق بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئەزالارنى يېتەكلەپ

3500 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئاشلىق، ماي پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى قۇردى. ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىشى، توغرا يول باشلىشى ئارقىسىدا دېھقانلار قەددىنى رۇسلىدى. 390 ئائىلە خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سالدى. 269 ئائىلە ھويلا ـ قورۇ تاملىرىنى ئۆلچەملەشتۈردى، 217 ئائىلە ئىشىكىگە ئۆلچەملىك تۆمۈر دەرۋازا ياساتتى. ئۇ ئاھالىلار رايونىدىكى كىچىك يوللارنى تۈزلەش، رەتلەش، قاراماپلاشتۇرۇشنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئىشى قىلىپ تۇتتى. مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا سەككىز كىلومېتىردىن ئارتۇق كەنت ـ مەھەللە يولىنى ئاسفالتلاشتۇردى.

مائارىپنى قوللاش ئېگەرچى كەنتىنىڭ ئۇزاق يىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىسى. مۇھەممەت ئابدۇۋايىت بۇ ئەنئەنىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردى. ئۇ 1995 ـ يىلى ئېگەرچى باشقۇرۇش رايونى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، باشقۇرۇش رايونى تەۋەسىدىكى تۆت كەنتىنىڭ خىزمىتىنى تەڭ تۇتتى. ئۆچ كەنتنىڭ ئىشخانىلىرىنى مەكتەپكە ئاجرىتىپ بەردى. يېزىنىڭ قوللىشى بىلەن مەكتەپكە بۇلتۇر 80 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ سېلىپ بەردى. مەكتەپنى كېڭەيتىشكە 5 ـ 6 مو يەر ئاجرىتىپ بەردى. گۈللۈك ياساتىپ بەردى، سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىپ، پارتا ـ ئورۇندۇق ياساتىپ بەردى. سىنىپ، ئىشخانىلارنى ئاقارتىپ بەردى. نامراتلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى، داۋالىنىش پۇلىنى كەنت ئۆز ئۈستىگە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

ماددىي شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى نەتىجىسىدە دېھقانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، تېلېۋىزور ئومۇملاشتى، مۇتلەق كۆپ سانىدىكى ئائىلىلەر توكلاتقۇ سېتىۋالدى. پىلانلىق تۇغۇت ئائىلىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى. 95% ئائىلە «10 يۇلتۇزلۇق ئائىلە» قاتارىغا كىردى. ھازىر بۇ كەنت شەھەر بويىچە ئەڭ ئىلغار، ئەڭ كۈچلۈك كەنت بولۇپ قالدى.

مۇھەممەت ئابدۇۋايىت يېزىلىق ۋە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ

قويۇپ، ئاممىنىڭ دەردى ـ ھالىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ ساداسىنى يۇقىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزدى. بولۇپمۇ قالايمىقان يەر تەستىقلاش، قالاي-مىقان سېلىق سېلىش مەسىلىسى ئۇ ئىنكاس قىلغان گەۋدىلىك مەسىلە بولغاچقا، شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. ئۇ ھازىر ۋىلايەت، شەھەر، يېزا بويىچە «مۇنەۋۋەر كەنت پارتىيە ياچېي-كىسى شۇجىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى.

2001 ـ يىل ماي، ئاقسۇ

# «پاشايدىغان دەۋر ئەمدى كەلدى»

ـ مەن بۇ يىل 55 ياشقا كىردىم. ئۆتمۈشتىكى غۇربەتچىلىك يىللارنىمۇ، ھازىرقىدەك بەختىيار دەۋرنىمۇ باشتىن كەچۈردۈم، گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، ياشايدىغان دەۋر ئەمدى كەلدى، ـ دېدى قۇربان نىياز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ. ئۇنىڭ قورۇقلار روشەنلىشىۋاتقان قارامتۇل چىرايىدا ئۆز تۇرمۇشىدىن سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش ئىپادىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

قۇربان نىياز ئاقسۇ شەھىرى قاراتال بازىرىنىڭ بوستان كەنتىدىكى دېھقان، شۇنداقلا بۇ يىل 7 ـ ئايدا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان بەختلىك دېھقان. ئۇ 1991 ـ يىلىنىڭ ئالدىدا بوستان كەنت ۋە قاراتال بازىرى تەۋەسىدىكى بىر قانچە باشقۇرۇش رايونىدا 17 يىل پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. ئۇ خەلقنى بېيىتىشقا يېتەكلەپلا قالماي، ئۆزىمۇ ھالال ئىشلەپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا يەر تېرىپ، كەمبەغەللىك، غۇربەتچىلىك تۇرمۇشىغا خاتىمە بەرگەن. ئۇ ھېلىھەم ئىنتايىن تېتىك، ساغلام كۆرۈنەتتى.

كەچ كۈزدىكى ئىزغىرىن شامالدا ئالتۇن رەڭگە كىرگەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بوستان كەنتىنىڭ تۈز، تەكشى يولى ئىنتايىن چىرايلىق، گۈزەل قىياپىتىنى يوقاتمىغانىدى. بىز قۇربان نىيازنى ئېتىز بېشىدىن تاپتۇق. ئۇ قويلىرىنى كېۋەزلىكتە يايلاتقاچ، كېيىنكى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنىڭ غېمىنى يەۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ بىر ـ بىرىدىن سېمىز قويلىرى خاتىرجەم ئوتلاۋاتاتتى.

ــ 60 ــ ، 70 ــ يىللاردا بوستان كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ غۇربەت ئۆتكەن، ــ دېدى ئۇ سۆز باشلاپ، ــ كەنتتە يەر بولسىمۇ، ئاش، پۇل يوق ئىدى. 1963 ــ يىلى 1 ــ ئەترەتتىكى دېھقانلار دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن 23 مىڭ جىڭ ئاشلىقنى نېسىگە ئېلىپ يېدۇق. يەنە 13 مىڭ يۈەن پۇلغا قەرز بولۇپ قالدۇق. بىر دېھقان بىر كۈن قاتتىق ئىشلىسىمۇ، ئاران 1 گۇڭ ئالاتتى. بىر گۇڭ تۆت ــ بەش موچەنگە يارايتتى. دەپتەر نومۇرغا تولىمۇ، لېكىن بېرىدىغان پۇل يوق ئىدى. بۇ مەزگىللەردە بىر دېھقانغا يىلدا 20 جىڭدىن ئاق ئاشلىق توغرا كېلەتتى.

قۇربان نىياز ئاكا موخۇركىسىنى قېنىپ ــ قېنىپ شورىۋېتىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ پارتىيە 11 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ــ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلمىغان بولسا غۇربەتچىلىك كۈنىمىزنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتۇق. قەدىردان رەھبىرىمىز دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات ــ ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ھەممىمىزنى باياشات، بەختلىك ھاياتقا ئىگە قىلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدا بىز 20 ياش ياشاردۇق...

بوستان كەنتى ئاقسۇ شەھىرى ۋە ۋىلايەت بويىچە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىكى ئۈلگىلىك كەنت. كەنتتە 180 ئائىلە، 4600 مو تېرىلغۇ يەر بار. ھازىر بۇ كەنتتە 174 ئائىلە يېڭى، زامانىۋى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، موتسىكلىت دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەر بۇ يەردىكى دېھقانلارغا نىسبەتەن ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەممە ئائىلە دېگۈدەك تراكتور، بەزى ئائىلىلەر ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ سېتىۋالدى. كەنت ئىسمى جىسمىغا لايىق «بوستان» غا ئايلاندى.

قۇربان نىياز 20 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۆتمۈش بىلەن 20 يىلدىن بۇيانقى خاسىيەتلىك يىللارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قەلبىگە سىغماي قالغان تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ ئىسلاھات ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىكەن. ھازىر ئاشلىقىمىز

ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغان بولدى. ھەر بىر ئائىلىدە ئاز دېگەنـدە 15 تىن 100 گىچە قوي، 1 دىن 5 كىچە كالا، 1 قالىـق ئۈزۈم، بـاغ بـار بولدى. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇ- رىچە كىرىم 2000 يۈەنگە يېقىنلىشىپ، 20 يىلنىڭ ئالدىدىكىدىـن 10 ھەسسە ئاشتى. ھازىر كەنت بويىچە 100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىـن 20 نەچچىسى يېتىشىپ چىقتى.

قۇربان نىياز ئاكا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: مەن گەرچە بەك باي ھېسابلانمىساممۇ، لې- كىن ئىسلاھاتتىن كېيىن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئادەم ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تەگكەندە تولىمۇ خۇش بولۇپ كېتىدىكەن. مەن تۆت مو يەرگە بۇغداي تېرىـپ، ھـەر يىلى 2000 كىلوگرام بۇغداي ئالىمەن. 1992 ـ يىلـىدىـن بـاشـلاپ كېۋەز تېرىدىم. شۇ يىلى 21 مو يەرگە كېۋەز تېرىپ، ھەر موسىدىـن 1200 يۈەندىن كىرىم قىلدىم. بەزى يىللىرى 1300 يۈەندىن، ھـەتـتـا 1500 يۈەندىنمۇ كىرىم قىلدىم. 1995 ـ يىلى 29 مو يەرنى 10 يىللىق مۆھلەت بىلەن سېتىۋېلىپ، كېۋەز تېرىيدىغان يېرىمنى 50 موغا يـەت- كۈزۈپ، شۇ يىلىلا 50 مو يەردىن 72 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدىم. ئـۆت- كەن يىلى كىرىمىم 68 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

قۇربان نىياز ئاكا سۆزلىگەنسېرى روھلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ قو- يۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قارا كۆزلىرىدىن ئىشەنچ نۇرلىرى چاقنـاپ تۇراتتى.

ـ ئۇكام، ـ دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ـ ئىلمىي ئۇ- سۇلدا تېرىقچىلىق قىلسا ئەجىر بىكارغا كەتمەيدىكەن. دېھقان يـەرگـە كۆيۈنسە، يەرمۇ دېھقاننى سۆيىدىكەن. سىياسەت كەڭرى بـۇ زامانـدا دېھقان يەرگە ئىشلىمىسە نېمە ئىش قىلىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ھـازىـرقـى كۈنىمىز يەرگە تايىنىش ئارقىلىق قولغا كەلدى ئەمەسمۇ...

ئەمگەك دۇنيانى، ئادەمنى، شۇنداقلا بەخت ـ سائادەتنى يارىتـى- دۇ. ئادەم ئىشلىگەنسېرى، ھايات شۇنچە گۈزەل بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ھا- زىر قۇربان نىيازنىڭ بانكىدا 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلـى بـار ئـە-

كەن. دەل ـ دەرىخى 500 تۈپتىن ئاشىدىكەن، بىز ئۇنىڭ كەڭرى پېشايۋانلىق ھويلىسىدىكى تراكتور، موتسىكلىت، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى، قوتاندىكى قوي، كالىلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھەققەتەن بېيىغانلار قاتارىغا كىرگەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. ئۇنىڭ ئازادە، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان مېھمانخانا ئۆيىدە چوڭ رەڭلىك تېلېۋىزور، تېلېفون ۋە نەپىس ئائىلە جابدۇقلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئوتقاشتەك گىلەملەر كۆزنى چاقنىتاتتى.

قۇربان نىياز ئاكا مۇنداق دېدى: ئىسلاھاتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، كومپارتىيىنىڭ توغرا، دانا رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈم بولمايتتى. بوستان كەنتىدىكىلەرنىڭمۇ بۇنداق باياشات كۈنى بولمايتتى. 20 يىل ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ھېسابلانمىسىمۇ، ئۇ يۇرتىمىزدا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. دېھقانلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىدا بۇنداق زور، تېز يۈكسىلىشنىڭ بولۇشىنى بىز ئىلگىرى زادىلا ئويلىمايتتۇق. ئەسلى ياشايدىغان ۋاقىت ئەمدىكەن ئەمەسمۇ...!

1998 ـ يىل نويابىر، ئاقسۇ

# ئىزنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش

1995 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاملى سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. بىر توپ ئادەم توقسۇ ناھىيىسىنىڭ پەي-شەنبىبازار يېزا ئارا مەھەللە كەنتىدىكى دېھقان ئەھەت مۇھەممەتنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋېلىپ، يول تەرەپكە قاراپ نېمىگىدۇر تەلمۈ-رۈشۈپ قاراپ تۇراتتى. ئەھەت مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئايالى نۇرنىسا-خاننىڭ مىسكىن ھالىتى كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىيتتى. بالا دەردى بۇ ئەر ـ ئايالنىڭ قەددىنى ئېگىپ، يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىپ تاشلىغاندى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق يولغا تەلمۈرۈپ تۇرغىنىغا ئىككى ئاي بولغانىدى.

ـ ئەمدى خاتىرجەم بولۇشسىلا، بالىنىڭ ئىز ـ دېرىكى كەلدى. ئۇلار بۈگۈن چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، ـ دەيتتى كۆپچىلىك ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ. ئارىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى. چوڭ يول بويىدا ماشىنا كۈتۈپ تۇرغان بىر نەچچە بالا ئارامەھەللە كەنتىگە تەڭلا يۈگۈرۈپ كېلىشتى:

ـ ئابدۇرازاق قايتىپ كەلدى! ئابدۇرازاق قايتىپ كەلدى!

ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، قولۇم ـ قوشنىلار ۋە ئابدۇرازاقنىڭ دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى چوڭ كوچا تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئاقتى. ئۇلار بىر ئاچا يول ئېغىزىغا كەلگەندە ئۇچراشتى.

ـ بالام ئابدۇرازاق، بالام ئابدۇرازاق!...

ـ ئاتا، ئاپا! ئاتا، ئاپا!

بالا بىلەن ئاتا ـ ئانا قۇچاقلىشىپ ئۇچراشتى. ئابدۇرازاق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىدىن ئۆز يۇرتىنىڭ چەكسىز ئىللىق هارارىتىنى ھېس قىلدى.

* * *

ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن ئابدۇرازاق توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپىدا ئوقۇيتتى. 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۇ مەكتەپتە مۇئەللىمدىن تەنقىد يېدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئاپىسى بىلەن خاپىلىشىپ قالدى. «چوڭنىڭ ئاچچىقى كەلگىچە، كىچىكنىڭ جېنى چىقىپتۇ» دېگەندەك، قوش خاپىلىققا ئۇچرىغان ئابدۇرازاق ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چوڭ بېكەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ چوڭقۇر مۇڭغا پاتقانىدى. شۇ ئەسنادا ئىككى ناتونۇش كىشى ئابدۇرازاقنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

ـ ئۇكام شاكىچىك، نېمە بۇ يەردە تۇرىسەن، سەندەك بالىمۇ پۇل تاپماي بىكار يۈرگەن بارمۇ؟ ـ دېدى ئۇلار ئابدۇرازاقنىڭ مىسكىن چىرايىغا تىكىلىپ. ئابدۇرازاق لام ـ جىم دېمىدى. ھېلىقى ئىككى كىشى:

ـ بىز ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتىمىز، بىزنىڭ ئۈرۈمچىدە كاۋاپخانىمىز بار، بىزگە سەندەك بالا لازىم ئىدى. ئەگەر خالىساڭ بىز بىلەن بىرگە بېرىپ كاۋاپچىلىق قىلساڭ، ساڭا 200 ـ 300 يۈەن مائاش بېرىمىز. قانداق بارامسەن؟... ـ ئابدۇرازاق دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى بىلىدىغان ئۇ قاقباش ئىككى كىشى ئابدۇرازاقنىڭ قولىدىن تارتىپ ئاپتوبۇسقا چىقاردى. ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ھېلىقى ئىككى كىشى ئۇدۇل پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ، ئابدۇرازاقنى ئادەم بېدىكلىرىگە سېتىۋەتتى. ئابدۇرازاق ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگىچە، گەپ ـ سۆز قىلالمىدى. ئۇ شۇ كۈنى باشقا كىشىلەر بىلەن بىللە پويىزغا چىقىپ گۇاڭجۇغا يۈرۈپ كەتتى. گۇاڭجۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئابدۇرازاقنى قانغۇچە ئويناتتى. يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بەردى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئابدۇرازاقنى ئوغرىلىق قىلىشقا قىستىدى. ئابدۇرازاق ئۇنىمىدى. ئۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەنىدى.

ـ ئوغرىلىق قىلامسەن ـ قىلمامسەن، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن...

ـ ئوغرىلىق قىلمايمەن، سىلەر مېنى كاۋاپچىلىق قىلسەن دېگەندىڭلارغۇ، ـ دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ.

ـ ھوي ھارامدىن بولغان، سەن بىكار نان يەمتىڭ... ـ دېگىنىچە ئۇلار ئابدۇرازاقنى ھوشىدىن كەتكىچە ئۇردى ھەم ئۇنى ئېچكىرىكى ئۆيگە سولاپ قويدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئابدۇرازاق سەل ـ پەل ئوڭشالدى. پۇشايمان ياشلىرى ئۇنىڭ ئىششىغان يۈز ـ كۆزلىرىنى بويلاپ ئاقماقتا. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى. بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئابدۇرازاق تۈن كېچىدە بۇ يەردىن قېچىپ چىقتى.

سەرسان ـ سەرگەردانلىق ھايات رەسمىي باشلاندى. تىنىق گۇاڭجۇ ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى. ئېگىز ـ ئېگىز ستولبىلاردىكى كوچا چىراغلىرى چىرايلىق گۇاڭجۇ كوچىسىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەن ئابدۇرازاق پاكار ھەم ئورۇق گەۋدىسىنى تەستە سۆرەيتتى. ئۇنىڭ يېنىدا پۇل يوق، ئەڭ يامىنى ئۇ بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە ئۇقمايتتى. ئۇ ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم قوزىدەك تېڭىرقاش، ھودۇقۇش ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇدۇل كەلگەن يەرگە مېڭىۋەردى. بىر ئاي مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كەچ كىرەي دېگەندە، ئۇ بىر ئۇيغۇر ئاشپۇزۇلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئاشخانا خوجايىنىغا بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى ھەمدە بۇ يەردە قورسىقىنى تويغۇزۇپ، خوجايىنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇيغۇرلار مەھەللىسىگە يېتىپ بېرىپ، قېرىنداشلىق ياردىمىگە ئېرىشتى.

*    *    *

10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئابدۇرازاقنىڭ خەۋىرى گۇاڭجۇ ساقچى دائىرىلىرى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىغا، جامائەت خەۋپسىزلىك باش-

قارمىسى ئارقىلىق توقسۇ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە يېتىپ كەلدى.

ـ ئابدۇرازاق ھازىر ئۈرۈمچىگە كەپتۇ. ئۇنى گۇاڭجۇدىكى ساقچى تارماقلىرى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ گۇاڭجۇ ۋە ئۈرۈمچىدىكى بارلىق خىراجىتى ئۈچۈن بىر نەچچە مىڭ يۈەن پۇل كېتىدىكەن. سىلەر دەرھال پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ بالىنى ئەكىلىۋېلىڭلار، ـ توقسۇ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى ياسىن تۆرە ئارامەھەللە كەنتىگە كېلىپ، ئەھەت ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا خەۋەر بەردى.

بالىسىنىڭ تىرىكلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى چەكسىز خۇشال قىلدى. لېكىن ئۆز تۇرمۇشىنى ئاران قامداپ كېلىۋاتقان بۇلاردا نەدىمۇ بۇنچىۋالا كۆپ پۇل بولسۇن ؟! بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئارامەھەللە كەنتىگە، ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ناھىيىلىك 1 ـ ، 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە تارالدى. ئەزەلدىن بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل دېھقانلار ئابدۇرازاقنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن تاپقىنىنى ئەھەت ئەر ـ ئايالىغا ئەكىلىپ بەردى. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىپ 1 يۈەندىن ئىئانە يىغدى. شۇنداق قىلىپ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە 11 مىڭ 500 يۈەن پۇل جۇغلاندى.

يۇرتداشلىرىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ، ساۋاقداشلىرىنىڭ جىددىي ياردىمى بىلەن ئابدۇرازاق ئىككى ئايغا يېقىن داۋام قىلغان سەرگەردانلىق ـ سەرسانلىق، مۇساپىرلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، توقسۇغا قايتىپ كەلدى.

ئابدۇرازاق تۇغقانلىرى، ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ئۆز گۇناھىنى تونۇپ يەتتى. پۇشايمان ياشلىرى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە دەرسخانىغا قايتىدىن كىرگەندە، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بەختلىك بالا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

1996 ـ يىل يانۋار، توقسۇ

# ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنلىرى

ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىش، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئىنسانلارنىڭ ياشاش ۋە كىشىلىك مۇساپىسىدىكى ئەڭ ئەقەللىي ئارزۇسى. ئۆزى ئارزۇ قىلغان، ئۆزى تەقەززا بولغان نەرسىگە ئېرىشىش ئىنسانلارنىڭ بۈيۈك غايىسى.

ـ خاتىرەمدىن

بىزنىڭ يېزا جەمئىيىتىمىزدە كىم ھەقىقىي خوجايىن، كىم ئەڭ ئادىل، ئەڭ ئالىي تەدبىر بەلگىلىگۈچى؟ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاۋات ناھىيىسىدىكى يېزا ـ كەنتلەردە «كەنت كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىش ئورنىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ناھىيىدىكى كەنت ئاھالىلىرى ئۆزى ئىشىنىدىغان، ئىقتىدارلىق ياش كادىرلارنى كەنت رەھبىرى قىلىپ سايلىيالايدىغان، كەنتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشالايدىغان، ياكى ئارىلىشالايدىغان، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى كەنت كادىرلىرىغا ئاشكارا ئېيتالايدىغان بولدى. ھەممە ئىش ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ قەلبىدىكى ئىشەنچ، ئۈمىد، ئىنتىلىش تۇيغۇسى كۈچەيدى. بۇ ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بەشئېرىق يېزىسى بۇ جەھەتتە زور ئۇتۇق ۋە تەجرىبىلەرگە ئېرىشتى. بۇ يېزا 27 كەنت كومىتېتى، 118 كەنت گۇرۇپپىسىغا ئىگە چوڭ يېزىلارنىڭ بىرى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرستىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ھازىرغا قەدەر بۇ يېزىدا ئاۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋې-

لىشى ئارقىلىق نام بېرىلگەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش بويىچە ئۈلگىلىك كەنت 1 گە، ئىلغار كەنت 20 گە يەتتى. 1997 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى بۇ يېزىغا «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىدىكى ئۈلگىلىك يېزا» دەپ نام بەردى. بۇ يىل 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ۋە ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى بۇ يېزىنىڭ كەنت ئىشلىرىدىكى يېڭىلىقلارغا يۇقىرى باھا بەردى.

بەشئېرىق يېزىسى ئالدى بىلەن يۆنىلىش توغرا بولۇش، تونۇش ئايدىڭ بولۇش، تەدبىر كۈچلۈك بولۇشنى تەكىتلەپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش خىزمىتىنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىنى ئاممىغا چۈشەندۈردى. يېزا جەمئىيىتىدە كىم خوجايىن، كىم ئەڭ ئالىي تەدبىر بەلگىلىگۈچى، دېگەن مەسىلىنى چۆرىدەپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتتى. ئالتە نەپەر يېزا كادىرى، 92 نەپەر كەنت كادىرىنى ناھىيىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇرغانىنىڭ سىرتىدا، يېزا ئىلگىرى ـ ئاخىر 35 قارار كۇرس ئۇيۇشتۇرۇپ، 275 نەپەر كەنت كادىرى ۋە 160 نەپەر كەنت تايانچلىرىنى تەربىيىلىدى. ئۇ ئۇستۇنكى ئىمامپاشا كەنتىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ تاللىغاندىن كېيىن، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىلگىرى سۈردى. قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ۋەزىپە، مەسئۇلىيەتنى ھەر بىر ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. تەشۋىقات ماشىنىسى، قارا تاختاي گېزىتى، شوئار، لوزۇنكا قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات ـ تەربىيە ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيە، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ «كەنت كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، «تەشكىلىي قانۇن» بىلەن «يولغا قويۇش چارىسى» 15 قېتىم تەشۋىق قىلىنىپ، ئاڭلىغان ئادەم 93 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتكەن.

دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىش، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش ـ يېزا

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنىڭ ئاچقۇچى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان بۇ يېزا «تۆت دېموكراتىيە» دىن ئىبارەت بۇ يادرونى چۆرىدەپ، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى مۇنداق بولدى:

قانۇن بويىچە دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا تولۇق، ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ نۆۋەت سايلام ئېلىپ بېرىپ، كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىقتى. 1994 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا دەسلەپكى قەدەمدە نامزاتلارنى ئاساسەن يېزىلىق پارتكوم بېكىتىپ بېرەتتى. بېلەت تاشلاش ئارقىلىق سايلام ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەمۇرىيەتنىڭ چات كىرىۋېلىشى كۆپ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشى يېتەرسىز ئىدى. 1995 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا بۇ خىل ئۇسۇل ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىلدى. نامزاتلارنى كۆرسىتىشتە، كەنت ئاھالىلىرى بىۋاسىتە كۆرسىتىش ياكى 10 دىن يۇقىرى كەنت ئاھالىسى كۆرسىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنى كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىدا غۇلغۇلا قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي نامزات قىلىپ بېكىتتى. رەسمىي نامزات بېكىتىلگەندىن كېيىن بىر ئادەم بىر بېلەت تاشلاش، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پەرقلىق سان بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىلدى ۋە سايلام نەتىجىسى نەق مەيداندا ئېلان قىلىندى. بۇ خىل سايلامدىن ئامما رازى بولدى. 27 كەنت مۇدىرىنىڭ ھەممىسىنى ئامما سايلىدى. پۈتۈن يېزا بويىچە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن كەنت ئاھالە ۋەكىلى 662 نەپەرگە يەتتى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. كەنت كومىتېتلىرى ھەر يىلى ئاز دېگەندە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كەنت ئاھالىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىپ، كەنتنىڭ چوڭ ـ

چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. دېھقانلار كەنت ئاھالىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىنى كەنتنىڭ ئەڭ چوڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى، دەپ ھېسابلايدىغان بولدى. يىرما كەنتىدە بىر كىلوۋات توكنىڭ باھاسى ئۈچ ـ تۆت يۈەنگىچە بولغانىدى. كەنت ئەزالىرى توكنىڭ باھاسى يۇقىرى بولغاچقا، قەستەن ھالدا توك پۇلىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىدى، ئاخىرىدا توك ئۈزۈلۈپ قالدى. كەنت ئاھالىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ، توك پۇلىنى يىغىلاش ئۈچۈن ھەر بىر ئائىلىدىن 100 يۈەندىن پۇل چىقىرىشنى، كەملىگەن قىسمىنى كەنت مالىيىسىدىن چىقىرىشنى ئاممىنىڭ رازىلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ھەل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن توكنىڭ باھاسى 0.80 يۈەنگە چۈشتى.

دېموكراتىك باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. يېزىدا كەنت كومىتېتىنىڭ قول ئاستىدىكى خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى، ئامانلىق قوغداش، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق، دىن باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى.

كەنت ئىشلىرى، كەنت مالىيىسى ۋە كەنتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش يولغا قويۇلدى. كەنتلەرنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىمى، سېلىنما، پۇل مۇئامىلە، ماددىي ئەشيا، پىلان ـ كۆرسەتكۈچلەر، ئۆي ئورنى تەستىقلاش قاتارلىق چوڭ، مۇھىم مەسىلىلەردە ئاشكارا بولۇش يولغا قويۇلدى. ئاشكارىلاش مۇنبىرى تەسىس قىلىش، باڭ چىقىرىپ ئېلان قىلىش يولغا قويۇلدى. يەنە مەخسۇس ئاشكارىلاش، نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى.

يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي تەدبىر ئاخىرى ئۈنۈم بەردى. ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى كەڭ كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇردى. كەنت كادىرلىرىنىڭ دېموكراتىك سىياسەت بەلگىلەش ئېڭى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە جامائەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا كۆزلەر چاقنىغۇدەك شانلىق، يېڭى نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. كەنت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېڭى ۋە قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقى كۆرۈنەرلىك ئۆس-

تى. قوشنىلار ئىناق ئۆتىدىغان، توي ـ تۆكۈنلەر ئاددىي، يېڭىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان گۈزەل، يېڭى كەيپىيات ئەۋج ئالدى. قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ناچار ئىللەت ۋە ھادىسىلەر ئۈنۈملۈك چەكلەندى.

بۇ خىل جۇشقۇن كەيپىيات يېزىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. يېزا بويىچە 27 كەنتتە 1080 كۋادرات مېتىر خىش، بېتون قۇرۇلمىلىق مەدەنىيەت ئۆيلىرى سېلىندى. دىگۋارلىشىپ كىنو قويۇش، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى. رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 75% كە يەتتى. بەش ئورۇندا سۇ مۇنارىسى قۇرۇلدى. «10 يۇلتۇزلۇق» ئائىلە، «مەدەنىيەتلىك ئائىلە» 6732 گە يەتتى. دېھقانلار ئائىلىسى ئىچىدە «مەدەنىيەتلىك ئائىلە» لەرنىڭ بەرپا قىلىنىش نىسبىتى 100% بولدى.

دېھقانلار بۇ خىل يېڭى مەنزىرىدىن، بولۇپمۇ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كېتىشتى. ئۇلار «ئەمدى بىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىغا ئايلاندۇق» دېيىشتى.

1998 ـ يىل نويابىر، ئاۋات

# كۇسەندىكى مەدەنىيەت قىزغىنلىقى

قەدىمكى يۇرت كۇسەن ھەقىقەتەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى. مەن يېقىندا ۋىلايەت تەشكىللىگەن ئىجتىمائىي رايون مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە كۇچا ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرى، ئىجتىمائىي رايونلىرىدا زىيارەتتە بولۇش ئارقىلىق، بۇ ناھىيىدىكى خەلقنىڭ ھەقىقەتەن ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە تالانتىغا تايىنىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، كىشىلىك ھاياتىنى گۈزەل مەنە ھەم يېڭى تۈسكە ئىگە قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر قايناق مەنزىرىنى كۆردۈم.

## «مۇقام يۇرتى» دىكى قايناق ھايات

بىز ناھىيە بازىرىدىن 22 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «مۇقام يۇرتى» چىمەن يېزىسىغا كەلگەندە، قۇياش نۇرى زېمىننى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. بىز يېزا مەسئۇللىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتۇق. چىمەن يېزىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ئەمەت ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىپ مۇنداق دېدى: يېزىمىزدا 19 كەنت، 105 ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى، 34 مىڭ 895 نوپۇس بار. ئىلگىرى يې-

زىمىزدا خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە دىنىي كەيپىيات ئېغىر ئىدى. 1998 ـ يىلىدىن كېيىن بىز ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزم، سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردۇق. مۇئاۋىن يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن كەنتكە نۇقتىدا تۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، ئاساسلىقى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تۇتتى، دېھقانلارغا قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسى، مۇقىملىق تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ باردى. كەنتلەرنىڭ ھەممىسى ھەر كۈنى كەچتە دېھقانلارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. يېزا مەسئۇللىرى ئۆگىنىشكە قاتناشتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۆگىنىشنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل بولدى. ھەر ساھە، ھەر قاتلام كىشىلىرى نۆۋەت بىلەن ئۆگىنىشكە قاتناشتى، كەنتلەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتى، ئاياللار تەشكىلاتى، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ھەر قايسى كەنتلەر ئۆز ئالدىغا سەنئەت ئەترىتى تەشكىللەپ، دېھقانلارغا ئويۇن قويۇپ بەردى. سەنئەت سۆيەر خەلقىمىز ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، ئاممىۋى مەشرەپ، ئەلنەغمە، تەنتەربىيە پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان يېڭى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى.

يېزا باشلىقىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بىزگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى: 1998 ـ يىلى يېزا بويىچە 63 قېتىم نەق مەيدان يىغىنى، باھالاپ سېلىشتۇرۇش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلغان. 1999 ـ يىلى بۇنداق پائالىيەت 34 قېتىم ئېلىپ بېرىلغان. 2000 ـ يىلى ئالتە قېتىمغا چۈشكەن. بۇ يىل 8 ـ ئايغىچە ئاران ئىككى نۆۋەت ئېلىپ بېرىلغان، ھازىر بۇنىڭ ئورنىنى مەدەنىيەت پائالىيىتى ئىگىلىگەن، بۇ ئىشتىن خەلق رازى بولغان.

يېزا باشلىقى مۇنداق دېدى: بىز خىزمەتلەرنى باھالاشتا ئىككى مەدەنىيلىكنى بىر ئۆلچەم قىلدۇق. تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى ئورۇنداش بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئورگانىك بىرلەشتۈردۇق.

يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دەي شۆجۈن مۇنۇلارنى

تونۇشتۇردى: بىز ئالدى بىلەن كەنتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇ-لۇشنى كۈچەيتتۇق. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ دېھقانلارنى رازى قىلغان - قىلمىغانلىقىنى، ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بېيىتقان - بې-يىتمىغانلىقىنى خىزمەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى قىلدۇق. ھەر بىر كەنت ئايدا بىر قېتىم ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشنى تۇتتى، مەنىۋى مەدەنىيلىكنى تۇتتى، تەربىيلەشنى تۇتتى. مەدەنىيەت ئۆيى، قىرائەتخانا، ۋالىبول مەيدانى، ۋاسكېتبول مەيدانى قۇرۇپ، دېھ-قانلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەتكە قاتنىششىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. يېزىمىز ھازىر مەملىكەت بويىچە «مۇقام يۇرتى»، «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. ھازىر يېزىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى ۋە مۇقام سەنئەت ئەترى-تى قۇرۇلغانىنىڭ سىرتىدا، 19 كەنتنىڭ ھەممىسىدە دېھقانلار سەنئەت ئەترىتى قۇرۇلدى. يېزىمىزنىڭ مەدەنىيەت سورۇنلىرى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. كەنتلەر دائىم پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرى-دۇ. يېزا ئايدا بىر قېتىم چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ تەنتەر-بىيە پائالىيىتى تەشكىللەيمىز. دېھقانلار بۇ پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشى-دۇ، يېزىمىز يەنە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» سۆزىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، كەنت، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرىغىچە بېرىپ، سەييارە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردۇق. بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى چوڭ بولدى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلارنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى جانلان-دى، ئاممىۋى مەدەنىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى روزى مويدىن مۇنداق بىر پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئىلگىرى دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇل-لىنىدىغانلار كۆپ ئىدى، ھازىر ئۆزلۈكىدىن ئازىيىشقا باشلىدى. بۇ-نىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دېھقانلار ئاممىسى ئاممىۋى مەدەنىيەت-كە قىزىقىپ، مەدەنىيەتكە، ئىلىم ـ پەنگە يۈزلىنىش قىلىشقا يۈزلەنگەن، يېزا بويىچە پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانى 821 نەپەرگە يەتكەن، بۇ يىل 175 نەپەر ياش پارتىيىگە ئىلتىماس يازغان. بۇ يىل يېزىدىكى 19

كەنت 33 قارار پەن ـ تېخنىكىدىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقان، 14 مىڭ دېھقان بۇ كۇرسقا قاتناشقان.

بىز تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئايگۈل قېيىۇم، ئېزىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يېزىلىق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتى، ئوتتۇرا مەكتەپ، مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردۇق. بولۇپمۇ مەدەنىيەت پونكىتىدىكى مەنزىرە بىزنى ھەيران قالدۇردى. مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئىشخانىسىغا چىمەن يېزىدىسدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ھازىر ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، كوچا دائىرىسىدە مەدەنىيەت ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۆزگە كۆرۈنگەن ئارتىسلارنىڭ سۈرىتى، تەرجىمھالى ئېسىلغان. مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ پائالىيەت مەيدانى، مەيدان گىرۋىكىدىكى رېستوران، كىتاب ئۆيى، پونكىت ئالدىدىكى قايناق مەنزىرە قاتارلىقلاردىن كۈچلۈك مىللىي سەنئەت پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ باشلىقى قۇربان نىياز «ئۆتكەن يىلى يېزا بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ ـ كىچىك ئاممىۋى پائالىيەت 74 قېتىمغا يەتتى» دېدى. ئۆتكەن يىلى قۇرۇلغان مۇقام سەنئەت ئەترىتى 150 مەيدان ئويۇن قويغان، ھەتتا ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلاردىمۇ 50 مەيدان ئويۇن قويۇپ، 70 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلغان. يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە مۇقام سەنئەت ئەترىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن. يېزا مۇقامچىلارنىڭ ھەر بىرىگە بەش مودىن تېرىلغۇ يەر ھەل قىلىپ بېرىپتۇ، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە بەزى سېلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. 18 مۇقامچىنىڭ ھەر بىرىگە ئىككىدىن شاگىرت تەربىيىلەش ۋەزىپىسى بېرىپتۇ. «بۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىش بوپتۇ» دېيىشتۇق بىز.

مەدەنىيەت پونكىتىدا كىتابلار كۆپ ئىكەن. ئىگىلىشىمىزچە بۇلتۇر پونكىت 1400 يۈەنلىك كىتاب سېتىۋېلىپ، كىتاب زاپىسىنى كۆپەيتىپتۇ. بۇلتۇر 460 يۈەنلىك، بۇ يىل 460 يۈەنلىك گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بوپتۇ. ھەر كۈنى 200 دەك ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ كىتاب ـ ماتېرىيال كۆرىدىكەن. ھازىر بۇ پونكىتتا 2800 پارچە كىتاب بار ئىكەن. يېزا بۇ يىل 52 مىڭ يۈەنلىك كىتاب سېتىۋېلىپ كەنت-

لەرگە تارقىتىپ بەرگەن، يېزىدىكى 19 كەنتنىڭ 11 ىدە ئۆلچەملىك مەدەنىيەت ئۆيى بار ئىكەن، 17 كەنت 500 دىن ئارتۇق كىتاب بولۇش ئۆلچىمىگە يېتىپتۇ. بىزنى ھەيران قالدۇرغان يەنە بىر ئىش شۇ بولدىكى، مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئىشخانىسى ھەر خىل لەۋھە ۋە تەقدىرنامىلەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن «مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا»، «جۇڭگودىكى خەلق سەنئىتى يۇرتى» دېگەن گۇۋاھنامىلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى.

مۇقام يۇرتى بىزدە ھەقىقەتەن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

## گۈللىنىۋاتقان يېزا مەدەنىيىتى

بىز ئالاقاغۇ، ئۇچئۆستەڭ، ئىشخىلا، ئوچا يېزىلىرىدا چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، مەكتەپلەر ۋە كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى ئارىلىدۇق. كەنت كادىرلىرى، ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتۇق. ھەممە جاي، ھەممە يەردە بىر خىل قويۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك ھىدى بار ئىدى. بىز ئۇچئۆستەڭ يېزىسىنىڭ داۋزىيا كەنتىگە كەلگەندە كۆزىمىزگە ئىشەنمەي قالدۇق. كەنتنىڭ پائالىيەت مەركىزى چوڭ ھەم چىرايلىق بولۇپ، كىشىگە ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرەتتى. كەنتنىڭ ئىككى قەۋەتلىك خىزمەت بىناسى كەنتنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى، بىز مەدەنىيەت ئۆيىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى نىياز مىجىتنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، شەنبە كۈنلىرى كەنت بويىچە بۇ يەردە چوڭ يىغىن ئېچىلىدىكەن، يىغىندىن كېيىن ھەر خىل مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيىتى قىزىپ كېتىدىكەن. ۋالىبول كوماندىسى، ۋاسكېتبول كوماندىسى، ئەلنەغمىچىلەر ئەترىتى، شېئىر دېكلاماتسىيە ئەترىتى بەس ـ بەستە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىكەن. دېھقانلار بۇ خىل پائالىيەتكە كۆنۈپ كېتىپتۇ. بۇنداق بولغاچقا، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مۇ يوق ئىكەن. قىرائەتخا-

نىدا 502 پارچە كىتاب، 7 خىل گېزىت، 3 خىل ژۇرنال بار ئىكەن. ئۇچئۆستەڭ يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پاتىگۇل مۇنداق دېدى: ھازىر يېزىمىزدىكى 19 كەنتنىڭ 17 سىدە مەدەنىيەت ئۆيى بار بولدى. لەنگەر، 1 ـ تۇغچى، داۋزىيا، ئۇچئۆستەڭ، ئارامھەللە كەنتلىرىدە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى قۇرۇلدى. بىز ھەر يىلى نورۇز بايرىمى، ياشلار بايرىمى، ئۆكتەبىر بايرىمى قاتارلىق تۈرلۈك بايراملاردا يېزا خاراكتېرلىك مەدەنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. بۇ يىل جەمئىي ئالتە قېتىم دېھقان ـ چارۋىچىلار سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردۇق. كەنتلەرمۇ ئۆز ئالدىغا ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەۋاتىدۇ. يېزىلىق كىنو ئەترىتى كەنتمۇ كەنت ئايلاپ كىنو قويۇۋاتىدۇ. كۈسەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە ھەر قايسى يېزىلىق سەنئەت ئەترەتلىرىمۇ دائىم يېزىمىزغا كېلىپ ئويۇن قويۇۋاتىدۇ.

بىز ئارامھەللە كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە، ئاللىقاچان چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغانىدى. بىراق، بىز ئارام ئالماي كەنتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتىنى ئىگىلىدۇق. بۇ كەنت ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات ئىكەن، ئەمما خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى مول ئىكەن. ھەر شەنبە كۈنى ياشلار كەنتكە يىغىلىپ ئاممىۋى مەشرەپ ۋە تانسىغا قاتنىشىدىكەن، پائالىيەتكە دېھقانلارمۇ كېلىدىكەن. ھەر قېتىملىق يىغىندىن كېيىن ئاممىۋى پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇلىدىكەن. كەنتنىڭ مەدەنىيەت ئۆيى، پائالىيەت سورۇنى، توپ مەيدانى بار بولسىمۇ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئۈسكۈنە سېتىۋالالماپتۇ، نۇرغۇن ياشلار «بۇ قىيىنچىلىقىمىزمۇ ئاستا ـ ئاستا ھەل بولىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن بىزنىڭ ئاممىۋى مەشرىپىمىز توختاپ قالمايدۇ» دېدى.

ئىشخىلا يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ مەسئۇلى دىلبەر بىزنى چىرايلىق بېزەلگەن قىرائەتخانا، پائالىيەت ئۆيىگە باشلاپ كىردى. بۇ يەرنىڭ مۇھىتى گۈزەل بولۇپ، ھەقىقىي بىر مەدەنىيلىك پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. بىز بۇ يېزىنىڭ ئارامھەللە كەنتىنىڭ يېزا مەدەنىيەت

قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. دېھقانلار-نىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان قىزىقىشى ئېشىپتۇ، ئۇلار ئىلىم - پەنگە ئاتلىنىپتۇ.

## ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ئېيتقانلىرى

ئەخمەت تۆمۈر ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە پېشقەدەم ئارتىس. ھازىر ئۇ كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارى-سىنىڭ باشلىقى. ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى كۇچادا ئۇيۇشتۇرغان ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا باشلامچىلىق بىلەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ھازىرغا قەدەر ناھىيە-مىز بويىچە توققۇز مەدەنىيەت پونكىتى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويى-چە «ئىلغار مەدەنىيەت پونكىتى» بولۇپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بىر يېزا مەملىكەت بويىچە «مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا» بولۇپ تەق-دىرلەندى. ناھىيىمىزدىكى 216 كەنتنىڭ 196 سىدە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى، بۇنىڭدىن 105 كەنتنىڭ مەدەنىيەت ئۆيى ئۆلچەمگە يەتتى. بۇ كەنتلەردە ئۈچ ئۆي، ئىككى مەيدان، بىر زال بولۇش ئىشقا ئاشتى. بۇ يىل ناھىيىمىز يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى. بىز بۇنى ئۈچئۆستەڭ، ئاقئۆستەڭ، ئالاقاغۇ، دۆڭقوتان قاتارلىق تۆت يېزىغا بۆلۈپ بەردۇق. بۇ پۇل بىلەن بۇ تۆت يېزىدىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرى يېڭىلىنىدۇ، ئەسلىھەلەر تو-لۇقلىنىدۇ. بۇ يىل بۇ تۆت يېزىنى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلغار مەدەنى-يەت پونكىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. ھازىر ناھىيە بويىچە تۆت يېزا دېھقانلار سەنئەت ئەترىتى تەشكىللىدى. كۆپلىگەن كەنتلەر بۇ جە-ھەتتە ھەرىكەتكە كەلدى. بىز كەنتلەر بىلەن دىگۋارلىشىپ كىنو قو-يۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىنو كۆرۈشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق. ناھىيىلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئال-دىنقى يېرىم يىلدا كەنتلەردە 105 مەيدان ئويۇن قويدى. ھازىر ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت خىزمىتى رەھبەرلىك

تورى شەكىللەندى.

ئەخمەت تۆمۈر ئۈچئۆستەڭ يېزىسىدا يېزا باشلىقىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا، «ئەگەر مەن بۇ يىل ناھىيە بويىچە مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى 100% كە، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتىنى 80% كە يەتكۈزەلمىسەم ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىمەن» دېدى. بۇ ئۇنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى، شۇنداقلا كۇچانىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى ئولۇغۋار ئىرادىسىنىڭ جانلىق دەلىلى ئىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جېلىل ئابلىز مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتتى.

كۇچا ناھىيىسى «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ۋە يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىسىنى پۇختا ئىگىلەپتۇ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە جانلاندۇرۇپتۇ. ۋىلايەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى تۇراۋۇدۇن تاتلىق كۇچانىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: 1) ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرگەن، تونۇش ئۆستۈرۈلگەن. 2) يېتەكچى ئىدىيە ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. 3) يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، خەلقنىڭ ئۆز سەنئىتى ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇلغان. بىز بۇ قەدىمىي دىيارنىڭ كەم تەرەپلەرنى تولۇقلاپ، تەكشى تۇتۇپ، خەلقنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2001 ـ يىل سېنتەبىر، كۇچا

# ھېكمەت ئۆزگەرتكەن تەقدىر

«مەتبەئە ــ مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى». بۇ بىر ھېكمەت، بۇ بىر ھەقىقەت. بىراق بۇ ھېكمەت ئەنۋەر ئابلىزنىڭ ياشلىق ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن، ئاخىرى بېرىپ ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن ۋولقان بولۇپ قالدى.

دەرۋەقە، تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلار ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئەنۋەر ئابلىز مەتبەئەچىلىك كەسپىگە قىزىقىپ قالغاندىن بۇيان، بۇ ھېكمەتنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمىدى. بەلكى بۇ ھېكمەت بارغانچە چوڭىيىپ، جۇلالىنىپ، ئۇنىڭ ئوتلۇق قەلبىدە يەنىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، خۇددى قۇياش ئاپتىپىدەك تەدرىجىي نۇرلىنىپ باردى. ئۇنىڭغا تۈگىمەس ئۈمىد، ئىشەنچ، ئىلھام، قانات ۋە چەكسىز مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلدى. توسالغۇلارنى يېڭىدىغان ماياك، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتىدىغان مەشئەل بولدى. ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتىدىكى بۇ خىل گۈزەل تۇيغۇ، يېڭى مەنە، قايناق مۇھەببەتنى ئاشۇ ۋولقان بەخش ئەتتى. مەن يېقىندا ئۇ ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇۋاتقان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىغا بارغىنىمدا كۆزلىرىم ئىختىيارسىز زاۋۇتنىڭ ئىشىك بېشىدىكى چوڭ ۋىۋىسكىغا يېزىقلىق «مەتبەئە—مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى» دېگەن خەتكە چۈشتى. بۇنىڭدىن مەن بۇ ئۇلۇغ ھېكمەتنىڭ ئەنۋەر ئابلىزنىڭ ھاياتىغاكۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ھەقىقەتەن زورلۇقىنى ھېس قىلدىم.

ھەر قانداق ئادەمدە بىر ئۇلۇغۋار ئارزۇ بولغاندەك، ھەر قانداق بىر تەقدىرنىڭمۇ بىر باشلىنىش نۇقتىسى بولىدۇ. ئەنۋەر ئابلىزنىڭ مەتبەئەچى-

لىك ھاياتى 1984 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا باشلانغان. شۇ مەزگىلدە ئاۋات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىكى ناھىيىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەتبەئە بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قامداش مەقسىتىدە بىر باسما زاۋۇتى قۇرۇش كويىدا يۈرگەنىدى. ئەنۋەر ئابلىزنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى تۇپەيلىدىن ئۈرۈمچىدىن بۇ ئىدارىگە يۆتكىلىپ كېلىشى ئىدارە رەھبەرلىكىنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. ئۇلار ئەنۋەر ئابلىزنىڭ ياشلىق ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان ئۇمىدلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ، «ئۇكام ئەنۋەر، باسما زاۋۇتىنى قۇرۇش، باشقۇرۇش ئىشىنى سىزگە تاپشۇردۇق، بۇ بىزنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ناھىيىمىزدىكى كەڭ مائارىپچىلارنىڭ ئۈمىدى» دېدى. ئەنۋەر ئويلىنىپ قالدى، چۈنكى باسما ـ مەتبەئە ئىشلىرى ئۇنىڭغا يات كەسىپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۆگەنگىنى بىناكارلىق كەسپى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش 2 ـ شىركىتىدە تۆت يىل ئىشلىگەنىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەنۋەر ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى باسما زاۋۇتى قۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىششقا قوشۇلدى ھەمدە بۇ ساھەدىكى تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق، بىر كۆلەملەشكەن، مۇكەممەللەشكەن زاۋۇت قۇرۇپ چىقتى. ئۈچىنچى يىلى تەشكىل ئۇنى بېيجىڭ مەتبەئە ئىنستىتۇتىغا بىر يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ھەر قانداق بىر ھەۋەس ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشتىن تۇغۇلىدۇ. ئەنۋەر بۇ كەسىپكە بارا ـ بارا قىزىقىپ قالدى، ئۆگەنگەنسېرى ھەۋىسى چوڭقۇرلاشتى. بىراق بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەنۋەر ئابلىزنىڭ خىزمىتىنى ناھىيىلىك شتات كومىتېتىغا يۆتكەپ چىقتى. ئەنۋەر ئابلىز خىيالغا پاتتى. «شتات كومىتېتى ھەقىقەتەن مۇھىم ئورۇن، بىراق مەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمەن، بىناكارلىق كەسپىنىمۇ ئىشلىيەلمىدىم، بۇنىڭغۇ مەيلى دەي، بىراق مەتبەئەچىلىك كەسپىنىچۇ؟ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان بۇ ئىشقا خېلىلا كىرىشىپ قالغانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېيجىڭدا مەخسۇس بىر يىل ئوقۇپ كەلدىم، ئۆگەنگىنىمنى ئىشلىتىدىغان جايغا كەلگەندە بۇ يەرگە يۆتكىلىپ چىقتىم. بۇ قانداق بولغىنى»... بىر خىل ئوت ئەنۋەر ئابلىزنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرەتتى، قەلب جامى ئارزۇ ـ ئارمانغا لىق تولغانىدى. بىراق ئامال قانچە؟...

ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆت ـ بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى، كۈتكەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. 1993 ـ يىلى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان 3 ـ كەسپكە يۈرۈش قىلىش سىياسىتى ئەنۋەر ئابلىزنىڭ قەلبىنى يايراتتى، ئۇنى مەدىنى قايتىدىن ئۇرغۇتتى، غەيرىتىگە ئىلھام بەردى. ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەشكىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «شتاتنى ساقلاپ قېلىش» يولى بىلەن ئىدارىدىن يېنىپ چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلىشىگە، ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ۋە ئەقلىنى بىمالال ئىشقا سېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلغانىدى. ئۇ بانكىدىن 25 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، ئارزۇسى بويىچە شۇ يىلىلا ئاۋات ناھىيە بازىرىدا بىر باسما زاۋۇتى قۇرۇپ چىقتى. قاتتىق تىرىشىش ئارقىلىق زاۋۇتنى كىچىكلىكتىن زورايتىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچلەندۈردى. ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلىدى ۋە سەرخىللاشتۇردى. جاپالىق ئىزدىنىپ، ئىش مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ، باسما تىجارىتىنى جانلاندۇردى. نەتىجىدە ئۈچ يىل ئىچىدە قەرزنى قايتۇرغاندىن سىرت، مۇقىم مۈلۈك قىممىتىنى 115 مىڭ يۈەنگە، ئايلانما مەبلەغنى 35 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. تىجارەت دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۇ مارالبېشى ناھىيىسىدە يەنە بىر شۆبە باسما زاۋۇتى قۇردى. ئىككى جايدىكى زاۋۇتقا جەمئىي 12 نەپەر ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. تۆت يىل جەريانىدا دۆلەتكە 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج، پايدا تاپشۇردى.

ئەنۋەر داۋاملىق قۇدرەت تېپىشنى، بۇ ساھەدە نام ـ ئاتاق چىقىرىشنى ئىستەيتتى ھەم زاۋۇتنى ئاقسۇغا يۆتكەپ كېلىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. دەل شۇ كۈنلەردە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىنىڭ مەسئۇلى پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى زاۋۇتقا جەمئىيەتتىن مۇۋاپىق ئادەم تەكلىپ قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. دەرۋەقە بۇ ئىشقا ئەنۋەر ئابلىز مۇۋەپپەق بولدى. ئۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇ كۆڭلىدە «ئەمدى ئامىتىم كەلدى، كىتاب ـ ژۇرنال بېسىش ئىجازەتنامىسى ئېلىشتا شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئورۇننىڭ ئىلكىدىكى زاۋۇتنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بۇ تازىمۇ ياخشى بولدى. نەشر ھوقۇقىغا ئېرىشمەي تۇرۇپ قانداقمۇ نام چىقارغىلى، روناق تاپقىلى بولسۇن،

ئەمدى بۇ شارائىتلار ھازىرلىنىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى. بىراق رېئاللىق رەھىمسىز ئىدى، باسما زاۋۇتىنىڭ ھالىتى ئەنۋەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدى. 1986 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇ زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كونا ھەم قالاق بولۇپ، دەۋرنىڭ خېلى بەك ئارقىسىدا قالغانىدى. بىر دانە تۆت فورماتلىق قوغۇشۇن بەت باسما ماشىنىسى، بىر دانە پىچاق ۋە بىر دانە تۇپلەش ماشىنىسى بار ئىدى. ئازراق ئايلانما مەبلىغىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زاۋۇتنىڭ كاسسىسىدا بىر پۇڭمۇ پۇل يوق ئىدى. مەكتەپ زاۋۇتقا ۋەزىپە چۈشۈرۈپ بېرىپ، ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى بىر تۇتاش تارقىتىپ كەلگەنىدى. زاۋۇتقا ئىسلاھات شامىلى تېخىچە يېتىپ كەلمىگەنىدى. ئەنۋەر خورسىنىپ قويىدى...

مەكتەپ رەھبەرلىكى ئەنۋەر ئابلىزنى بىر يىل سىناپ ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. ئۇ تۆت ئادىمى بار بۇ زاۋۇتنى ھەقىقەتەن ئوبدان باشقۇردى. ئىش مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، سۈرئەت ۋە سۈپەتكە ئەھمىيەت بەردى. بىر يىل ئۆتكەندە ئەسلى بار بولغان ئايلانما مەبلەغنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، 19 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ياراتتى. ئەنۋەر ئابلىز مەكتەپ رەھبەرلىكىگە زاۋۇتنى ھۆددىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى. ئۇنىڭ بىر يىللىق ئەمەلىيىتىدىن قانائەت ھاسىل قىلغان مەكتەپ رەھبەرلىكى ئەنۋەرنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ، 1999 ـ يىلى زاۋۇتنى بەش يىللىق مۇددەت بىلەن ئۇنىڭغا ھۆددىگە بېرىشكە قوشۇلدى.

ئۈمىد ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئەنۋەر ئابلىز زاۋۇتنىڭ قانۇنلۇق خوجايىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، قەتئىي ئىرادە بىلەن ھەممە ئىشنى يېڭىۋاشتىن باشلاشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئالدى بىلەن «داشقازان» نى چېقىپ تاشلاپ، ئىشلىگىنىگە قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئالتە ئادەمنى سىرتتىن تەكلىپ قىلدى. تۇنجى يىلى 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بىر دانە كومپيۇتېر، بىر دانە بەت قاقلاش ماشىنىسى، بىر دانە كىچىك تىپلىق رەڭلىك باسما ماشىنىسى ۋە بىر دانە تۇپلەش ماشىنىسى سېتىۋالدى. ئىككىنچى يىلى يەنە 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، بىر دانە كومپيۇتېر، بىر دانە

چوڭ تېپىلىق رەڭلىك باسما ماشىنىسى سېتىۋالدى، ئەسلىدىكى بەت قاتلاش ماشىنىسىنى چوڭايتتى.

يول ماڭغانسېرى راۋانلاشتى. ئەنۋەر ئابلىز زاۋۇت شارائىتىنى ياخشىلىغاندىن كېيىن، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىش ئىزدىدى. چۈنكى قىلىدىغان ئىش بولمىسا ھەر قانداق كارخانا روناق تاپالمايدۇ. بولۇپمۇ باسما زاۋۇتلىرى تېخىمۇ شۇنداق. ھازىر ئاقسۇ شەھىرى تەۋەسىدىلا چوڭ ـ كىچىك باسما زاۋۇتتىن 40 نەچچىسى بار بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولماقتا. ئەنۋەر بۇ رىقابەتلىك بازاردا مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن،سۈپەت ۋە سۈرئەتنى كارخانىنىڭ ھاياتىغا ئايلاندۇردى. لەۋزىدە تۇرۇپ، ئىش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئۇ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىش مەنبەسىنى كۆپەيتتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈردى. 1999 ـ يىلى 200 مىڭ يۈەنلىك، 2000 ـ يىلى 350 مىڭ يۈەنلىك، بۇ يىل 3 ـ ئايغىچە 80 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلغاندىن سىرت، مائاش ئىسلاھاتىدا زاۋۇتنىڭ تۆت نەپەر رەسمىي ئىشچىسىغا بەلگىلىمە بويىچە مائاش قوشۇپ بەردى. تۈرلۈك رەسمىيەتلەرنى ۋاقتىدا ئادا قىلدى. ئىككى يىل جەريانىدا دۆلەتكە 20 مىڭ يۈەنگە يېقىن باج، پايدا تاپشۇردى.

ھېكمەت ـ ئەنۋەر ئابلىزنىڭ شىجائىتىنى ئۇرغۇتتى، ياشلىق باھارىنى گۈزەل مەنزىلەرگە تولدۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: مېنىڭ تەقدىرىم مەتبەئەچىلىك بىلەن چەمبەرچاس باغلاندى. تېخىمۇ ئىزدىنىپ كىتاب ـ ژۇرنال ئىجازەتنامىسى ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، 2004 ـ يىلغا بارغاندا، 700 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىشقا تىرىشىمەن.

2001 ـ يىل ئاپرېل، ئاقسۇ

# مىرچىغدىكى مەمۇرچىلىقلار

«مىرچىغنى ئاخىرى مەمۇرچىلىق قاپلىدى، يېزا باشلىقى نۇردۇن بوش كەلمىدى. ئۇ ھازىر ناھىيىدىكى يېزا باشلىقلىرىنىڭ ئالدى بولۇپ قالدى.» بۇ مەن باي ناھىيىسىدە ئەڭ كۆپ ئاڭلىغان سۆز بولۇپ، مېنىڭ مىرچىغ يېزىسىنى زىيارەت قىلىش ئىستىكىمنى بارغانچە كۈچەيتىۋەتتى. ئالتۇن كۈزدىكى تازا مەمۇرچىلىق پەسلىدە مەن ئاخىرى مىرچىغ يېزىسىنى زىيارەت قىلدىم. يېزا باشلىقى نۇردۇن ئىبراھىم ئىشخانىسىدا چوڭقۇر خىيال سۈرگەچ بىر نېمىلەرنى يېزىپ ئولتۇراتتى.

ـ بۈگۈن ئىشخانىڭىز ئەجەپ جىمىپ قاپتىغۇ، دەرد ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر تۈگىگەن ئوخشىمامدۇ؟

ـ ھازىر دەرد ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈدەك ئادەممۇ قالمىدى، ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، تۇرمۇش ياخشىلانغاندىن كېيىن بۇ يەرگە كىممۇ ھال ئېيتىپ كېلىدۇ دەيسىز؟

ئۇنىڭ سۆزى مېنىڭ مىرچىغ يېزىسىدىكى ئامىنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلغانلىقىغا بولغان چۈشەنچەمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

نۇردۇن ئىبراھىم مۇنداق دېدى: بەش يىلنىڭ ئالدىدا يېزىمىز ھەقىقەتەن نامرات ئىدى. خەلق غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىز يېڭىلىق يارىتىش، ئۇستۇنلۇكتىن پايدىلىنىش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش روھىنى يېتىلدۈرۈپ، قەدەمنى پۇختا ئېلىپ، دېھقانلارنى بازارغا يۈزلىنىشكە، تەرەققىياتقا ئاتلىنىشقا يېتەكلىدۇق. ھەر خىل چارە ـ ئاماللار بىلەن ئۇلارنىڭ كىرىمنى كۆ-

پەيتىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا كىرىشتۇق. يېزىمىزنىڭ تەبىئىي ئەۋ-
زەللىكىدىن پايدىلىنىپ، شەرقتە شال ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلى-
قىنى، غەربتە ئۈزۈمچىلىك ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نى-
شان قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلەتتۇق. 1999 ـ يىلىدىن
ھازىرغىچە شالنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنى 1200 موغا، بىرلىك ھوسۇلىنى
515 كىلوگىرامغا، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى كۆلىمىنى 5000 مو-
غا، بېلىق بىرلىك ھوسۇلىنى 500 كىلوگىرامغا يەتكۈزدۇق. بېلىق كۆ-
لىمى ۋە ھوسۇلىنى ئۈچ يىلدا بىر قاتلىدۇق...

مىرچىغ يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان
بولۇپ، ئۆلكە يولىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ھەيۋەتلىك قاپسلاڭ
دەرياسى بىلەن مۇزات دەرياسى مۇشۇ يېزا چېگراسىنى بويلاپ، ئۆز
ئېقىنىنى داۋام قىلىدۇ. ئىلگىرى قۇم ـ بوران دائىم بۇ يېزىغا تەھدىت
سېلىپ تۇرىدىكەن. قاقاسلىقلار، سازلىقلار، چاتقاللىقلارنى ھەممە يەر-
دە كۆرگىلى بولىدىكەن، ھازىرچۇ؟ ھازىر بۇ يەرنىڭ ھالىتى تۈپتىن
ئۆزگىرىپتۇ. يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇ-
رۇش بىلەن بىرگە، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تە-
رەققىي قىلدۇرۇپ، چۆللەرنى كۆكەرتىپ، قاقاسلىقنى بوستانلىققا
ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ ئارقىلىق ھەم ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ھەم ئىقتىسا-
دىي شارائىتنى ياخشىلاش نىشانىغا يېتىپتۇ.

نۇردۇن ئىبراھىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يېزا بىر قانچە يىلدىن
بۇيان ئۈزۈمچىلىك، ياڭاقچىلىق قەدىمىنى تېزلەتكەن. ئېكولوگىيىلىك
ئورمان بىنا قىلىش بىلەن مۇداپىئە ئورمىنى بەرپا قىلىشنى تەڭ تۇت-
قان. ھازىرغىچە 600 مو كۆلەمدە مۇناقى ئۈزۈم، 1600 مو كۆلەمدە
ئېكولوگىيە ئورمىنى، 860 مو كۆلەمدە مۇداپىئە ئورمىنى بەرپا قىلغان.
يىلمۇ يىل تۇتۇش، يىلمۇ يىل كېڭەيتىش، ئۈنۈم قازانمىغىچە بولدى
قىلماسلىقتەك كۈرەش روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قىممىتى بىر
قەدەر يۇقىرى بولغان باغ، ئورمان بەرپا قىلىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئور-
مانغا، ئوتلاققا قايتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتقان. نەتىجىدە 5720
مو تېرىلغۇ يەرگە ياڭاق تىكىپ، ئوت ـ چۆپ تېرىپ، تۇتۇش نىسبى-

تىنى 85 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇپتۇ. ئورمانغا، ئوتلاققا قايتۇرۇلغان يەر كۆلىمى ناھىيە بويىچە ئورمانغا، ئوتلاققا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 30 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپتۇ. ئالما، نەشپۈت، ئۈزۈم، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلەر ھازىر دېھقانلارنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسىگە ئايلىنىپتۇ. نۇردۇن ئىبراھىم مۇنداق دېدى: بىز بىر قاتار خىزمەت نەتىجىلىرىمىزگە ئاساسەن، بۇلتۇر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن «كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەندۇق. مەن ۋىلايەت بويىچە «كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بولدۇم. يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى گۇ جىڭچياڭ مەملىكەت بويىچە«كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ھازىر قۇم ـ بوراننىڭ تەھدىتى ئاساسەن پەسەيدى.

— بىز سۇ بايلىقىمىز مول بولۇشتەك ئەۋزەللىكىمىزگە تايىنىپ بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇردۇق، — دېدى نۇردۇن ئىبراھىم يېزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى تونۇشتۇرۇپ، — بىز بىر نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، سازلىقتا بېلىق كۆلى ياسىدۇق. بۇ ئىشنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى سۈپىتىدە چىڭ تۇتتۇق. بۇ ناھايىتى تېز ئۈنۈم بەردى. بۇ يەرنىڭ بېلىقلىرى يىراق ـ يېقىنغا توشۇلدى. بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتقا ئايلاندى.

ئىگىلىشىمچە، مىرچىغ يېزىسى دېھقانلارنى بېيىتىشتا چارۋىچىلىققىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپتۇ. ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا بېقىپ، باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش بىلەن بىرگە، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، تىۋىتلىك ئۆچكە، سېمىنتال كالىنى زور مىقداردا كۆپەيتىپ، قوتان قالدۇقىنى 60 مىڭ 556 تۇياققا يەتكۈزۈپتۇ. ھەممە ئائىلىدە چارۋا ـ مال بېقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ. ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە زور قەدەم تاشلاپتۇ. ھازىرغىچە يەتتە ئورۇندا بورداقچىلىق كىچىك رايونى قۇرۇپ چىقىپتۇ ھەمدە 79 ئائىلىنى مەخسۇس باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەپتۇ. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىدە گۆش، ماي، بېغىدا مېۋە، ئامبىرىدا ئاشلىق، يانچۇقىدا پۇل بولۇشتەك مەمۇرچىلىقتا تولغان ۋەزىيەت پەيدىنپەي شەكىللىنىشكە

باشلاپتۇ.

يېزا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئاۋۋال ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇ-لۇشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مىرچىغ يېزىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى يادرو قىلغان يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرگەن. 12 كىلومې-تىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساپ چىققان، يەتتە ئورۇنغا سېمونت كۆۋرۈك، 32 ئورۇنغا زاكو سالغان. 55 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇق-تىكى يولغا شېغىل ياتقۇزۇلغان، 48 ئورۇندا يېڭىدىن باغ بەرپا قىلغان. يېزىنىڭ سۇ يۈزى يۇقىرى، تۇپرىقى شور بولۇشتەك ۋەزىيەتنى ئۆز-گەرتىش ئۈچۈن، بىر قانچە يىلدىن بۇيان يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت ئامىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 44 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيلىك چېپىپ، 16 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېتىزغا ئايلاندۇرۇپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك مەھسۇلات تۆۋەن، كىرىم تۆۋەن بولۇشتەك قاتمال ۋەزىيەت مەھسۇلات يۇقىرى، كىرىم يۇقىرى بولۇشتەك يېڭى ۋەزىيەتكە ئۆزگەرگەن. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم يىلمۇ يىل ئاشقان. 1998 ـ يىلى كىشى بې-شى كىرىمى 1800 يۈەنگە يېتىپ، 1997 ـ يىلدىكىدىن 100 يۈەن كۆپەيگەن. 1999 ـ يىلى 1863 يۈەنگە، 2001 ـ يىلى 2310 يۈەنگە يەتكەن. ھازىر يېزا بويىچە ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 8000 تۇياققا، سېمىنتال كالىسى 1368 تۇياققا يەتكەن. چارۋىچىلىق كىرىمى ئومۇمىي كىرىمنىڭ 32 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇ يىل بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 400 كىلوگىرامغا، قوناقنىڭ 980 كى-لوگىرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىللاردىكىدىن زور مىقداردا ئاشقان. ھازىر ھەممىلا يەرنى مەمۇرچىلىق قاپلىغان.

يېزا باشلىقى مۇنداق دېدى: «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلدە يەتتىن ئۆتكۈزۈشتە، ھەممە تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش كې-رەك. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، يەنە نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردۇق. يېزا ئورگىنىدىكى رەھبىرىي كادىرلار ۋە يېزا تەۋەسىدىكى ئو-

رۇنلارغا نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ، نامراتلارنى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن ھەر دائىم بەھرىمەن قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. مەبلەغ توپلاپ نامرات ئائىلە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقان 225 ئائىلىگە ئۆي سېلىپ بەردۇق. يېزىلىق پاراۋانلىق ساناتورىيىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، ئۇنىڭغا 21 نەپەر ئىگە ـ چاقىسىز، يېتىم ـ يېسىرلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۇلار نۆۋەتتە خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

بۇ يېزا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، مائارىپ خىزمىتى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت، تېخنىكا ساپاسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرگە ئەھمىيەت بەرگەن. ھازىر يېزا بويىچە تۆت ئورۇنغا يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئۇسكۈنىسى سەپلەنگەن. ھەممە كەنتتە رادىئو كانىيى بولۇش، مەدەنىيەت ئۆيى بولۇش، مەدەنىيەت ـ تېخنىكا سىنىپى بولۇش، ئۇنىڭدا تەربىيىلىنىدىغان ئادەم بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى ياخشى ئەمەلىيلەشكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى 95 پىرسەنتكە يەتكەن. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يېزا جەمئىي 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، خەتەرلىك سىنىپلارنى ئۆزگەرتىپ، مەكتەپ شارائىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىغان...

مىرچىغ يېزىسى رەھبەرلىرىنىڭ بىر نەچچە يىللىق تىرىشچانلىقى بۇ زېمىندا مول مېۋە بەرگەن. مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە يېزا ۋىلايەت تەرىپىدىن «كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا»، «ئۈچنى ئاساس قىلىشتىكى لاياقەتلىك يېزا»، «پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا» دېگەن شەرەپكە، ناھىيە تەرىپىدىن «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار يېزا»، «يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا»، «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا»، «پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار يېزا»، «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا»، «خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا»، «مىيىپلار خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا» دېگەن شەرەپلەرگە

ئېرىشكەن. نۇردۇن ئىبراھىم 2000 ـ يىلى ۋە 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە «پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىز- مىتىدىكى ئىلغار شەخس»، بۇ يىل ۋىلايەت تەرىپىدىن «كەلكۈنگە تا- قابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بو- لۇپ تەقدىرلەنگەن.

يېزا باشلىقى ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: مىرچىغىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. بۇ يىل بىز كىشى بېشى كىرىمنى بۇلتۇرقىدىن يەنە 250 يۈەن كۆپەيتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىدا يەنىمۇ زور سەكرەشنى بارلىققا كەلتۈرىمىز...

2002 ـ يىل نويابىر، باي

# شانلىق مۇساپە، پارلاق نەتىجە

بۈلتۈر كۈزدە بىز ئاپتونوم رايونلۇق «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە بەشئېرىق بازىرىنىڭ مائارىپىدىكى كاتتا نەتىجىلەرنى كۆرۈش، زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ ئىنتايىن ھاياجانلانغانىدۇق. يېقىندا ئاۋات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بۇ بازارنىڭ مائارىپى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. دەرۋەقە، بۇ يىل بەشئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئۈچ ئوقۇغۇچى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا، بەشئېرىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىن بەش ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى شىنجاڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ. بەشئېرىق بازىرىنىڭ مائارىپى بۇلتۇرقى كاتتا نەتىجىلەر ئاساسىدا يەنىمۇ زور يۈكسىلىشكە ئېرىشىپتۇ. بازاردىكى 19 ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىدە بۇ يىل يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولۇپتۇ. بەشئېرىق بازىرى ناھىيە بويىچە مائارىپنى قوللاش، مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى ئىلغار بازارنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپتۇ. بازارلىق مائارىپ ئىشخانىسى يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئاۋات ناھىيىسىنىڭ مائارىپ سىستېمىسى بويىچە مائارىپ خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن، مەمۇرىيەتنى نىشانلىق باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئو-

رۇن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئوقۇ-
غۇچى ماڭدۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن، شۇنداقلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى،
ئىتتىپاق، پىئونېرلار خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، دېگەن شەرەپلەرگە
ئېرىشىپتۇ. بازارلىق مائارىپ پارتىيە باش ياچېيكىسى ناھىيىلىك پارت-
كوم تەرىپىدىن ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ تەق-
دىرلىنىپتۇ. بەشئېرىق بازىرىنىڭ مائارىپىدىكى يېڭىلىقلار، بۇ يەردىكى
كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ مائارىپنى سۆيۈش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش
قىزغىنلىقى بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. بازارلىق مائارىپ ئىشخانى-
سىنىڭ مۇدىرى توخسۇن تۇنىياز بىزنى مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ باغچا
تۇسىگە كىرگەن چىرايلىق قورۇسىغا باشلاپ كىردى. بىر مو كۆلەم-
دىكى بۇ قورۇ گۈل ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرگە پۈركەنگەن بولۇپ، مەي
باغلىغان ئۈزۈم، نەشپۈتلەر كىشىنىڭ يېگۈسىنى كەلتۈرەتتى. بۇ
چىرايلىق مەنزىرە ئارقىلىق بەشئېرىق مائارىپىنىڭ تەرەققىيات كارتى-
نىسىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. توخسۇن تۇنىياز گەپنى ما-
ئارىپنى يۈكسەلدۈرۈش، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈشتىكى ئاساسلىق تەدبىردىن باشلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ھازىر با-
زىرىمىزنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا 389 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ
خىزمەتچى بار. بىز ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە
ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھ-
مىيەت بەردۇق. ھازىر ئومۇمىي ئوقۇتقۇچى ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تو-
لۇق كۇرس سەۋىيىسىدىكىلەر 37 نەپەرگە، مەخسۇس كۇرس سەۋى-
يىسىدىكىلەر 134 نەپەرگە، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە
ئىگىلەر 191 نەپەرگە يەتتى. يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە بىز ئۈچ ئوقۇت-
قۇچىنى ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىپ تەربىيىلىدۇق،
34 ئوقۇتقۇچىنى قەشقەر ۋە ئاقسۇدا ئېچىلغان تولۇق كۇرسلارغا ئە-
ۋەتتۇق، 21 ئوقۇتقۇچى ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئاۋاتتا ئاچقان
ماتېماتىكا سىنىپىدا ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈردى. 1999 ـ يىلىدىن
باشلاپ ھازىرغىچە بازىرىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئۈز-
لۈكسىز مائارىپ بويىچە بىر قېتىمدىن تەربىيىلىنىپ بولدى. 180 نەپەر

ئوقۇتقۇچى خەنزۇ تىلى بويىچە تەربىيىلىنىپ، «قوش تىللىق» مائارىپنى يولغا قويۇشقا ئاساس سېلىندى. بىز يەنە ئاپتونوم رايون يولغا قويغان يېڭى دەرسلىك ئىسلاھاتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن 55 ئوقۇتقۇچىنى ئۇرۇمچىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى پۈتۈن بازارغا كېڭەيتتۇق. ھازىر بازىرىمىزدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلاردىن ئالىي ئۇنۋان ئالغانلار تۆت نەپەرگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 71 نەپەرگە، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 238 نەپەرگە يەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى تېزلەتتى.

بەشئېرىق بازىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغان چوڭ بازار بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 220 مىڭ موغا، بۇنىڭدىن تېرىلغۇ كۆلىمى 100 مىڭ 250 موغا يېتىدۇ. بازاردا 33 مىڭ 760 نوپۇس، 27 كەنت، 118 ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى، 19 مەكتەپ ۋە 8000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %23.84 تىنى ئىگىلەيدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەشئېرىق بازىرى مائارىپ خىزمىتىنى ھەقىقەتەن ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇردى. بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول مەسئۇللىرى ئۆزلىرى تۇتۇش، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەرلەر كونكرېت تۇتۇش، تارماقلار ماسلىشىش، كەسپىي خادىملار كەسپىنى تۇتۇشتەك جانلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۇردى. «مائارىپ قانۇنى»، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»، «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نى توغرا ئىجرا قىلدى، ئەمەلىيلەشتۈردى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كادىرلارنى سەپلەش، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلەپ ئەمەلىي ئىش قىلدى. مائارىپ ئىشخانىسى ئوقۇتۇش ۋە «ئىككى ئاساسەن» نىڭ كەسپىي ئارخىپلىرىنى ئىشلەش، ستاتىستىكىلاش خىزمىتىگە، ھەر قايسى كەنتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش خىزمىتى، مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتەپلىرىنى باشقۇرۇش، ساۋات چىقىرىش ئوبيېكتلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش

خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتىكى ھەر قايسى ھالقىلار بويىچە قاتلامموۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، مۇكاپاتلاش، جازالاش تەدبىرىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى يىلدا بىر قېتىم مۇكاپاتلاش ئارقىلىق خىزمەت ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپقا قىلىپ بەرگەن ئەمەلىي ئىشى توغرۇلۇق توختالغاندا توخسۇن تۇنىياز مۇنداق دېدى: بازار مائارىپىغا ئايانماي مەبلەغ سالدى. قىيىنچىلىق ئېغىر بولسىمۇ مائارىپنى ئۇنتۇپ قالمىدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان جەمئىي 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ مەكتەپ شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ بەردى. ھەر يىلى ئومۇمىي مالىيە كىرىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى مائارىپقا ئىشلەتتى...

ئوقۇتقۇچىلار ئادەم تەربىيەلەش، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى خاتىرجەم خىزمەت قىلىش شارائىتىغا ئىگە قىلىش كېرەك. بەشئېرىق بازىرى مۇشۇ خىل ئىدىيە ۋە ئىرادىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى. يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ ئۆي قىيىنچىلىقى ئېغىر 54 ئوقۇتقۇچىغا بىر تۇتاش ئۆي سېلىپ بەردى. 47 ئوقۇتقۇچىغا ئۆزى تۇرۇشلۇق كەنت ـ گۇرۇپپىدىن ئۆي ئورنى ھەل قىلىپ بەردى. ھەر قايسى كەنتلەر مەكتەپ مەيدانىنى كۆتۈرۈپ بەردى، مەكتەپلەرگە ياغاچ ـ تاش، ئوتۇن ـ كۆمۈر ھەل قىلىپ بەردى. مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش تەجرىبە بازىسى ئەسلىدە 474 مو بولۇپ، ئۆلچەمگە يەتمەيتتى. بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت بۇ مەسىلىنى جىددىي ئويلىشىپ مەكتەپلەرگە يەنە 114 مو يەر ھەل قىلىپ، بىر قىسىم ئەمگەك بازىلىرىنى تولۇقلاپ ئۆلچەمگە يەتكۈزدى. ھازىر ھەر بىر سىنىپقا توغرا كەلگەن ئەمگەك بازىسى 2.8 موغا يەتتى. 2003 ـ يىلى كەنتلەرنىڭ مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئاجراتقان پۇلى 101 مىڭ يۈەندىن، مەكتەپلەرنىڭ ئۈچ يىلدا تىرىش-

چانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىراجىتىدىن مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئاجراتقىنى 3 مىليون 155 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. پەقەت 2003 ـ يىلى بىر يىلدا بازار بويىچە مائارىپقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 2 مىليون 734 مىڭ 473 يۈەنگە يەتتى. بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «سەككىز يۈرۈشلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشى تولۇق ئەمەلىيلەشتى. ئىككى ئوقۇغۇچى بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇش، بىر ئوقۇتقۇچى بىردىن ئىش ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ ئىش بېجىرىش نىشانى رېئاللىققا ئايلاندى.

مەكتەپ مۇدىرلىرىنى رىقابەتلەشتۈرۈپ ئىش ئورنىغا چىقىرىش، قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇش ـ بەشئېرىق بازىرى كۆچەپ تۇتقان خىزمەتلەرنىڭ بىرى. بازار مەكتەپ خىزمىتىنى جانلاندۇرۇشتا قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلدى. ئىلمىي مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك تەكلىپ بىلەن ئىش ئورنىغا چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى ياخشىلاندى. كونا، قالاق، ئەنئەنىۋى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلاندى. ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش مائارىپى سۈپەت مائارىپىغا يۈزلەندى. مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇش تۈزۈمى بارلىققا كەلدى. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپا مائارىپى قارىشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ 54 دانە كومپيۇتېر سېتىۋېلىپ، 150 ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىدى. بۇ مەكتەپ يەنە 1996 ـ يىلدىن باشلاپ تىككۈچىلىك، رېمونتچىلىق، ساتىراشلىق قاتارلىق كەسپىي سىنىپلارنى ئېچىپ، ھازىرغىچە 1700 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ھازىر بازاردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 866 مىڭ 726 يۈەن قىممىتىدە 437 تۈرلۈك تەجرىبە ئۈسكۈنىسى سەپلەندى. مەكتەپلەر بۇ خىل تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تەجرىبىلىك ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچتى، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

بەشئېرىق بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى توققۇز يىللىق

مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى باشتىن ـ ئاخىر گەۋدىلىك ئورۇنغا قويىدى. ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مەكتەپكە كىرىشىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلدى. ئائىلە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى خاتىرجەم ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، كەنتلەر ئۆلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەمگىكىنى، مەكتەپ كىتاب ـ ماتېرىيال پۇلى ۋە پارچە خىراجەتلىرىنى كۆتۈرۈۋەتتى. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئۆلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى ھەل قىلىپ بەردى. پۈتكۈل جەمئىيەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلدى، بۇنىڭ بىلەن بەشئېرىق بازىرىنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش دەرىجىسى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90.28% كە، باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ تاماملىنىش نىسبىتى 99.88% كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مائارىپىنىڭ تاماملىنىش نىسبىتى 98.68% كە يەتتى. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى 0% ئىچىدە تىزگىنلەندى.

بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاساس مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى خىزمىتىگە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلدى. دېھقان ـ چارۋىچىلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بازار ۋە كەنتلەر مائارىپ ئىشخانىسى بىلەن، مائارىپ ئىشخانىسى مەكتەپلەر بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، ساۋات چىقىرىش ئوبيېكتلىرىنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەپ، ئۈچ يىلدا ئەمگەكچىلەرنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتىنى 99.48% كە يەتكۈزدى. بازار دېھقانچىلىق مەدەنىيەت ـ تېخنىكا مەكتىپىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، ئۈچ يىلدىن بۇيان 14 مىڭ 380 نەپەر دېھقان ـ چارۋىچى ئەسقاتىدىغان تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەندى. ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يەن ـ تېخنىكا بويىچە تەربىيىلىنىش نىسبىتى 93.8% كە يەتتى. بۇ ئارقىلىق بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق ئەمگەك ماھىرلىرى يېتىشىپ

چىقتى. بەشئېرىق بازىرى، جۈملىدىن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ «ئىككى ئا-ساسەن» خىزمىتى بويىچە شىنجاڭ بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشتى. بۇ نە-تىجىلەر ناھىيە ۋە بەشئېرىق بازىرىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى، بولۇپمۇ كەڭ مائارىپچىلارنى چەكسىز ئىلھاملاندۇردى.

بەشئېرىق بازىرى مائارىپنى تۇتۇشتا بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى؟ بۇ ھەقتە مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى توخسۇن تۇنىياز مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن بىز مائارىپ ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قى-لىپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بەشئېرىق مائارىپىنى ئاۋات ناھىيىسى، جۈملىدىن ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىمىز.

«مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈمىدى مائارىپتا، مائارىپنى گۈل-لەندۈرۈشنىڭ ئۈمىدى ئوقۇتقۇچىلاردا». بەشئېرىق بازىرى بۇ خىل ئىستراتېگىيىدە چىڭ تۇرۇپ، تونۇشنى ،تەدبىرنى، سېلىنمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مائارىپ خىزمىتىدە تىللاردا داستان بولغۇدەك پارلاق نەتىجىگە ئېرىشتى. بىز بەشئېرىق بازىرىنىڭ نەتىجىنى قەدىرلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، مەكتەپ شارائىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە سۈ-پىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، بەشئېرىق بازىرىنىڭ مائارىپىدا يەنىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغاكەلتۈرۈشكە تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

2004 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئاۋات

# ئەۋلادلارغا ئاشىق قەلب

غايە قۇتۇپ يۇلتۇزىدۇر. ئۇنىڭسىز ئېنىق بىر يولنى تېپىش قىيىن، ئېنىق يول بولمىسا، ھاياتمۇ بولمايدۇ.

ئەۋلادلار ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى باسقۇچىلار، كەلگۈسىنى ياراتقۇچىلار، دۇنيانى گۈل ـ چېچەككە پۈركىگۈچىلەر. شۇڭا ئۇلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەشكە كۆڭۈل بۆلۈش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن غېنى ئابلەت ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان 20 يىلدىن بۇيان، بارلىقىنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە سەرپ قىلىپ، سانىسىزلىغان كىشىنىڭ قەلبىگە مەرىپەت ئۇرۇقى سالدى. ئاددىي خىزمەت ئورنىدا مول نەتىجە يارىتىپ، تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشتى. ئۇ كەلپىن ناھىيىسى ھەم ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر باغۋەن»، «ئىلغار ئوقۇتقۇچى»، «مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى» بولۇپ تەقدىرلەندى. 2002 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان رىقابەتلىشىپ مەكتەپ مۇدىرلىقىنى تاللىشىش ئىمتىھانىدا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ، شەرەپ بىلەن كەلپىن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

ئوقۇتقۇچىلىق ـ شەرەپلىك خىزمەت. غېنى ئابلەت كىچىك چېغىدىلا ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. 1982 ـ يىلى كەلپىن دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. خۇشلۇق ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. شۇڭا ئۇ تىرىشىپ ئىشلىدى. ئۇ «مەن مائارىپنى سۆيىمەن، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى سۆيىمەن، ئوقۇتقۇچىلىقنى جېنىمدىنمۇ ئارتۇق كۆرىمەن» دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرۈپ باقمىدى. ئەينى يىللاردا كۆپلىگەن ئىدارە غېنى ئابلەتكە ئۆز ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ چىقىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ ئىدارىلەر ھەر جەھەتتىن ياخشى ئىدى.

بىراق غېنى ئابلەت ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى كەسكىن رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى-لىق خىزمىتىگە بولغان چوڭقۇر ئەقىدىسىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ھەر قېتىم دەرس مۇنبى-رىگە چىققاندا ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك، پەخىرلىك ھېس قىلاتتى، ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، دەرسنى سىستېمىلىق سۆزلەيتتى، ئوقۇ-غۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى، بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىنەتتى. پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودىدىن، ئوقۇتۇش تەج-رىبىسىدىن ئۆرنەك ئالاتتى. بىر سائەتلىك دەرس ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن ئىزدىنەت-تى. ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم تەربىيە بېرەتتى. ئىلھاملاندۇرۇش، سىنىپ كادىرلىقىغا ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، نۇرغۇن قالاق ئوقۇغۇچىنى ئىلغار ئوقۇ-غۇچىغا ئۆزگەرتىپ چىقتى. ھەر بىر كۆچەت ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن ئەجىر قىلدى. 1992 ـ يىلى مۇھەممەت قاسىم ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى تولۇقسىزنى پۈتتۈرىدىغان يىلى تۇيۇقسىز مەكتەپكە كەلمەس بولۇۋالدى، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ بارا ـ بارا ئار-قىغا چېكىنىپ كەتتى. بۇ ئىش غېنى ئابلەتنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. ئۇ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈش-تى. مۇھەممەت قاسىمنىڭ مەكتەپكە كەلمەسلىك سەۋەبىنى ئېنىقلىدى. ئەمەلىيەتتە ئائىلە قىيىنچىلىقىدىن باشقا چوڭ سەۋەبمۇ يوق ئىدى. غېنى ئابلەت ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، مۇھەممەت قاسىمنى ئاخىرى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭغا ھەر جە-ھەتتىن ياردەم بەردى. نەتىجىدە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا مۇھەممەت قاسىمنىڭ نەتىجىسى گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتتى ھەمدە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ياخشى نەتىجە-گە ئېرىشىپ، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا باردى. دەرۋەقە ھەر قانداق بىر تەقدىرنىڭ باشلى-نىش نۇقتىسى ھەم سەۋەبى بولىدۇ. بەزىدە كىچىككىنە بىر سەۋەبمۇ كىشىلىك ھايات-قا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇھەممەت ئەيسا ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى دەل تو-لۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان يىلى تۇيۇقسىز مەكتەپكە كەلمىدى. ئۇنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى، ئوقۇش نەتىجىسى يۇقىرى ئىدى. ئۇ نېمىشقا مەكتەپكە كەلمەس بو-لۇۋالدى؟ بۇ ئىش غېنى ئابلەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ ئەتىسىلا ۋېلسىپىتلىق يېزىغا چۈشۈپ، مۇھەممەت ئەيسانىڭ ئائىلىسىگە باردى. ئەسلىدە مۇھەممەت ئەيسا ئۆگەي ئاپىسى بىلەن قېيىدىشىپ قېلىپ، مەكتەپتە ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەنىدى. غېنى ئابلەت مۇھەممەت ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بەردى، ئۇنى داۋاملىق ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈردى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مۇھەممەت ئەيسا

مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كېلىپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. شۇ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىپ، بېيجىڭغا ئوقۇشقا كەتتى. غېنى ئابلەت بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «شۇ چاغدا مۇھەممەت ئەيسا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرمىغان بولسا ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالغان بولاتتى، مەنمۇ ئۆكۈنگەن بولاتتىم». غېنى ئابلەتنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى، ئىنچىكە تەربىيە ئىشلىشى نەتىجىسىدە، شۇ يىلى بىر سىنىپتىكى 33 ئوقۇغۇچىنىڭ 27 نەپىرى ھەر خىل ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىندى. غېنى ئابلەت 20 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا ئۇدا 18 يىل سىنىپ مۇدىرى بولۇپ، سانسىزلىغان كۆچەتنى قولدىن چىقاردى. ئارقىدا قالغان 87 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈپ، يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. غېنى ئابلەت «ئاتا ـ ئانىلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىنى سىنىپ كادىرلىقىغا سەپلەش—ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل، بۇ مەن ئەڭ بەك ئەمەل قىلغان قائىدىنىڭ بىرى» دېدى.

غېنى ئابلەت ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلىگەنسېرى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىڭ ھەقىقەتەن شەرەپلىكلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز بالىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈندى. ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتلەردىن تەڭ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى. ئەمگەك ـ تېخنىكا تەربىيىسى، غايە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىغىچە سىڭدۈردى. كىمنىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولسا، شۇنىڭغا ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم بەردى. ئەل ـ ئاغىنىلىرى رېستوراندا ئويناغان ئاخشاملىرى ئۇ مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلىدى، تاپشۇرۇق تەكشۈردى، ئوقۇتۇشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. نەچچىلىگەن كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىنى، قانچىلىغان شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىنى خىزمەتكە سەرپ قىلغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. سەھەر قوپۇپ، كەچ يېتىش، خىزمەت ۋاقتىنى قەدىرلەش — غېنى ئابلەتنىڭ دائىملىق ھەرىكەت مىزانى بولۇپ كەلدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ھاياتىدا ئۆزىگە ئىزچىل يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويدى. بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاشقا، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە زور كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇغۇچىغا بىر پىيالە سۇ بېرىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىدا بىر چېلەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ سۇ بولۇشى كېرەك». غېنى ئابلەت بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئىلـ

گىرى ـ ئاخىر بولۇپ قۇمۇل پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاچقان ئىشتىن سىرتقى ئوقۇتۇش نۇقتىسىدا ئوقۇپ، تولۇق كۇرس دىپلومى ئالدى. ئۇنىڭ توختىماي ئىزدىنىش روھى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى قايىل قىلدى. تەشكىل ئۇنىڭ نەتىجىسىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە ئۇنى مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى.

غېنى ئابلەت ئۆتكەن يىلى مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ زېھنى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە سەرپ قىلدى. ئۆزىنىڭ شامدەك ئۆچمەس قەلبىنى ئەۋلاد تەربىيىلەشكە بېغىشلىدى. ئىلگىرى ئۆزى ئۆتۈپ كېلىۋاتقان دەرسلەرنى يەنە داۋاملىق ئۆتتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا «سىز مەكتەپنىڭ رەھبىرى تۇرۇپ، بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز ئاسان خوراپ كېتىسىز، ھېچبولمىغاندا سىنىپ مۇدىرلىقىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ» دەپ تەكلىپ بەردى. لېكىن غېنى ئابلەت بۇنداق تەكلىپنى كەسكىن رەت قىلىپ، رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىپ ماڭدى. ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سەپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، مەكتەپ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ جانلىنىشىغا يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى.

غېنى ئابلەت دائىم: كەلپىن نامرات يۇرت. بۇ يەرنىڭ نامراتلىقىنى تۈگىتىشتە مائارىپقا تايىنىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك، دەپ ئويلىدى ھەم بۇ يولدا توختىماي ئەجىر قىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن نۇرغۇن ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۇنىڭ ئەۋلادلارغا ئاشىق قەلبى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتىنى يېڭى مەنىلەرگە ئىگە قىلدى. 2001 ـ يىلى ئۇ مەسئۇل بولغان سىنىپ ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 2002 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى» دېگەن شەرەپنى بەردى. ئۇ ھازىرمۇ ئىجتىمائىي پەن سىنىپىنىڭ مەسئۇللۇقىنى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلمەكتە. بىز غېنى ئابلەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىگە يەنىمۇ زور ئۇتۇق تىلەيمىز.

2003 ـ يىل ئاپرېل، كەلپىن

# ياتۇردىكى مەدەنىيەت ئەلچىسى

ئۇلۇغ نىشاندىن ئۇلۇغ شەخسلەر بارلىققا كېلىدۇ.

مەدەنىيەت — ئىلغارلىقنىڭ، يېڭىلىقنىڭ، تەرەققىياتنىڭ بىر خىل بەلگىسى. ئاممىنى مەدەنىي، ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق بولۇشقا يېتەكلەش ھەر بىر ئادەمنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. لېكىن، بۇ خىل بۇرچ ھەممىلا ئادەمدە بولۇۋەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمدە سۇنماس ئىرادە، تەۋرەنمەس ئەقىدە، يېڭىلمەس شىجائەت ۋە چىدام ـ غەيرەت بولۇشى كېرەك. تۇرسۇن ھوشۇر ئەنە شۇنداق ئىرادە، ئەقىدە، شىجائەت ۋە چىدام ـ غەيرەتكە ئىگە ئادەم. ئۇ 25 يىللىق خىزمەت ھاياتىنى ياتۇر يېزىسىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرۇش، خەلققە مەدەنىيەت، بىلىم تارقىتىش، يېزىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك ئىشىغا سەرپ قىلدى. ياتۇردىكى 15 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى «بىزگە مەدەنىيەت يەتكۈزگۈچى، يېڭىلىق يەتكۈزگۈچى» دېيىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تۇرسۇن ھوشۇرغا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، «دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلەرنى بەردى. تۇرسۇن ھوشۇر يەنە ناھىيە، يېزا تەرىپىدىن 10 نەچچە قېتىم «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ تەقدىرلەندى.

قىزىقىش ۋە ھەۋەس — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى. تۇرسۇن ھوشۇر كىچىككىدىنلا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە ھەۋەس قىلاتتى. بۇ خىل ھەۋەس ئۇنى سۇ كادىرلىقىدىن يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى

سېپىگە باشلاپ كىردى. 1979 ـ يىلى ئۇ باي ناھىيىسىنىڭ ياتۇر يېزىـ
لىق مەدەنىيەت پونكىتىغا مەسئۇل قىلىندى. ئەمەلىيەتتە، ئەينى چاغدىـ
كى مەدەنىيەت پونكىتى مەدەنىيەت ئۆيى بولۇپ، پەقەت 15 كۋادرات
مېتىر كۆلەمدىكى بىر ئېغىزلىق قىرائەتخانىلا ئىدى. ئۇنىڭدا 100 نەچـ
چە كىتابتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. تۇرسۇن ھوشۇر ئىشنى
نۆلدىن باشلىدى. گەرچە، ئۇ پونكىتتا ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ، بىر قاتار
قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ يولغا قويدى. يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت
ۋە باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە زۆرۈر ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ
بېرىش ھەققىدە دوكلات يازدى. خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ،
رەھبەرلىكنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ كىتاب ـ
ماتېرىيال زاپىسىنى كۆپەيتكەندىن كېيىن، يەنە تىكتاك توپ، بىليارت،
شاھمات قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلىدى. يېزا، كەنتلەردە مىللىي
مەشرەپ پائالىيىتى، ناخشا، ئۇسسۇل مۇسابىقىسى، ئارقان تارتىش مۇـ
سابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تەشكىللىدى. كەنت
مەسئۇللىرى بىلەن ئاممىۋى مەدەنىيەتنى جانلاندۇرۇش تەدبىرلىرىنى
بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلدى. بەزى كەنتلەرنىڭ ئارىلىقى يېزا مەركىزىدىن
50 كىلومېتىر كېلەتتى. تۇرسۇن ھوشۇر ئارىلىق يىراق، قاتناش
قۇلايسىز بولغان ئەھۋالدىمۇ دائىم كەنتلەرگە بېرىپ ئاممىۋى مەدەنىيەت
خىزمىتىنىڭ جانلىنىشىغا يېتەكچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىك قىلدى. لېـ
كىن، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق نۇرغۇن ئىشقا كاشىلا بولاتتى. بەزىدە
يېزا مالىيىسىمۇ زۆرۈر خىراجەتلەرنى ئاجرىتىپ بېرەلمەيتتى. تۇرسۇن
ھوشۇر يۇقىرىنىڭ ياردىمىنى كۈتۈپ تۇرماي، قىيىنچىلىق ئىچىدە ئالغا
ئىلگىرىلەش ئىرادىسىگە كەلدى ھەمدە مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى
تولۇقلاش، مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش پرىنسىپى
بويىچە ئىش كۆردى. كونا گېزىت ـ ژۇرناللارنى سېتىش، كىتاب ـ
ماتېرىيال ئارىيەت ئالغانلاردىن بىر مودىن ھەق ئېلىش، سىنئالغۇ قوـ
يۇش، كوچا ئېغىزىدا بىليارت تاختىسى ئېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارـ
قىلىق پۇل تاپتى. بۇ پۇلنى گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش ۋە
مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشكە ئىشلەتتى. مەدەنىيەت

پونكىتىنىڭ ئۈلىنى مۇستەھكەملەش، ئۇسكۇنە ۋە گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب زاپىسىنى كۆپەيتىش ئىشىنى بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۇ قىرائەتخانا ۋە مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيىنى ئايرىپ، ئۇنى كۈندە سىرتقا ئېچىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن كىتاب ـ ماتېرىيال كۆرگۈچىلەر، ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مەدەنىيەت پونكىتىغا سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. تۇرسۇن ھوشۇر كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ئارىيەت ئېلىش خاتىرىسى، كۈندىلىك پائالىيەت خاتىرىسى، پىكىر خاتىرىسى قاتارلىق تۈرلۈك خاتىرىلەرنى ئورناتقاندىن باشقا، ناھىيىدىكى يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ مەدەنىيەت ئارخىپلىرىنى تۇرغۇزۇش، رەتلەش، تۈرگە ئايرىش، ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ياتۇر يېزىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيتىلدى. تۇرسۇن ھوشۇر ناھىيىدە مەخسۇس تەجرىبە تونۇشتۇردى.

يېزا مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى كەنتلەردە، ئامما ئارىسىدا. تۇرسۇن ھوشۇر بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تۇتۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتتى. 1986 ـ يىلىدىن ئىلگىرى بىرمۇ كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى يوق ئىدى. تۇرسۇن ھوشۇر يېزا، كەنت رەھبەرلىرىگە كۆپ قېتىم تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق كەنتلەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ بارلىققا كېلىش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈردى. 1986 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ياتۇر يېزىسىنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىدە مەدەنىيەت ئۆيى، تەنتەربىيە مەيدانى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك يېزىدىكى 16 كەنتنىڭ 13 دە مەدەنىيەت ئۆيى ۋە تەنتەربىيە مەيدانى قۇرۇلۇپ بولدى. ھازىر 13 كەنتنىڭ مەدەنىيەت ئۆيىدىكى كىتاب زاپىسى 4610 پارچىگە، پارتا ـ ئورۇندۇق 78 گە، كىتاب جاھازىسى 27 گە، مۇشتەرى بولغان گېزىت 45 كە، ژۇرنال 62 گە يەتتى. تىك تاك توپ، دامكا، شاھمات، قارتا قاتارلىقلار تولۇقلاندى. ۋاسكېتبول، ۋالىبول مەيدانى ياسالدى. تۇرسۇن ھوشۇر ئامما ئارىسىدىكى گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرى، تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئارخىپىنى تۇر-

غۇزۇپ، ئۇلار بىلەن قەرەللىك ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدى ھەمدە ھەۋەسكارلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشكە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ھەر يىلى يېڭى يىل بايرىمى، نورۇز بايرىمى، ئاياللار بايرىمى، ياشلار بايرىمى، چاغان، قۇربان ھېيت، ئۆكتەبىر بايرىمى قاتارلىق بايرام مەزگىللىرىدە يېزىدا شاھمات، دامكا، تىكتاك توپ، بىليارت، قارىغا ئېتىش، مىللىي مەشرەپ، ئارقان تارتىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇسابىقىسى قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. خەلقمۇ بۇ خىل پائالىيەتلەرگە تەقەززا بولىدىغان بولۇپ قالدى. كەنتلەردە بۇ خىل پائالىيەت تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. پەقەت 2003 ـ يىلى كەنتلەردە 51 قېتىم ۋالىبول مۇسابىقىسى، 24 قېتىم مىللىي مەشرەپ پائالىيىتى، 11 قېتىم ئارقان تارتىشىش مۇسابىقىسى، ئىككى قېتىم چېلىشىش مۇسابىقىسى، ئىككى قېتىم ئات بەيگىسى ۋە ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. كەنتلەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە خىزمىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جانلاندى.

تۇرسۇن ھوشۇر ئاما ئارىسىدىكى تەنھەرىكەت ماھىرلىرىنى تاللاپ ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتۇرۇپ، كۆپ خىل تۈردە كۆپ قېتىم ئەلا نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى، يېزا ئۈچۈن زور شان ـ شەرەپلەرنى ئېلىپ كەلدى. ھازىر مەدەنىيەت پونكىتى ھەر خىل تەقدىرنامىلار بىلەن توشۇپ كەتتى.

تۇرسۇن ھوشۇر بارغانلا يېرىدە مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىدى. كىشىلەرنى مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇشقا، بىلىم ئىگىلەپ، نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن قول ئۈزۈشكە ئۈندىدى. يېڭىلىقنى، تەرەققىياتنى، ئىلغارلىقنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ يېزا رەھبەرلىرىگە قايتا ـ قايتا تەكلىپ بېرىشى ئارقىسىدا ياتۇر يېزىسىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ گۇاڭۋېن گۇرۇپپا باشلىقلىقنى ئۈستىگە ئالغان مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ھەر قايسى كەنتلەردىمۇ بەش كى-

شىدىن تەركىب تاپقان مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مەدەنىيەت خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان يېڭى مەنزىرە شەكىللەندى. بۇلتۇر يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت 170 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ ئىشخانىلىرىنى يېڭىلاپ، ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاپ بەردى. باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىمۇ 6000 يۈەن قىممىتىدە ئۈسكۈنە ياردەم قىلدى. ھازىر بۇ مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە مەركىزىدە 2100 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، بەش خىل گېزىت، توققۇز خىل ژۇرنال ۋە 10 مىڭ يۈەن قىممىتىدە تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىلىرى بار بولدى.

تۇرسۇن ھوشۇر ھازىرغىچە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر ـ ماقالە يازدى. ئۇنىڭ بىر قىسمى «ئاقسۇ گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت سېپىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان قەلبى ئۇنى بۇ سەپتىن ئايرىلغىلى قويمىدى. چۈنكى ئۇ مەڭگۈ مۇشۇ زېمىننىڭ مەدەنىيەت ئەلچىسى، مەدەنىيەت تارقاتقۇچىسى بولۇشقا بەل باغلىغانىدى. دەرۋەقە، تۇرسۇن ھوشۇرنىڭ ياشلىق باھارى ۋە يۈرەك قېنىنى ئۆز خىزمىتىگە بېغىشلاش بەدىلىگە ياتۇرنىڭ نامى چىقتى. مەدەنىيەت پونكىتى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار مەدەنىيەت پونكىتى قاتارىغا ئۆتتى.

2004 ـ يىل ئاپرېل، باي

# دولان دىيارىدا مۇقام ناۋاسى

گۈللەنمەكتە ئىشلىرىڭ ئاۋات دولان دىيارى،
كامال تاپسۇن يەنىمۇ دولان مۇقام باھارى

قاشى قارايىم كېلۇر،
كىرپىك سانارىم كېلۇر.
بېشىغا گۈلنى قىسىپ،
مېنىڭكى يايرىم كېلۇر.
...

بۇ دولان 12 مۇقامىدىكى «دولان ناۋاسى» بىلەن «زىل باياۋان» نىڭ كۈيلىرى ئىدى. بىر ـ بىرىدىن روھلۇق، بىر ـ بىرىدىن تېتىك مۇقامچىلارنىڭ ئاۋازى رېپىتىس زالىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. قالۇن، دولان راۋابى، دولان غېجىكى، دولان دېپىدىن چىققان مۇڭلۇق سادا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى. مۇقامغا تەڭكەش ئوينىغان ئۇسسۇلچىلارنىڭ چەبدەس ئۇسسۇلى دولان مۇقام كۈيلىرىنى تېخىمۇ ئەۋجگە چىقاردى. چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق سانجىغان بۇ مۇقامچىلارنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىدىن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ دولان 12 مۇقامىنى قېزىش، رەتلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى. بۇ مۇقامچىلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ چېلىش، ئېيتىش، ئويناش ماھارىتى كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايتتى. دولان مۇقامىنىڭ يېقىملىق مېلودىيىسى دولانلىقلارنىڭ باتۇرلۇقى، ئەقىل ـ پاراستى، قىزغىن،

ئىشچانلىقنى نامايان قىلىپ بېرەتتى.

قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم، سىياھ بىلەن سۆز،
ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك سوقتۇم، لەھىل بىلەن كۆز.
ئالتۇن بىلەن سوققان ئۈزۈك بىلەكىڭىزدە،
كاككۇك بولۇپ سايرىۋالاي يۈرەكىڭىزدە.

...

بىز بۇ مۇقام كۈيلىرىنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلاندۇق. مۇقام مەشرەپلىرىنى كۆرۈپ ھاياجانلاندۇق. گۈزەل كۈي ـ نەغمىلەر قەلبىمىزنى ئەسىر قىلدى. بۇ كۆرۈنۈشنى مۇخبىر 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ رېپىتىس زالىدا كۆردى. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى، پېشقەدەم مۇقامچى ئېبزىز ئابلىز مۇنداق دېدى: 2000 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بىز مانا مۇشۇنداق مەشىق قىلىۋاتىمىز. مۇقامچىلىرىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن، قىزغىنلىقى يۇقىرى. دولان مۇقام ئەلنەغمە سەنئەت ئۆمىكىمىزدىكى مۇقامچىلار پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ كەلدى. شۇڭا ئۆمىكىمىز كۆپ شەرەپلەرنى قۇچتى. ھازىر مۇقامچىلارنى قاچان چاقىرتساق شۇ ھامان كېلىدۇ. تاماق، ياتاقنى ھۆكۈمەت ھەقسىز تەمىنلەيدۇ. نۆۋەتتە ناھىيىمىزنىڭ دولان مۇقام، مەشرەپلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

دەرۋەقە، مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا ئاۋات ناھىيىسى دولان مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلدى. خەلق ئارىسىدىكى مۇقامچىلار، ئەلنەغمىچىلەرنى قېزىپ، تەشكىللەپ، دولان 12 مۇقامىنىڭ گۈزەل باھارىنى ياراتتى. 2000 ـ يىلى ناھىيە خەلق ئارىسىدىكى 23 ئەلنەغمىچىنى ئىككى ئاي تۆۋەنگە ئەۋەتىپ، دولان مۇقاملىرىنى كەڭ كۆلەمدە قېزىش ۋە رەتلەش ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دولان مۇقام، مەشرەپلىرى يىلمۇ يىل جانلاندى، مۇكەممەللەشتى. بەلگىلىك كۆلەمگە، تەسىرگە، نوپۇزغا ئىگە بولۇشقا باشلىدى. دولان 12 مۇقا-

مى، دولان مەشرەپلىرى، دولان ساغلاملىق گىمناستىكىسى، دولان گۈزەللىك گىمناستىكىسى دولان مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. دولانلىقلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تالانتىنى جۇلالاندۇردى. 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ناھىيە تۇنجى نۆۋەتلىك دولان مۇقاملىرى ساغلاملىق گىمناستىكىسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 50 نەچچە ئىدارە ـ ئورگان، ھەر قايسى يېزا ـ بازارلار كوماندا تەشكىللەپ، مۇسابىقىگە قاتناشتى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا مائارىپ سىستېمىسى ساغلاملىق گىمناستىكىسىنى پۈتۈن ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كېڭەيتتى. ناھىيىدىكى ئىدارە ـ ئورگانلار بۇ گىمناستىكىنى ئومۇملاشتۇردى. 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بۇ گىمناستىكا ئاپتونوم رايونلۇق مەھەللە مەدەنىيەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. 2002 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ناھىيە 45 ئەلنەغمىچىنى دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرىنى مەشىق قىلىشقا تەشكىللەپ، ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق دېھقان ـ چارۋىچىلار سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇردى ۋە 1 ـ لىككە ئېرىشتى. ئارقىدىنلا بۇ ئۆمەك ۋىلايەتكە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق كۆرەككە قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. 2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەشرەپ پائالىيىتى «ئەپەندى» مەدەنىيەت مەيدانىدا داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە قاتلاممۇ قاتلام دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. بۇلتۇر 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ئاۋات ناھىيىسى چوڭ تىپتىكى «مەشرەپ» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ يىل 5 ـ ئايدا دولان مۇقامچىلىرى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھرىگە بېرىپ ئويۇن كۆرسەتتى ھەم يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. ھازىر دولان دىيارىنىڭ ھەممىلا يېرىگە مۇقام ناۋاسى، مۇقام ھىدى تاراپ كەتكەندەك قىلاتتى.

قاپقارادۇر قاشىڭىز،
ئونبەشتە باردۇر ياشىڭىز.
ياشىڭىز ئونبەشتە بولسا،
مەن بولاي ئاداشىڭىز.

...

## دولانلىقلار دولان مەشرىپىدىن ئايرىلالماس بولۇپ قالدى

ھازىر ئاۋات ناھىيىسىدە دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرى تېز ئومۇملىششقا قاراپ يۈزلەندى. بولۇپمۇ دولان مەشرەپلىرى ئۆسمۈرلەردىن قېرىلارغىچە، ئەرلەردىن ئاياللارغىچە، دېھقانلاردىن كادىرلارغىچە، ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇلارغىچە، يېزىلاردىن شەھەر ـ بازارلارغىچە، جەمئىيەتتىن مەكتەپلەرگىچە، ئېتىز باشلىرىدىن رېستورانلارغىچە كېڭەيدى. دولان مەشرىپى دولان دىيارىدا يېڭىچە تۈسكە ئىگە كەنت مەدەنىيىتى ۋە ئائىلە مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەنۋەر مۇھەممەت:

ـ مۇشۇ كۈنلەردە نەگىلا بارسا بىر خىل مەشرەپ قىزغىنلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. ھازىر ئاۋاتلىقلار ھەقىقەتەن مەشرەپتىن ئايرىلالماس بولۇپ قالدى، ـ دېدى.

ئەنۋەر مۇھەممەت مەدەنىيەت سېپىدە رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىگەن بەش يىلدىن بۇيان، دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ناھىيىمىزدە مۇقام ئېيتالايدىغان، مەشرەپ ئوينىيالايدىغانلار بەك ئاز ئىدى. ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا، بىز 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ تۆۋەنگە بېرىپ، مۇقامچى، مەشرەپچىلەرنى ئېنىقلىدۇق. دەسلەپتە بەزىلەر ئۆزىنى مەلۇم قىلمىدى. بىزنىڭ ئەلنەغمىچىلەرگە تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغانلىقىمىزدىن، تۈرلۈك ئەمگەك سېلىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلغۇزىدىغانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، نۇرغۇن مۇقامچىلار، مەشرەپ مەستانىلىرى بەس ـ بەستە ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىمىزدە ناھايىتى تېزلا دولان مۇقام ـ مەشرەپچىلىرى قوشۇنى بارلىققا

كەلدى. بىز بۇلارنى تۇركۇمگە بۆلۈپ تەربىيىلىدۇق. ناھىيە ئىچىدىكى 1 ـ، 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بىر قانچە قارار مەخسۇس دولان مەشرىپى كۇرسى ئاچتۇق. غورۇچۆل ۋە بەشئېرىق بازىرىدا تۆت قارار ئەلنەغمىچىلەر كۇرسى ئېچىپ، 200 گە يېقىن دولان مۇقام ۋە مەشرەپ ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن يېزا ـ كەنتلەردە مەشرەپ قىزىپ كەتتى. يېزا ـ بازارلار مەشرەپ، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، توخۇ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى دائىمىي ئىش قاتارىغا كىرگۈزدى ۋە تونۇلغان ئەلنەغمىچى، ئۇسسۇلچىلارنى مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش سىياستىدىن بەھرىمەن قىلدى. 2001 ـ يىلى ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت 80 نەپەر ئەلنەغمىچىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى، 2003 ـ يىلى توققۇز ئەلنەغمىچىنى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن قىلدى، 14 ئەلنەغمىچىگە ئايدا 450 يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى. مۇقامچى، غورۇچۆل بازىرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەلنەغمىچى 66 ياشلىق ئىمىر ئەمەت يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندا، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇ بىڭ 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى ۋە پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۇنىڭغا ئىئانە بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيە خەلقى ئۇنىڭغا 70 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى.

ئەنۋەر مۇھەممەت مۇنداق دېدى: 2003 ـ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ بىز 100 كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيىتى پائالىيىتىنى يولغا قويدۇق. بۇلتۇر ئىشنى بىز ئۆزىمىز باشلاپ، بىر قېتىملىق چاي مەشرىپى پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق. بۇنىڭغا بارلىق يېزا ـ بازار، ئىدارە، ئورگان قاتناشتى. مەشرەپ ئاياغلاشقاندا كېيىنكى قېتىملىق گۈلچاينى ئاۋات بازىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. كېيىنكى ھەپتىسى گۈلچاي باشقا يېزىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ ھەر ھەپتىنىڭ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى بىر ئورۇن ناھىيە بازىرىدىكى «ئەپەندى» مەدەنىيەت مەيدانىدا داغدۇغىلىق

مەشرەپ پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بەزىدە مەشرەپ پائالىيىتىگە 5000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. بۇ پائالىيەت مەشرەپنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ھازىر ھەر ئەتىگىنى نەچچە يۈز كىشى ئۆزلۈكىدىن مەدەنىيەت مەيدانىغا چىقىپ، بەدەن چېنىقتۇرغاچ مەشرەپ ئوينايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارمۇ بار. ھەر كۈنى سەھەردە مەشرەپ ئوينايدىغان 60 نەچچە ياشلىق بىر نەچچە كىشى «ساغلاملىق گىمناستىكىسى بىلەن مەشرەپنى تەڭ ئوينىغاندا، ھەم بەدەن چېنىقتۇرغىلى، ھەم كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن. ئەگەر بىز بىرەر كۈن گىمناستىكا ۋە مەشرەپ ئوينىيالماي قالساق، خۇددى بىر نەرسىمىز كەملىك قىلغاندەك ھېسسىياتقا كېلىدىغان بولۇپ قالدۇق» دېيىشتى.

ئەنۋەر مۇھەممەت مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ئاۋاتلىقلار مەشرەپ ئويناشتىن خىجىل بولاتتى. ھازىر مەشرەپسىز توي، مەشرەپسىز چاي ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بولدى. ئەگەر بىز ھازىر 3 ـ 4 نەغمىچىنى ئېلىۋېلىپ نەگىلا بارساق، شۇ يەردە مەشرەپ قىزىپ كېتىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئاۋاتلىقلار مەشرەپ ئوينىيالماسلىقنى ھازىر بىر خىل كەمچىلىك، دەپ قارايدىغان بولدى.

## دولان مۇقامىنىڭ 6 ـ ئەۋلاد ۋارىسى

مۇقام ساداسى ئىچىدە تۇغۇلۇپ، مۇقام ساداسى ئىچىدە چوڭ بولغان ئابدۇقادىر مۇسا بارلىقىنى دولان مۇقاملىرىنى ساقلاش، قېزىش، رەتلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاتىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن دولان دىيارىدا نۇرغۇن مۇقامچىلار يېتىشىپ چىقتى. مۇقام ئۇنىڭ قېنىغا، جېنىغا ئايلاندى.

دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ دولانلىقلار مەدەنىيەت تارىخىنىڭ جانلىق ئىسپاتى. 1942 ـ يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل بازىرىدىكى دولان كەنتىدە تۇغۇلغان ئابدۇقادىر مۇسا 6 ـ ئەۋلاد مۇقام ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، دولان مۇقامىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە

ئۇلىششغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، خەلق ئارىسىدا «مۇقام ئۇستازى» دېگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

دولان دىيارى دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرىنىڭ پۈتمەس بۇلىقى. ئابدۇقادىر مۇسانىڭ ئاتىسى مۇسا موغال، مۇسا موغالنىڭ ئاتىسى ئەيسا موغال، ئەيسا موغالنىڭ ئاتىسى نايۇپ موغال، نايۇپ موغالنىڭ ئاتىسى ئايۇپ موغال، ئايۇپ موغالنىڭ ئاتىسى ئىپلاخۇن موغاللار دولان دىيارىدا مۇقام ئېيتىپ، مەشرەپ ئويناپ، خەلق ئىچىدە نام قالدۇرغان ھەم مۇقاملارنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئابدۇقادىر مۇسا ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ تەسىرى بىلەن كىچىكىدىنلا مۇقامغا ئىشتىياق باغلىغان ھەم مۇقام ئېيتىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويماي، ئۇنى خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقۇزغان.

ئابدۇقادىر مۇسا دولان مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا، مۇقامنى قېزىش، بېيىتىشقا ئەھمىيەت بەردى. 1978 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۈچ قېتىم ناھىيە تەشكىللىگەن تەتقىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ جەرياندا 224 كۇپلېت قوشاق، 846 مىسرا شېئىر، 107 ئاھاڭنى رەتلەپ بېكىتتى ھەم 12 مۇقامنى تولۇق قېزىش، رەتكە تۇرغۇزۇش جەھەتتە كۆپ ئىزدەندى. 2001 ـ يىلىدىن ئىلگىرى خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان دولان مۇقاملىرى 7 ـ 8 خىلغا يېتەتتى. ئابدۇقادىر مۇسا خەلق ئارىسىغا يەنىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، دولان مۇقاملىرىنى چوڭقۇر قازدى. مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، بەزى ئاھاڭلارغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، بەزىلىرىنى دولان كۈيلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىپ بېيىتتى. 1998 ـ يىلغا كەلگەندە، دولان مۇقاملىرىدىن 11، 12 نى ئېيتالايدىغان سەۋىيىنى ياراتتى. 2001 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يېقىندىن قوللىشى بىلەن، تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، دولان 12 مۇقامنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ لېنتىغا ئېلىپ چىقتى ھەم ئارقا ـ ئارقىدىن كۇرس ئېچىپ، نەچچە يۈز مۇقامچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. (1) باش باياۋان (2) بوم باياۋان (3) سىم باياۋان (4) ئەرزىئال باياۋان (5) موغال باياۋان (6)ساموك با-

ياۋان (7) جۇلا باياۋان (8) چۆل باياۋان (9) دولامەت باياۋان (10) بوزورىك باياۋان (11) زىل باياۋان (12) دولان ناۋاسىدىن ئىبارەت دولان 12 مۇقامى ھازىر ئاۋات خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالدى. نۇرغۇن مۇقام ۋارىسلىرى بارلىققا كەلدى.

قالۇن دولان مۇقامى ئورۇنداشتا كەم بولسا بولمايدىغان چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قالۇن ئاۋاتتا يوقىلىپ كەتكەنىدى. بىراق، ئابدۇقادىر مۇسانىڭ ئۆيىدە ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان بىر قالۇن ساقلىنىپ قالغان. ئابدۇقادىر مۇسا بۇ «تەۋەررۈك» نى ئەتىۋارلاپ كەلدى ھەم يۇقىرى ماھارەت بىلەن قالۇن چالالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈردى، شۇنداقلا ئىككى ئوغلىغا قالۇن چېلىشنى ئۆگەتتى. ھازىر ناھىيە بويىچە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىدىن باشقا ھېچكىم قالۇن چالالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە 5 قالۇن، 7 دولان راۋابى، 3 چاڭ، 4 داپ ۋە مىللىي راۋاب، ئۆزبېك راۋابى، ئىسكىرىپكا، دولان غېجىكى، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلار بار ئىكەن. ئۆيگە بىر قېتىمدا 20 نەچچە ئادەم كىرسىمۇ بىمالال ساز چېلىپ، مۇقام ئېيتالايدىغان شارائىت بار ئىكەن.

40 نەچچە يىللىق ھاياتىنى سەنئەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئابدۇقادىر مۇسا ناھىيە ئىچىدىلا شاگىرت تەربىيىلەپ قالماي، بەلكى سىرتقى جايلاردىمۇ نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىدى. يېقىنقى ئىككى يىل جەريانىدا، ئۇدا ئىككى قېتىم ئاقسۇ مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەكتىپىگە دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىندى. بىر نەچچە ئايدا ئۇ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىغا دولان ئۇسسۇلى، دولان مۇقامى، قالۇن ۋە دولان راۋابى ئۆگەتتى. 1974 ـ يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇ 300 دىن ئارتۇق كىشىگە مۇقام، ساز ئۆگەتتى. 2000 دىن ئارتۇق ئۇسسۇلچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۈچ ئوغلىنى سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇتتى. ھازىر ئوغۇللىرى ئاقسۇ ۋە ئاۋاتنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدە ئۆز كارامىتىنى نامايان قىلماقتا.

63 ياشلىق مۇقام ئۇستازى ئابدۇقادىر مۇسا مۇنداق دېدى: ئاكام مۇھەممەت مۇسا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە، مەن ئاۋات

ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن. مەن كېيىن ئالمىشىپ كەت-
تىم. بىراق دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىنى بىر
كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدىم. ھازىر پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ماڭا
كۆپ شان ـ شەرەپلەرنى بەردى. مەن ئاخىرقى تىنىقىم قالغۇچە دولان
مۇقاملىرى، مەشرەپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىمەن.

ئابدۇقادىر مۇسا ئاۋات ناھىيىلىك دولان ئەلنەغمىچىلەر سەنئەت
ئۆمىكىگە قاتناشقاندىن بۇيان، يەنە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى
ھەم يۈكسەك ئىلغىرلىقنى كۆتۈرۈپ كەلدى. 2003 ـ يىلىدىن بۇيان، بۇ
ئۆمەك ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنى-
شىپ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ يىل 5 ـ ئايدا جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇ-
شى شەھىرىگە بېرىپ ئويۇن كۆرسىتىپ، ياخشى باھاغا مۇيەسسەر بولدى.
ناھىيە ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئابدۇقادىر مۇسانىڭ تالان-
تى ۋە تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. ياپونىيە، شياڭگاڭ، بېيجىڭدىن
كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلدى. بىز
ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئۇتۇق، تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز.

2005 ـ يىل ئىيۇل، ئاۋات

*كىچىكىدىنلا دوختۇرلۇق كەسپىگە ئىشتىياق باغلىغان ئابلىز ئابدۇۋېلى ئۆز ئارزۇسىغا يەتكەندىن كېيىن، قېيىردىن ئىبارەت بۇ چەت، نامرات، تاغلىق يېزىدا ئۇدا 18 يىل ئۈن ـ تىنسىز ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ سانسىزلىغان كېسەلنى داۋالىدى، نەچچە مىڭ كىشىگە يېڭى ھايات، ئۈمىد ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلدى، قېيىر خەلقى ئۇنى شاپائەتچىمىز، ھاياتلىق ئۈمىدىمىز، دەپ تەرىپلەشتى.*

# قېيىر خەلقىگە تەلپۈنگەن يۈرەك

دوختۇرلۇق ئۇلۇغ كەسپ. چۈنكى، دوختۇر كېسەل داۋالاپ، ئادەم قۇتقۇزىدۇ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدۇ. بۇ دوختۇرلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك زۆرۈر شەرت. ئابلىز ئابدۇۋېلى دەل شۇنداق شەرتنى ھازىرلىغان يېزا دوختۇرى. 18 يىل جەريانىدا ئۇ يۇقىرى داۋالاش تېخنىكىسى، كۆيۈمچان، كەمتەر خىسلىتى، ھېرىش ـ چارچاشتىن باش تارتماس روھى ئارقىلىق، قېيىر خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. كىشىلەر ئۇنى بىزنىڭ كۆيۈمچان دوختۇرىمىز، دېيىشتى.

ئابلىز ئابدۇۋېلى 1964 ـ يىل 4 ـ ئايدا قېيىر يېزىسىنىڭ قازانچى كەنتىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىنلا ئۇ دوختۇرلۇق كەسپىگە ئىشتىياق باغلىغانىدى. تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇ داۋالاشقا ئائىت ماتېرىيال، رېتسېپلارنى كۆرسە يىغىپ ساقلايتتى. 1983 ـ يىلى ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتى. ئۆز ئارزۇسىنى تولدۇرىدىغان جەدۋەلنىڭ

بىرىنچىسىگە ئۇ تېببىي ساھەدىكى مەكتەپلەرنى يازغانىدى. ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئىمتىھان نومۇرى يامان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ نومۇرى تۆۋەن بەزى ساۋاقداشلىرى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ماڭدى. بىراق ئابلىزغا چاقىرىق قەغىزى كەلمىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ھار كەلدى، ئازابلاندى. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى. 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مەلۇم بىر كۈنى بىر ياغاچ بېسىلغان قارا ماشىنىنىڭ شوپۇرى تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر كونۋېرتنى بەردى. كونۋېرتتىكىسى ئاقسۇ تېببىي مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزى ئىدى. قېيىرنىڭ قاتنىشى قولايسىز بولغاچقا، بۇ چاقىرىق قەغىزى ئۈچ ئايغىچىلىك بېسىلىپ قالغانىدى. ئابلىز ئابدۇۋېلىغا قايتىدىن جان كىردى. ئۇنىڭ بېشى كۆككە تاقاشتى. ئۇ خۇشاللىقىدىن شۇ كېچىسى قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. ئۇ ئاقسۇ تېببىي مەكتەپكە كەلگەندە بىرمەۋسۇم ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. مەكتەپ ۋە سىنىپ مەسئۇللىرى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ئابلىز ئابدۇۋېلى مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلگىرى ئۆتۈلۈپ بولغان دەرسلەرنى ئىگىلىدى ۋە تېزلا ساۋاقداشلىرىغا يېتىشىۋالدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئادەم ئىسكىلىتىنى قولىغا ئالغاندا ھەم قورقتى ھەم ھاياجانلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ دوختۇر بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەندە قەلبىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق ئەۋج ئۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي بىلىملەرنى بېرىلىپ ئۆگەندى. ياخشى دوختۇر بولۇش يولىدا تىنىمسىز ئىزدەندى. ئاخىرقى يىلى ئۇ باي ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش پراكتىكىسىغا قاتناشتى. بىر يىل جەريانىدا ئۇ بۇ دوختۇرخانىنىڭ ھەممە بۆلۈمىدە ئىشلىدى. بەزى كېچىلىرى رەسمىي دوختۇر قاتارىدا دىجورنىلىق قىلدى. ئۇنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى، تىرىشچانلىقى دوختۇرخانا ۋە ھەر قايسى بۆلۈم مەسئۇللىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دوختۇرخانا

رەھبەرلىكى ئۇنى بۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ ئىشلەشكە دالالەت قىلدى. بىراق، ئابلىز ئابدۇۋېلى قېيىرنى ئويلىدى، قېيىردىكى ئاممىنى ئويلىدى. چۈنكى، قېيىر خەلقى دوختۇرغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى...

قېيىر دەرۋەقە قاتنىشى ئىنتايىن قۇلايسىز، چەت، تاغلىق يېزا بولۇپ، باي ناھىيىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 150 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. يوللىرى ئېگىز ـ پەس، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بۇ يېزىغا بىر قېتىم بېرىپ ـ كېلىش تولىمۇ تەسكە توختايتتى. ھەتتا بۇ يەردە تېلېفونمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، بۇ يېزىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئاغرىپ قالغاندا يېزىلىق دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشتىن باشقا ئامال قىلالمايتتى.

يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش شارائىتى، داۋالاش مۇھىتى ناچار، دوختۇر كۈچى ئاجىز ئىدى. ئابلىز ئابدۇۋېلى دەل مۇشۇنداق چاغدا قېيىرغا كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ئىشلىرىغا يېڭى كۈچ قوشۇلدى. مەخسۇس مەكتەپتە ئوقۇغان بىرمۇ دوختۇر يوق بۇ دوختۇرخانىدا ئابلىز ھەممە ئىشقا قول سالدى. بارلىق كېسەلنى داۋالاشقا قاتناشتى. ئابلىز ئىشقا چۈشۈپ ئۇزاق ئۆتمىگەن بىر كۈنى ئۇرۇقچىلىق ئەترىتىدىكى ئابلا نەمەت ھاسراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە ئابلىزنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان كەچ كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى ئوغلىنىڭ خەتنىسىنى يەرلىك خەتنىچىلەرگە قىلدۇرغان بولۇپ، بىرسىنىڭ خەتنىلىكى قاناپ قان توختىمىغانىدى. ئابلىز دەرھال ئابلا نەمەتنىڭ ئۆيىگە باردى. بالىنىڭ خەتنىلىكىدىكى قان تامچىلاپ ئېقىۋاتاتتى. ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى. ئابلىز بالىنى تېزدىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى. ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ باقتى، ھېچقايسىسى كار قىلمىدى. ئاخىرى ئۇ قان تومۇرنى بوغۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاڭ ئاتقاندا قاننى توختاتتى ۋە زۆرۈر داۋالاش تەدبىرىنى قوللىنىپ، بالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. نۇرغۇن ئادەم بۇ بالىنى ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئەمما ئابلىز ئۇنى داۋالاپ ساقايتتى. بۇ «مۆجىزە» ئابلىزنىڭ نامىنى چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان يىراق ـ يېقىندىكى خەتنە قىلدۇرغۇچىلار ئابلىزنى ئىزدەيدىغان بول-

دى. قاراغول، مەسبۇلاق قاتارلىق يىراق كەنتلەر ئۇنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلاتتى. ئابلىز ئات ياكى ئېشەككە مىنىپ بېرىپ، شۇ جايدىكى با- لىلارنىڭ خەتنىسىنى قىلدى، ئاممىنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى. بىر نەچ- چە يىلدا ئۇ 3000 دىن ئارتۇق بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىپ، يەرلىك ئۇسۇلدا خەتنە قىلىش تارىخىغا ئاساسەن خاتىمە بەردى.

مەسئۇلىيەتچان دوختۇر بىمارنىڭ ئازابىنى ئۆز ئازابى دەپ بىلە- دۇ، پاسكىنىچىلىقتىن، مەينەتچىلىكتىن قورقمايدۇ. قازانچى كەنت 5 ـ گۇرۇپپىدىكى سۇلايمان ئىمىن ئايالىنى شەخسىي دوختۇرخانىدا داۋالاتقانىدى. دوختۇر دېزىنفېكسىيە قىلمىغان ئىشپىرىس بىلەن ئوكۇل ئۇرغانلىقتىن، ئايالىنىڭ دومبە ۋە يانپاشلىرى يۇقۇملىنىپ كۆپتەك ئىششىپ كەتكەنىدى. ئاغرىق ئازابى ئۇنىڭ جېنىنى ئالماقتا ئىدى. يې- رىم كېچىدە سۇلايمان ئىمىن ئابلىزنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. شېرىن ئۇي- قۇدا ياتقان ئابلىز سۇلايماننىڭ ئۆيىگە باردى، ئەھۋال ھەقىقەتەن خە- تەرلىك ئىدى. ئابلىز ئۇ ئايالنى دوم ياتقۇزۇپ، ئىششىغان يەرنى يار- دى، سېسىق يىرىڭ ئېتىلىپ چىقتى. ھەتتا سۇلايمان ئىمىنمۇ كۆڭلى ئېلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئابلىز يىرىڭنى پوتۇنلەي تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن، يارا ئېغىزىنى تېڭىپ قويدى. ئىككى كۈندە بىر قېتىم بېرىپ تېڭىقنى يەڭگۈشلىدى، ئوكۇل ئۇردى. نەتىجىدە بۇ ئايال بىر نەچچە كۈندە ساقىيىپ كەتتى.

ئەينى چاغدا قېيىردا نۇرغۇن كىشى كېسەلگە سەل قارايتتى. دوختۇردىن ئۆيگە كېلىپ داۋالاپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالاتتى. مە- لۇم بىر كېچىسى ئۇرۇقچىلىق ئەترىتىدىكى بىر ئايال تۇغالماي قىينىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئابلىزنى چاقىرىپ كەلدى. ئابلىز بۇ ئايالنى ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى، دەرھال دوختۇرخانىغا يۆتكەشنى ئېيتتى. لېكىن ئايالنىڭ ئېرى ۋە تۇغقانلىرى ئابلىزنى ئۆز- نىڭ ئۆيىدە ئوپېراتسىيە قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى. ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايتتى. ئابلىز ئاخىرى زۆرۈر ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كې- لىپ، ئايالنى كېچىلەپ ئوپېراتسىيە قىلدى ۋە ئانا ـ بالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. 1988 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كېچىدىكى بىر

ئىش ئابلىز ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىپسىدىن زادى چىقمايدۇ. ئابلىزنىڭ ئايالى تۇنجى قىزىنى تۇغىدىغان چاغدا، دوختۇرخانىغا يەنە بىر قېتىن تۇغۇت كېلىپ قالدى. ئابلىز ئاچچىق تولغاق ئازابىنى تارتىۋاتقان ئايالىنى ئۆيدە تاشلاپ قويۇپ، تۇغۇت ئۆيىگە كىردى ۋە ھېلىقى قېتىن تۇغۇتلۇق ئايالنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، سالامەت تۇغدۇردى. بۇ چاغدا تاڭ ئاتقانىدى. ئۆيىگە كىرسە ئايالىمۇ قىزى نۇرىيەنى ساق ـ سالامەت تۇغۇپ بولغانىدى. ئۇ ئايالىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولدى، ئەمما... 1990 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئابلىزنىڭ ئايالى 2 ـ بالىسى ئادىلجاننى تۇغدى. ئايالى تۇغىدىغان چاغدا ئابلىز يەنە قازانچى 2 ـ گۇرۇپپىسىدىكى ئەكرەم روزىنى داۋالىغىلى ماڭدى. ئەكرەم سىيەلمەي قېينىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ كېچىچە ئەكرەمنى داۋالاش بىلەن بولۇپ كەتتى. تاڭ يورۇغاندا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئايالىمۇ سالامەت يەڭگىگەنىدى. بۇ قېتىممۇ ئابلىز ئايالىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولدى، بىراق...

10 نەچچە يىلدىن بۇيان ئابلىز بىر كۈنمۇ ئارام ئېلىپ باقمىدى، بىر كېچىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىمىدى، قانداق چاغدا كېسەل كەلسە، شۇ ھامان ئۇ «جەڭ» گە ئاتلاندى. 1998 ـ يىلى كۈزدە ئۇ تۇيۇقسىز سوقۇر ئۈچەي كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، باي ۋە ئاقسۇدا داۋالاندى. دوختۇر ئۇنى ئاز دېگەندە ئۈچ ئاي ئارام ئېلىشقا ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي چارۋىچىلىق مەيدان باشلىغۇچ مەكتىپىدە يۇقۇملۇق زۇكام تارقىلىپ كەتتى. ئابلىز ئورنىدىن تۇرۇپ، كېسەل داۋالاشقا قاتناشتى. بىراق، ئۇنىڭ كېسىلى يەنە قوزغالدى. قىزىتمىسى ئۆرلەپ 40 گرادۇسقا چىقتى. ئارام ئالماقتىن باشقا نە چارە؟ بىر كۈنى ئابلىزنىڭ گۈرىنى ئىششىپ، قىزىتمىسى يەنە ئۆرلەپ كەتتى. دەل شۇ كۈنلەردە قېيىر تەمىنلەش كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرى مۇسا ھەسەن يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى بىلەن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. ئائىلىسىدىكىلەر مۇسا ھۇسەننىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەگەر ئابلىز دوختۇر كۆرۈپ باقسا مۇسا ھەسەن چوقۇم تىرىلىپ قالىدۇ» دەپ قارىدى ھەم كېچىدە ئابلىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتتى. ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى خەتەر-

لىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان ئابلىز باشقىلارنىڭ يۆلىشى بىلەن مۇسا ھۈ-
سەننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئابلىز تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، مۇسا
ھۈسەننىڭ راستىنلا تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇ چاغدىلا ئۇ-
نىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسا ھۈسەننىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىشەندى...

ئابلىز ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، قېيىرنىڭ ئۈمىدلىك ئوغلانى-
غا، كۆيۈمچان دوختۇرىغا ئايلاندى. 1992 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شەرەپ
بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى، 1998 ـ يىل 3 ـ
ئايدا دوختۇرخانا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. 2001 ـ يىلى قېيىر يېزى-
لىق سەھىيە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە
ئالدى.

دوختۇرخانا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئابلىز بىر تە-
رەپتىن كېسەل داۋالاشقا قاتنىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن دوختۇرخانىنىڭ
تەرەققىياتىغا كۈچ سەرپ قىلدى. قائىدە ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەش-
تۈرۈپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتتى. مۇكاپاتلاش، جازالاش
تەدبىرىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. كىرىم يوللىرىنى كېڭەيتىپ، چىقىمنى
تېجەپ، دوختۇرخانىنىڭ مالىيە كۈچىنى زورايتتى. ئۇ دوختۇرخانا
باشلىقى بولغاندا دوختۇرخانىنىڭ ھېسابىدا 4000 يۈەن پۇل بار ئىدى.
بىر نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئابلىز 60 مىڭ يۈەن
مەبلەغ سېلىپ، لابوراتورىيە بۆلۈمى، B تىپلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى،
يۈرەك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى، ئوكسىگېن، رېنتىگېن قاتارلىق ئىلغار
ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش شارائىتىنى ياخ-
شىلىدى ھەمدە 24 سائەت دوختۇر بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ،
ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشىگە قۇلايلىق يارىتىپ بەردى. 2000 ـ يى-
لى 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، دوختۇرخانا ئالدىغا
660 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە تىجارەت ئۆيى سالدۇردى. ناھىيىلىك
سەھىيە ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كىچىك ما-
شىنا سېتىۋېلىپ، خەتەرلىك كېسەللەرنى يۆتكەش شارائىتىنى
ھازىرلىدى.

ئابلىز ئابدۇۋېلى تېببىي خادىملارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربى-

يىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ھازىرغىچە تۆت كىشى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇپ كەلدى. 10 ئادەم (قېتىم) ئاقسۇ ۋە بايدا ئېچىلغان تۈرلۈك كۇرسلارغا قاتناشتى. ئۇ يەنە ھەر قايسى كەنتلەردە كەنت دوختۇرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، داۋالاش ئىشلىرىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. يېزا ۋە كەنتلەرنىڭ سەھىيە، داۋالاش مۇلازىمىتى ناھىيىدىكى يېزا ـ بازارلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. تەشكىل ئابلىزنىڭ تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ناھىيىگە يۆتكىلىپ كېلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. بىراق، ئابلىز قېيىر خەلقىنى ئويلاپ، بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ قىزى نۇرىيە ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئايدا تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ، ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتكەنىدى. ئەمما نۇرىيە ناھىيىگە كۆنەلمەي، 12 ـ ئايدا ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ئىشنى ئۇققان نۇرغۇن كىشى «ئەگەر ئابلىز شۇ چاغدا ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەتكەن بولسا، قىزىمۇ ھازىرقىدەك ئوقۇشسىز قالمىغان بولاتتى. ئۇ مۇشۇنداق زور بەدەل تۆلەپ تۇرۇپمۇ ۋايساپ باقمىدى. ئۇنىڭ قەلبى ھەقىقەتەن قېيىرغا تەلپۈنىدىكەن» دېيىشتى.

2004 ـ يىل ماي، باي

# سەككىز يۈلتۈزلۈق شۆجى

يېزا ئاساسىي قاتلامدا ئامىنى قايىل، تەشكىلنى رازى قىلغۇدەك نەتىجە قازىنىش ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن يىل تىرىشىشقا، قان ـ تەر ئاققۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازىرى تۆۋەنكى غوجاباسقاق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مامۇت قۇربان 18 يىللىق شۇجىلىق ھاياتىدا جان ـ دىل بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، كەنت قىياپىتى ۋە ئامىنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئانا زېمىنغا تۆككەن تەرى، سىڭدۈرگەن ئەجرى چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ، ئامىنى قايىل، تەشكىلنى رازى قىلدى. تۆھپىسىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ ئېرىشكەن يۇلتۇز سانىمۇ يىلمۇ يىل كۆپىيىپ باردى. تۆۋەنكى غوجا باسقاق كەنتتە 31 يىل خىزمەت قىلغان بۇ پېشقەدەم كوممۇنىست ئاخىرى «سەككىز يۇلتۇزلۇق شۇجى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. بۇ شەرەپ ئۇنىلا ئەمەس، كەنت خەلقىنىمۇ ھاياجانغا سالدى. ئاما پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، يېڭىلىق يارىتالايدىغان بۇ پاراسەتلىك يولباشچىسىنىڭ شەرىپىنى ئورتاق تەبرىكلەشتى.

«ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ». مامۇت قۇربان كەنت خەلقىنى يېتەكلەش داۋامىدا جاپامۇ تارتتى، راھەتمۇ كۆردى، خۇشاللىقىمۇ ئېرىشتى، ئازابمۇ تارتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر خۇشاللىقىنىڭ ئارقىسىغا بىر ئازاب يوشۇرۇنۇپ كەلدى. 2002 ـ يىلى ئۇ تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن تايلاند، سىنگاپور، مالايسىيا، شياڭ-

گاڭ، ئاۋمېن، گۇاڭجۇ، شېنجېن، جۇ خەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى. غوجاباسقاقتەك ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ چەت، ئەڭ خىلۋەت بىر جايدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر دېھقان ئۈچۈن بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەت، ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق ئىدى. مامۇت قۇربان ھەقىقەتەن خۇشال بولدى. چەت ئەللەردىكى ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات، دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئاجايىپ يېڭىلىقلار ئۇنى ھەيران قالدۇردى. خۇشاللىقى، ھاياجىنى قەلبىگە سىغماي قالدى. ئەمما، خۇشاللىقنىڭ ئارقىسىدىن خاپىلىق ئەگىشىپ كەلدى. سەپەردىن قايتىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، مامۇت قۇربان تۇساتتىن قاتتىق يىقىلىپ چۈشۈپ ئوڭ قولى سۇنۇپ كەتتى، ئۇ بەك بىئارام بولدى. دوختۇر ئۇنى بالنىستتا يېتىشقا بۇيرۇدى. بۇ مەزگىلدە كەنتنىڭ ئىشلىرى بەك ئالدىراش ئىدى. مامۇت قۇربان شۇلارنى ئويلاپ قولىنى تاڭغۇزۇپلا ئۇدۇل يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئاغرىق ئازابى ئۇنى قىينايتتى، ئۇ ئاخشىمى ئوكۇل سالدۇرۇپ، كۈندۈزى خىزمەت قىلدى. بۇنى كۆرگەن كەنت كادىرلىرى «مامۇت شۇجى، ئادەمگە سالامەتلىك مۇھىم، ئالدى بىلەن داۋالىنىسلا، ساقايغاندىن كېيىن ئىشقا چۈشسىلىمۇ بولىدىغۇ» دېيىشتى. بىراق مامۇت قۇربان ئۇنىمىدى. ئۇ 1991 ـ يىلى موتسىكلىتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ قاتتىق زەخىملەنگەن چاغدىمۇ، ئارام ئالغىلى ئۇنىمىغانىدى. ئۇنىڭ خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى كىشىلەرنى يەنە بىر قېتىم تەسىرلەندۈردى.

2005 ـ يىل 1 ـ ئايدا مامۇت قۇربان ناھىيىدىكى تۆھپىكار شۇجىلار قاتارىدا يەنە بىرقېتىم گۇاڭجۇ، شېنجېن، جۇخەي، خەينەن، شىئەن قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بىر ئاي داۋامىدا ئۇنىڭ خۇشاللىقى كۆككە يەتتى. نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. كۆڭلىدە غوجاباسقاقتىكى ئۆزگىرىش بىلەن بۇ جايلاردىكى تەرەققىياتنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى. يۇرتىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن يەنىمۇ كۈچىنىپ ئىشلەشكە، ئامىنى تېخىمۇ بېيىتىشقا ئىرادە باغلىدى. ئۇ ئىچكىرىدىن خۇشال قايتىپ كەلدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ئۇ قايتىپ كېلىپ سەككىز كۈندىن كېيىن قەدىردان ئايالى كېسەل سەۋە-

بىدىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى يەنە غايىب بول-
دى. يۈرىكى ئازاب بىلەن ئۆرتەندى. مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭ ئائىلىسىلا
ئەمەس، پۈتۈن كەنت خەلقى ماتەم ھەم قايغۇغا چۆمدى. سەككىز با-
لىسىنىڭ ئانىسى ۋە 30 نەچچە يىللىق قەدىناس ھەمراھىنىڭ ئۆلۈمى
مامۇت قۇربانغا ھەر قانداق ئىشتىنمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. بىراق، ئۆلگەنىنىڭ
كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ ـ دە، مامۇت قۇربان قايغۇنى كۈچكە
ئايلاندۇردى. خەلقنىڭ ھۆرمىتى، ئۈمىدى ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە جۇش-
قۇنلۇق بېغىشلىدى.

تۆۋەنكى غوجاباساقاق كەنتى 1405 نوپۇس، 405 ئائىلە، بەش
مەھەللە گۇرۇپپىسى، 6726 مو تېرىلغۇ يەرگە ئىگە مەمۇرىي كەنت بو-
لۇپ، بازار مەركىزىدىن 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. مامۇت
قۇربان 1953- يىل 10- ئايدا مانا مۇشۇ كەنتتە تۇغۇلغان ھەم تولۇق-
سىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1975- يىلىدىن باشلاپ كەنت
خىزمىتىگە قاتناشقان. 1986- يىلى پارتىيىگە كىرگەن. 1988 ـ يىلى
بوغالتىرلىقتىن بىراقلا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىن-
لەنگەن.

مامۇت قۇربان ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دې-
دى: مەن شۇجى بولغاندا، كەنت مالىيىسىدە 52 يۈەن نەق پۇل، كول-
لېكتىپقا تەۋە ئىككى دانە كىچىك تراكتور، بىر دانە توپا ئىتتىرىش
ماشىنىسى بار ئىدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم
900 يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. مەھسۇلات، كىرىم ھەقىقەتەن تۆۋەن ئىدى.
شۇ چاغدا پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 70 كىلوگرام، بۇغداينىڭ
360 كىلوگرام، قوناقنىڭ 400 كىلوگرام ئەتراپىدا ئىدى. كەنتىمىز
بازار بويىچە ئوتتۇراھال كەنت ھېسابلىناتتى. مەن شۇجى بولغاندىن
كېيىن، بىرىنچىدىن، تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتىشنى، ئىككىنچىدىن،
يەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى، ئۈچىنچىدىن، كەنت
پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قورغانلىق، يېتەكچىلىك ئورنىنى كۈچەيتىشنى
تۇتتۇم. 1988 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە 1500 مو تېرىلغۇ يەرنى
كۆپەيتتىم. دېھقانلارنى سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ، مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆ-

تۈرۈشكە يېتەكلىدىم.

بىر ئورۇننىڭ تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولۇشى رەھبەرلىككە باغ-لىق. مامۇت قۇربان ئاممىنى باشلاپ بوش يەرلەرنى ئاچتى. ئېتىز ــ ئېرىق شارائىتىنى ياخشىلىدى. كونا باغلارنى ئۆزگەرتتى. يەن ــ تېخ-نىكىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەممە ھالقىسىغا سىڭدۈردى. باقمىچىلىق، ھويلا ــ ئارام ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى. كېۋەز كۆلىمىنى يىلمۇ يىل كۆپەيتتى. سورتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇردى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەنت خىزمىتى جانلىنىشقا، دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپىيىشكە باشلىدى. 1991ـ يىلى كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىق-تىسادىي كىرىمى 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ئۇ 46 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ كەنت ئىشخانىلىرىنى يېڭىلىدى. 1995ـ يىلىغا كەل-گەندە پاختا بىرلىك مەھسۇلاتى 110 كىلوگرامغا، بۇغداينىڭ 485 كى-لوگرامغا، دېھقانلارنىڭ كىرىشى بېشى كىرىمى 1800 يۈەنگە يەتتى. مامۇت قۇربان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قورغانلىق، يادرولۇق ئور-نىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بىر قىسىم ئىقتىدارلىق، مۇنەۋۋەر ياشلارنى پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت كومىتېتى تەركىبىگە كىرگۈزدى ۋە ھەر قايسى مەھەللە گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرىنىمۇ تەرتىپكە سال-دى. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق، ئاۋانگارتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى. ياچېيكىنىڭ تۈرلۈك قائىدە ــ تۈزۈملىرىنى مۇكەم-مەللەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىلىك، تەرتىپلىك يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى ھەم كەنتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى تۈ-زۈپ، ئىقتىسادنى يىلىغا 20% لىك سۈرئەت بىلەن ئاشۇرۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدد-يىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، زېھنىي كۈچىنى تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئاممىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار نىشان ئۈستىگە مۇجەسسەم-لىدى. ئاممىنى بېيىتىشقا پايدىلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق قازدى ۋە شۇ يولدا ئىزدەندى. پاختىچىلىقنى تۈۋرۈك كەسىپ قاتارىدا تۇ-تۇش ئاساسىدا، باغۋەنچىلىك، بورداقچىلىق، ھويلا ــ ئارام ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. قوناق شېخىدىن پايدىلىنىپ سىلوس

ياساش، چارۋا باققان ئائىلىلەرنىڭ سېلىقىنى ئازايتىش، ئۆسۈمسىز قەرز پۇل، ياغاچ ـ تاش، قوتان ئورنى ھەل قىلىپ بېرىش قاتارلىق ئېتىبارلىق سىياسەتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ھەممە ئائىلىدە چارۋا ـ مال بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بىر نەچچە يىل ئىچىدە 102 ئائىلە ئۆلچەملىك ئىسسىق قوتان سالدى. 36 ئائىلە مەخسۇس بورداقچىلىق ئائىلىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. چارۋا قوتان قالدۇقى 3600 تونىدىن ئېشىپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ چارۋىچىلىقتىن قىلغان كىرىمى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 30% تىنى ئىگىلىدى. مامۇت قۇربان 2000 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن دېھقانلارنى تاۋۇز تېرىشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ھەر يىلى 450 مو يەرگە تەكرار تاۋۇز تېرىدى. تاۋۇز يىلمۇ يىل ئوخشاپ، قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچىگىچە سېتىلدى. دېھقانلار تاۋۇزدىنلا 1000 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلدى. مامۇت قۇربان باغۋەنچىلىكنىڭ كىرىم كۆپەيتىش جەھەتتىكى مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ بىر نەچچە يىل ئىچىدە 350 مو يەرگە ياڭاق، 190 مو يەرگە چىلان، 130 مو يەرگە ئۆرۈك كۆچىتى تىكتۈردى. 186 مو كونا باغنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىپ چىقتى.

ياخشى تەدبىردىن نەتىجە بارلىققا كېلىدۇ. ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن كىشىنى خەلق ئۇلۇغلايدۇ. مامۇت قۇربان ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ كەنتكە ھەقىقەتەن چوڭقۇر رىشتە باغلىدى. ئۆزىدىن بەكرەك ئاممىنىڭ غېمىنى يېدى. ئىلگىرى كەنتتە 44 نامرات ئائىلە بار ئىدى. ئۇ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرىنى نامراتلارنى ھۆددىگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈردى ھەم ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن بىر نەچچە نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىپ يېتەكلىدى. 2 ـ گۇرۇپپىدىكى مۇھەممەت قۇربان ئۇدا بىر نەچچە يىل مامۇت قۇرباننىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتى. مامۇت قۇربان ئۆز يېنىدىن 5000 يۈەن چىقىرىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇرۇق، ئوغۇت ئېلىپ بەرگەندىن باشقا، يەرلىرىنى تېرىشىپ بەردى. ئۇنىڭغا يەن ـ تېخنىكا ئۆگەتتى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مۇھەممەت قۇربان ئاخىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ھازىر ئۇ ئىككى كالىسى، 15 قويى ۋە بىر تراكتورى بار خېلى ھاللىق ئائىلىنىڭ بىرى بو-

لۇپ قالدى. 14 ياشلىق قاھار ئىسلام ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغان بالا ئىدى. مامۇت قۇربان 1997 ـ يىلى بۇ بالىنى ئۆيىگە ئەكىلىپ باقتى. ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز بالىسىدەك كۆيۈندى. بەش يىلدىن كېيىن مامۇت قۇربان ئۆز يېنىدىن 7600 يۈەن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئايرىم ئۆي سېلىپ بەردى. مامۇت قۇربان كەنت كادىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كەنتتىن چىقىم قىلىپ بەش نامرات ئائىلىگە ئۆي سالدۇرۇپ بەردى. كەنت تەۋەسىدىكى ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ بەش مو يېرىنىڭ ئەمگىكىنى كۆتۈرۈۋېتىش، 60 ياشتىن ئاشقان پېشقەدەم كەنت كادىرلىرىنى ھەر پەسىلدە بىرقېتىم تۇرمۇش تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلىش، كېسەل ـ ئاغرىقلارنى يوقلاش، ئۆلۈپ كەتكەن پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن 300 يۈەندىن دەپنە پۇلى تارقىتىش قاتارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۈچ پېشقەدەم» لەرنىڭ رەھمىتىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. مائارىپنى قوللاشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ھەر يىلى 5000 يۈەن ئاجرىتىپ، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوتۇن ـ كۆمۈرلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. پارتا ـ ئورۇندۇقلىرى ۋە سىنىپ، ئىشخانىلىرىنى رېمونت قىلدۇردى. مەكتەپ مەيدانىنى قاتتىقلاشتۇرۇپ بەردى. يۇقىرىلاپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۇ كەنت ئىگىلىكىدىكى باغ ۋە يېشىل كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى زورايتتى. كەنت ئىگىلىكى گۈللەنگەندىن كېيىن مامۇت قۇربان 480 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ كەنتكە يىغىن زالى، ئىسكىلات، قىرائەتخانا، داۋالاش ئۆيى، مەدەنىيەت ئۆيى سالدۇردى. ۋالىبول، ۋاسكېتبول مەيدانى ياساتتى. 3000 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب سېتىۋالدى. 82 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ ئائىلىلەرگە توك يەتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ تېخنىكا ئېڭى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. دېھقانلار ئارىسىدا كەنتنى قىزغىن سۆيىدىغان، تېخنىكىدا، كىرىمنى ئاشۇرۇشتا بەسلىشىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 2005 ـ يىلى ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 133 كىلوگرامغا، بۇغداينىڭ 505 كىلوگرامغا يېتىپ، 2004 ـ يىلدىكىدىن

ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 6 كىلوگرام ۋە 3 كىلوگرام ئاشتى. كىشى بېشى-غا توغرا كەلگەن ساپ كىرىممۇ پەيدىنپەي ئۆرلەپ ماڭدى. 2005 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 3360 يۈەنگە يېتىپ، 2004 ـ يىلدىكىدىن 350 يۈەن، 1988 ـ يىلىدىكىدىن 2400 يۈەن ئەتراپىدا ئاشتى. ئەينى چاغدا كوللېكتىپ ھېسابىدىكى 52 يۈەن ھازىر 500 مىڭ يۈەنگە كۆپەيدى. %90 ئائىلىدە موتسىك-لىت، تېلېۋىزور، تېلېفون، چوڭ ـ كىچىك تراكتور بار بولدى. ھەت-تا، بىر قىسىم ئائىلىلەر پىكاپ سېتىۋالدى. 100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 120 سى يېتىشىپ چىقتى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى جەھەتتە كەنت بەشئېرىق بازىرى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. كەنت يەنە ناھىيە، بازار تەرىپىدىن ھەر يىلى ئاز دېگەندىمۇ 15 قېتىم نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىدىغان ئۈلگىلىك كەنتكە ئايلاندى.

2005 ـ يىل دېكابىر، ئاۋات

# چۆللۈكتىكى مەنىلىك كۈنلەر

مەن بۇ جاپاكەش كىشىنى ئاخىرى ئەمگەك مەيدانىدىن تاپتىم.
— مەن سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى ئاڭلاپ كەلدىم، ۋاقتىڭىز بولسا ئازراق پاراڭلاشسام، — دېدىم مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈندىن بېرى بۇ كىشىنى زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇم بارلىقىنى يوشۇرالماي. ئۇ ئىش ئورنىدىن قايتىپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان ھالدا مېنى ئىشخانىسىغا باشلىدى ھەم:
— مېنىڭ گېزىتكە تونۇشتۇرغىدەك تېپىك ئىش ـ ئىزلىرىممۇ يوق، مەن ئاقسۇنىڭ چارۋا ـ مال دوختۇرلۇق ئىشلىرى ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. ئەگەر گېزىتكە تونۇشتۇرماقچى بولسىڭىز مېنىڭ ئەمەس، بەلكى پونكىتىمىزنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇڭ، — دېدى كەمتەرلىك بىلەن.
— سىز بۇ يەردە خىزمەت قىلغىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى تولۇق بىلىۋېلىش ئۈچۈن. ئۇ خۇددى بۇرۇنقى ئاچچىق كۈنلىرىنى ئەسلەۋاتقان ئادەمدەك چوڭقۇر خىيالغا پاتتى ۋە بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرىكى ھاياتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ئاقسۇ شەھىرىدىن بولۇپ، 1966 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ چارۋا ـ مال دوختۇرلۇق سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ، تەشكىلنىڭ تەقسىماتى بويىچە يەكەن ناھىيىسىنىڭ بەشكەن يېزىسىغا تەقسىم قىلىنىپتۇ. ئۇ، بىرىپلا ئامبۇلاتورىيىدە ئىشلىگەن ھەم كېسەل چارۋا قاچان كەلسە شۇ چاغدا داۋالىغان. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەجرىبىلىك چارۋا ـ مال دوختۇرى بولۇپ قالغان، ئۇزۇن ئۆتمەي يۇقۇملۇق، پارازىتلىق ھەم كولىك كېسەللىكلىرى بويىچە يېزا تەۋەسىدىن

17 تېخنىكنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپتۇ. ئۇ 1978 ـ يىلى ئاقسۇغا يۆتكىلىپ كەپتۇ، ياقا يۇرتلاردا 11 يىل ئىشلەپ، تۆھپە يارىتىپ كىشىلەر قەلبىدە چەكسىز تەسىرات قالدۇرغان بۇ كىشى ئاقسۇ شەھەرلىك چارۋا ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ باشلىقى ساۋۇر مامۇر ئىدى.

ساۋۇر مامۇر ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا چۆللۈكتىن كېلەلمىدى. ئۇ كەلگەن يىلىلا ئارقا ـ ئارقىدىن شەھەرگە قاراشلىق ھەر قايسى يېزىلارغا بېرىپ ئاتلارنىڭ ماڭقا كېسىلىنى تەكشۈرۈش، سىيىرلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش بويىچە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپتۇ.

— ئاڭلىسام سىيىرلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش بويىچە جايلاردا نۇرغۇن تېخنىكلارنى تەربىيىلەپسىز، سىز بۇ تېخنىكنى قاچان ئۆگىنىۋالغان؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنى ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىشكە ئۈندەپ. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت خاتىرىسىنى ۋاراقلىغاچ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن 1979 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق سىيىرلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش بويىچە تېخنىك تەربىيىلەش كۇرسىدا قىسقا مۇددەت ئوقۇغاندىن كېيىن، 690 تۇياقتىن ئارتۇق سىيىرنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇردۇم. ئۇ چاغدا سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى تېخى يېڭى تېخنىكا بولغاچقا، كىشىلەر بۇنىڭغا ئانچە ئىشەنمەيتتى. مەن ھەر قايسى يېزا ـ مەيدانلاردا ئۇرۇقلاندۇرغان سىيىرلارنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتى تەدرىجىي ئېشىشقا باشلىدى. 689 تۇياق سىيىردىن 415 تۇياق موزاينى ساق ئالدىم، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ماڭا تولۇق ئىشەنچ قىلىدىغان بولدى. 1978 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچىلىك شەھەر بويىچە توققۇز قېتىم تۈرلۈك كۇرسلار ئېچىلىپ، 284 يالاڭ ئاياغ دوختۇر، تېخنىك تەربىيىلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەن دەرس ئۆتتۈم. 1983 ـ يىلى ۋىلايەت ئاچقان سىيىرلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىكى 45 تېخنىكقا دەرس ئۆتتۈم، ئارقىدىنلا يەنى 1985 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە 46 ئادەمگە سەككىز كۈن، 1986 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قىزىلسۇ ئوبلاستىدا

42 ئادەمگە 10 نەچچە كۈن تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتتۇم. ئاقسۇ شەھەرىگە يۆتكىلىپ كەلگەن سەككىز يىل ئىچىدە تېخنىكلار بىلەن ھەمكارلىشىپ شەھەر بويىچە 24 مىڭ 466 تۇياق سىيىرنى ئۇرۇقلاندۇردۇم. خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللىكلەردىن 1000 نى داۋالاپ ساقايتتىم.

ساۋۇر مامۇر چارۋا ـ مال دوختۇرلۇق ساھەسىدە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشىپتۇ. 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە غۇلجىدا چاقىرىلغان سىيىرلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش بويىچە تېخنىك تەربىيىلەش كۇرسى ئاياغلاشقاندا ئېلىنغان نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي سىناقتا كۇرسقا قاتناشقانلار ئىچىدە 1 ـ لىككە ئېرىشىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ ئاقسۇ شەھەرلىك چارۋا ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ كۆپ كۈنلىرىنى يېزىلاردا ئۆتكۈزۈپتۇ. 1985 ـ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىپتۇ. 1984 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ قوشۇمچە بۇ پونكىتنىڭ ئاساسلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشىپتۇ.

ساۋۇر مامۇر ئۆزىنىڭ خىزمەت خاتىرىسىگە مەنىلىك قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «مەن چۆللەردە ئىشلەپ يۈرگەن دەسلەپكى يىللاردا تەشكىلدىن ئېغىر نارازى بولغانىدىم. 20 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت مېنى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بىر ۋىجدانلىق ئەر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. مېنى ھەقىقىي راھەتنىڭ قەدرىگە يەتكۈزدى. ماھىيەتتە مېنى يىراق يەرگە ئەۋەتىش تەشكىلنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسى ھەم كۆيۈمچانلىقى ئىكەن. مەن چۆللۈكتە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىسام تېخىمۇ يۈكسەك غەيرەت ـ شىجائەتكە تولىمەن. كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. مەن ئۆزۈم توپلىغان تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئاساسەن تېخىمۇ ئىزدىنىپ، ئاخىرقى نەپەسىمگىچىلىك ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ چارۋا ـ مال دوختۇرلۇق ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىمەن.»

1987 ـ يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ

# نامرات يۇرتتىن چىققان باي

مەن ئۇنىڭ قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. كەڭرى ھويلا، قاتار ـ قاتار ئۆيلەر ۋە گۈركىرەپ تۇرغان زاۋۇت ـ ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى مېنى ھەيران قالدۇردى.

ــ بۇ ئۆينىڭ ئورنى ئەسلى زەيلىك، سازلىق، ئېگىز ـ پەس، تاشلاندۇق يەر ئىدى. 1994 ـ يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت كارخانىچىلارنى قوللاش يۈزىسىدىن، بۇ ئورۇننى ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەن، مەن 112 مىڭ يۈەن خەجلەپ، بۇ يەرلەرنى تۈزلەپ، مۇشۇ ھالەتكە ئەكەلدىم، ھازىر ئالتە ئېغىزلىق ئۆيدىن باشقا زاۋۇت ئۆيلىرى، ئىسكىلات قاتارلىقلار بار، ئۆتكەن يىل 5 ـ ئايدا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرۇپ، شۇ يىلى 18 ـ ئىيۇندا ئىشقا كىرىشتۈردۈم، ئىلگىرى قۇرغان ياغ زاۋۇتۇممۇ داۋاملىق مېڭىۋاتىدۇ، ــ دېدى روزى سىدىق ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ. ئۇ مېنى ئۇن، ياغ زاۋۇتلىرىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ زاۋۇت ھەقىقەتەن چوڭ ئىكەن، توك ئۈسكۈنىلىرىمۇ زامانىۋى ئۇسۇلدا ئورنىتىلىپتۇ. بۇ زاۋۇت سائىتىگە 750 كىلوگرام ئۇن تارتىپ چىقىرالايدىكەن. پەقەت ئۆتكەن يىلىلا بۇ زاۋۇت 80 مىڭ يۈەن پايدىغا ئېرىشىپتۇ. ياغ زاۋۇتىدىن ئالغان پايدىسىمۇ 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ يەنە قوناق تارتىش ماشىنىسىمۇ بار ئىكەن.

مەن ئۇنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرگەندە تېخىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلدىم. ئۆينىڭ ئاستى ـ ئۈستى ئىنتايىن نەپىس، زامانىۋى ئۇسۇلدا زىننەتـ

لەنگەن بولۇپ، ئۆينى چۆرىدەپ قويۇلغان يۇمشاق ساپا، شىرە ئۈستىدىكى تېلېفون ۋە باشقا داڭلىق ماركىلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ئۇنىڭ ھەق-قەتەن بېيىغان ئائىلە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

مەن ئويلىدىم، روزى سىدىق قانداق قىلىپ بۇنداق بېيىپ قال-غاندۇ؟ ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى تاپقاندەك مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

دۆڭقىشلاق ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدىكى ئەڭ نامرات كەنتنىڭ بىرى بولۇپ، روزى سىدىقمۇ دەل مۇشۇ نامرات كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن نامرات دېھقانىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ نامراتلىق-تىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىزدەندى. 1983 ـ يىلى ئۆزىنىڭ 5 پۇڭ باغ ئورنىغا كېۋەز تېرىپ، پاختىسىنى 120 يۈەنگە ساتتى. ئۇ بۇ پۇلدىن 20 يۈەن چىقىرىپ كونا ھارۋىسىغا كامىر سېتىۋالدى. ئۇ بۇ ھارۋىنى ئىشقا سېلىپ يۈك توشۇپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق پۇل تېپىشقا باشلىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە ئۇنىڭ پۇلى 2700 يۈەنگە يەتتى. ئۇ بانكىدىن 2000 يۈەن قەرز ئېلىپ، كىچىك تراكتوردىن بىرنى سې-تىۋېلىپ دېھقانلارنىڭ يېرىنى ئاغدۇرۇش، ئۇرۇقنى سېلىپ بېرىش، يۈك توشۇش ئارقىلىق پۇل تېپىپ بىر يىل ئىچىدە بانكا قەرزىنى تۈ-گەتكەندىن باشقا، 12 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. ئۇ تىجارەت قىلىش، بورداقچىلىق ۋە يەر تېرىش ئارقىلىق روناق تاپتى. 1993 ـ يىلى ئى-چىدە ئۇنىڭ سودا ۋە دېھقانچىلىقتىن ئالغان پايدىسىلا 60 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. توغرا سىياسەت روزى سىدىققا بەرىكەت ياغدۇردى. ھازىر ئۇنىڭدىكى نەق پۇل ۋە مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بەشئېرىق يېزىسى، شۇنداقلا ئاۋات ناھىيىسى بويىچە تونۇلغان يەككە ئەمگەكچىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

روزى سىدىق بېيىغاندا ئۆزىنىڭ نامرات ئائىلىدىن، نامرات مە-ھەللىدىن چىققانلىقىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. بەلكى، ئۇ دۆڭقىشلاقتىكى نامراتلارنىڭ ۋاپادار ئادىمى بولۇپ يېتىشىپ چىق-تى. ئۇ ھازىرغىچىلىك دۆلەتكە 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج ۋە باش-قۇرۇش راسخوتى تاپشۇرغاندىن سىرت، ھەر يىلى ئەتىيازدا پۇلى يوق دېھقانلارغا 15 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى، ئې-

شى تۆگەپ كەتكەن دېھقانلارغا 13 توننا ئۇننى ئالدىن بەردى. 5 تون-
نا 700 كىلوگرام ئۇننى ھەقسىز تارتىپ بەردى. يېتىم ــ يېسىر، ئا-
جىز ــ ئورۇقلارنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئۆتكەن يىلى ناھىيىنىڭ مائارىپ
ئىشلىرى ئۈچۈن 1000 يۈەن ئىئانە قىلغاندىن باشقا، ئۆز كەنتىدىكى
22 نامرات ئائىلىگە 200 كىلوگرامدىن كۆمۈر، 1000 كىلوگرام ئۇن
ياردەم قىلدى. بۇ يىل ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەر تەۋرىگەن
رايونلارغا 500 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭ تىجارەتتە قەد كۆتۈرگەن-
دىن تارتىپ ھازىرغىچە باشقىلارغا قىلغان تۈرلۈك ياردىمىنىڭ قىممى-
تى 20 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ زاۋۇت قۇرغاندىن كېيىن تۆت
ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا يىلدا 13 مىڭ يۈەن ئىش ھەق-
قى تارقاتتى.

يۇقىرىقىدەك ساخاۋەتلىك ئىشلار روزى سىدىقنى ئەلگە تونۇت-
تى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئۇنىڭ دۆلەت،
خەلقنى، يۇرتىنى ئۇنتۇماسلىقتەك گۈزەل خىسلىتىنى ماختىدى. يې-
قىندا ئاۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى «ئىلغار يەككە ئەمگەك-
چى» دەپ ئالاھىدە تەقدىرلىدى.

1996 ــ يىل دېكابىر، ئاۋات

## 图书在版编目（CIP）数据

塔里木升起的彩虹：维吾尔文/阿布都沙拉木·阿布力孜著，—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2007.4

ISBN 978—7—5631—2098—7

Ⅰ. 塔… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 新闻—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I253

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 045550 号

责任编辑：阿不里米提·卡德尔

责任校对：克尤木·吐尔逊

塔里木升起的彩虹（2）

# 一不幸女孩的幸福

阿布都沙拉木·阿布力孜 著

---

新疆大学出版社出版

（乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮编：830046）

新华书店经销

乌鲁木齐市隆益达印务有限公司印刷

开本：850×1168 毫米 1/32 11.25 印张

2007 年 4 月第 1 版 2007 年 4 月第 1 次印刷

印数：0001—3000 册

---

ISBN 978—7—5631—2098—7

定价：45.00 元（两册）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ


21.00元

ISBN 978-7-5631-2098-7

9 787563 120987 >

定价:45.00元(两册)